مەمتىمىن ھوشۇر

# يىللار شۇنداق ئۆتكەن

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# يىللار شۇنداق ئۆتكەن

ISBN 7-5371-5263-2

9 787537 152631 >

ISBN7-5371-5263-2
(民文) 定价：14.00 元

مەمتىمىن هوشۇر

# يىللار شۇنداق ئۆتكەن

(بىئوگرافىيىلىك قىسسە)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

**岁月是那样过去的**（维吾尔文）

**买买提明·吾守尔　著**

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　8.5 印张
2005年6月第1版　2005年6月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5263－2　　定价：14.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# يىللار شۇنداق ئۆتكەن

(بىئوگرافىيىلىك قىسسە)

ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورو، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.5
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5263 — 2
سانى: 1—3000
باھاسى: 14.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ياش ۋاقتى



ئۆتكەن ئەسرنىڭ بېشىدا ئىلىدا ئۆتكەن بىر قىسىم چالغۇچىلار



قاسىمجان قەمبىرى 30 ـ يىللاردا



روزى تەمبۇر 30 ـ يىللاردا



1937 - يىل سانايىنەپسە ئەزالىرى



ئەنۋەر ناسىرى



هاسان تەمبۇر



1910 ـ يىل ئەتراپىدا ئىلىدا ئۆتكەن چالغۇچىلار

( ئىككىنچى رەت سولدىن بىرىنچى كىشى كارۇشاك ئاخۇنۇم )



ئابدۇۋەلى جارۇللايوف

( 1984 - يىل )



1935 ـ يىل بىر قىسىم سەنئەتچىلەر
بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئەزالىرى ۋە ئىلىدىكى
مەشھۇر زىيالىيلار

## مۇقەددىمە

يىراق سەپەردىن كېلىۋاتقان يولۇچى ئېگىز بىر تۆپىلىككە يېتىپ چىقىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئارقىسىغا قارىغىنىدا، يىراقلاردا قالغان داللار، ياپيېشىل بوستانلىقلار، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان دەريا سۇلىرى، ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن چىغىر يوللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا تاشلىنىدۇ-دە، شۇنچىۋالا مۇساپىنى بېسىپ تۈگەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. ئەنە شۇ ئۇزۇن سەپەردە بۇ يولۇچى تالاي جاپالارنى بېشىدىن كەچۈردى، نۇرغۇن شادلىقلارغا شېرىك بولدى، چاپىنىنىڭ رەڭگى توپىلىق يوللارنىڭ ئاچچىق چېڭىدا ئۆڭدى، تاشلىق سايلار ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ چەمىنى ئېلىپ قالدى، ھەربىر ئۆتەڭ، ھەربىر قونالغۇلاردا ئۇ ياققان گۈلخانىنىڭ ئىسسىق كۈللىرى قېپقالدى؛ شۇ يولدا ئۇ يەنە تالاي قەھرىمانلارنىڭ داستانلىرىنى ئاڭلىدى، قانچە - قانچە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە قۇلاق سالدى. قانچە - قانچە ئاشىقلارنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىدى...

خەلق ناخشىچىسى، ئاتاقلىق دراما ئارتىسى — ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئەنە شۇنداق بىر يولۇچىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئوشۇقراق ئۆمرى سەھنىدە ئۆتتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى، قانچە- قانچە مۇھىم ۋەقەلەرگە شاھىت بولدى، سەنئەت ئىشىدا ئاجايىپ شۆھرەتلەرنى قازاندى... ئادەم ھامان قېرىيدۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلىدۇ، بەزى كەچۈرمىشلەر خۇددى قاچاندۇر بىر چاغلاردا كۆرگەن

چۈشتەك خىرەلىشىپ كېتىدۇ، بەزى كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنى كىشى ئەسلەشنى خالىمايدۇ؛ يەنە شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدۇكى، ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ قەلبىدە سىر بولۇپ لەھەتكە بىللە كېتىدۇ...

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئەزەلدىن ۋاقىتقا ئىنتايىن رىئايە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر دائىم دەل بەلگىلەنگەن سائەتتە يېتىپ كېلەتتى. سۆھبىتىمىز غۇلجىنىڭ باغلىق قورولىرىنىڭ بىرىدە بىر ئۇستەل، بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان ئاددىي بىر ئۆيدە داۋاملىشاتتى. ئورۇق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر غەيرەت، غۇرۇر ئۇرغۇپ تۇراتتى. خېلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ زېھنى يەنىلا ئوچۇق ئىدى... ئادەم ھاياتىنىڭ ئۆزى بىر تارىخ، ئەمما بۇ تېخى قەغەز بېتىگە چۈشمىگەن تارىخ. ئۇنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەپ ئەسەر قىلىش ئۈچۈن بىر قەلەم ئىگىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى لازىم.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئۆز ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى بەزىدە مېنىڭ خىيالىمنى يىراق ئۆتمۈشلەرگە ئەكېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا مەن دېرىزىنىڭ يېنىدا چېچەكلەپ تۇرغان ئۆرۈك، چېچەكلەر ئەتراپىدا غوڭۇلدىشىپ تۇرغان ھەرىلەرنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. كۈنلەر ئۆتۈپ، چېچەكلەر ئورنىدا ئاچچىق غورىلار پەيدا بولدى، غورىلار تاتلىق ئۆرۈكلەرگە ئايلاندى، ئاندىن يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلدى. ئۇزاق قىش كېچىلىرىدىن كېيىن يەنە باھار كەلدى... مېنىڭ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ھاياتى ھەققىدە يازغانلىرىممۇ ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى.

بۇ خاتىرىلەرنى كىتاب قىلىپ تۈزۈشتە ئەسەرنىڭ پاكىتلىق قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەدىئىي بوياقنى ئىلاج بار ئاز سۈركىدىم. ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى تۇرمۇشنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم
## بالىلىق دەۋر


بىرىنچى باب توغرىكۆۋرۈكلۈك بالا ...................... 3

ئىككىنچى باب قوشنىلار .............................. 11

ئۈچىنچى باب ئەستىن چىقماس خاتىرىلەر ............ 22

تۆتىنچى باب ھەببۇللا ئاكا ............................ 32

بەشىنچى باب مەكتەپ ................................ 42


## ئىككىنچى قىسىم
## تىرىكچىلىك يولىدا


ئالتىنچى باب تاڭگازىچى بالا ........................ 53

يەتتىنچى باب موزدۇزلار ئارىسىدا .................. 65

سەككىزىنچى باب سەنئەت مەكتىپى ................... 78


## ئۈچىنچى قىسىم
## تۇرمۇش قاينىمىدا


توققۇزىنچى باب ناخشىچى يىگىت ..................... 93

ئونىنچى باب ئۇنتۇلماس ئۇستازلار ................ 116

## تۆتىنچى قىسىم
## سەھنە ھاياتى

ئون بىرىنچى باب قايسى ناخشىنى ئېيتاي ········· 143
ئون ئىككىنچى باب جۇنۇن ························ 153
ئون ئۈچىنچى باب ھەقىقىي غېرىب ················ 164
ئون تۆتىنچى باب ئىنقىلاب يىللىرىدا ·············· 179

## بەشىنچى قىسىم
## سەپەر

ئون بەشىنچى باب مۇقام ئۇستازى بىلەن بىللە ··· 192
ئون ئالتىنچى باب جەنۇبقا سەپەر ·················· 201
ئون يەتتىنچى باب پايتەختكە سەپەر ··············· 210
ئون سەككىزىنچى باب ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر ······ 216

## ئالتىنچى قىسىم
## ئاخىرقى سۆزلەر

ئون توققۇزىنچى باب رول ئالغۇچىلار ۋە ياراتقۇچىلار231
يىگىرمىنچى باب سەنئەتكە ئىشتىياق ··············· 239
يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇنىڭ تۆھپىسى ··············· 248
خاتىمە ········································· 261

# بىرىنچى قىسىم

# بالىلىق دەۋر

# بىرىنچى باب

# توغرىكۆۋرۈكلۈك بالا

1910 - يىل سەھەر.

غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى «ئاقدەڭ مەسچىتى» نىڭ ئىمامى — جارۇللا ئىمام بۈگۈن بامدات نامىزىنى ئەڭ قىسقا ئايەتلەر بىلەنلا ئوقۇپ تاماملاپ، ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن نامازخانلار بىلەن بولىدىغان كىتابخانلىقنىمۇ قىسقارتىپ، مەسچىتتىن ئالدىراپ چىقتى - دە، جامائەت بىلەن خوشلىشىپ، مەسچىتتىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆز قورۇسىغا قاراپ يول ئالدى. ئىمام ئوتتۇرا بوي، ئاپئاق ساقىلى ئۆزىگە ياراشقان، قىزىل يۈزلۈك ئادەم ئىدى. يول ماڭغاندا پۇتىدىكى كەشىسى تاپىنىغا ئۇرۇلۇپ، يېنىك شاقىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى.

جارۇللا ئىمامنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، ئىمام ئوغۇللىرى بىلەن بىر قورودا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ياز كۈنلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ، قىش كۈنلىرى خاڭدىن كۆمۈر ئەكېلىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىشاتتى. مەسچىتتىن قايتقان ئىمام توپتوغرا ئىككىنچى ئوغلى ھەبىبۇللانىڭ ئۆيىگە كىرىپ باردى. ئۆي ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز، ئاددىي توپا تام ئۆيلەردىن ئىدى. ئىمام «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ بوسۇغا ئاتلاپ دالان ئۆيگە كىرىپ، ئادەم كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئۈچۈن يۆتىلىپ قويدى.

جارۇللا ئىمامنىڭ كېلىنى ھەلىمىخان ئىچكىرىكى ئۆيدىن

چىقىپ، قىيناتىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى. ئىمامنى ساراي ئۆيگە باشلاپ، تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، ئاستىغا كۆرپە سالدى. بۇ ئۆينىڭ تالاغا قارىغان بىرلا دېرىزىسى بولۇپ، دېرىزە قەغەز بىلەن چاپلانغان، ئازراق بولسىمۇ يورۇق چۈشسۇن، دەپ كۆزنەكنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىگە قەيەرلەردىندۇر تېپىپ كېلىنگەن ئەينەك پارچىلىرى يېپىشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ زامانلاردا يولۇچىغا توپىلىق يولدا بىرەر پاي ئات تاقىسى ياكى ئالىقانچىلىك ئەينەك پارچىسى ئۇچراپ قالسىمۇ «لازىم بولۇپ قالار» دەپ، پۇۋلەپ قوينىغا سالاتتى. ئەينەككىلىك يورۇق دېرىزىلەرنى پەقەت بايلارنىڭ ئۆيلىرىدىلا ئۇچرىتىشقا بولاتتى... تاڭنىڭ قەغەز چاپلانغان بۇ دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقى تېخى ئۆينى تولۇق يورۇتۇپ كېتەلمىگەچكە، تەكچىدە «شامچى مەھەللە»[1]نىڭ يوغان ئاق شاملىرىدىن بىرى ئەتراپقا قويۇق ماي پۇرىقى چېچىپ، پاراسلاپ كۆيۈپ تۇراتتى. ئىمام بىر قاراپلا نامرات بولسىمۇ كېلىنىنىڭ بۇ ئۆينى ناھايىتى پاكىز تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈندى. سۇپىدىكى بورا ئۈستىگە بىر پارچىلا كىگىز سېلىنغان، ئۆينىڭ كىگىز ياپالمىغان ھەممە يېرى — ئوچاق باشلىرىغىچە سېغىز توپىدا پاكىز سۇۋالغانىدى. يۇقىرىغا سېلىپ قويۇلغان ئاپئاق جايناماز يېنىدىكى يۆگەكتە بىر بوۋاق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— ھەبىبۇللا تېخى كەلمىدىمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى ئىمام دۇئادىن كېيىن.

— شۇنداق، دادا، تۈنۈگۈن ئەتىگەن خاڭغا چىقىپ كەتكەنچە، قايتىپ كېلەلمىدى.

— كۆمۈر بېسىقمىدۇ، قانداق؟

— يولمۇ يامان دېسىلە...

— خۇدايىم ساقلا! بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇشنى

① شامچى مەھەللە — غۇلجا شەھىرىدىكى شام - سوپۇن ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللە.

مەسلىھەت قىلىشۋىدىڭلار كىن؟

— ئۆزلىرى بىلسىلە دادا. سىلى نېمە ئىسىم قويۇپ بەرسىلە بىز شۇنى خوش كۆرىمىز.

— ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇلئەزىز» قويۇۋېدۇق - ھە؟ بۇ مېھمانىنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇۋەلى» قويايلى. بۇ — ئاللانىڭ بەندىسى دېمەك بولىدۇ،— دەپ ھەلىمخانغا قارىدى جارۇللا ئىمام.

— قۇلاقىمۇ يېقىشلىق ئاڭلىنىدىكەن،— دەپ كۈلۈمسىرەپ تەستىقلىدى كېلىن.

— قېنى ئەمىسە، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! — دەپ جايناماز تەرەپكە ئۆتۈپ بوۋاقنى قولىغا ئالدى. ئىمام بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ۋارقىراپ تۇرۇپ ئەزان ئوقۇپ، چەپ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتتى،— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! ... بالام، ئىسمىڭىز «ئابدۇۋەلى» بولسۇن، ياراتقان ئىگەم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن، بەختىڭىزنى زىيادە قىلسۇن، — دېدى - دە، يۆگەكتىكى بوۋاقنى جايناماز ئۈستىگە قويۇپ دومىلىتىۋەتتى. چۆچۈپ ئويغانغان بوۋاق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن يىغلىۋەتتى.

— ئايھاي! — دەپ زوقلىنىپ كۈلۈپ كەتتى ئىمام، — قارا بۇنىڭ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى. خۇدا خالىسا مەن بۇ ئوغلۇمنى قارىي قۇرئان قىلىمەن.

مانا بۇ قۇتلۇق سەھەردە ئىسىم قويۇلغان بوۋاق كەلگۈسىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئىدى.

※ ※

توغرىكۆۋرۈك — غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىغا جايلاشقان مەھەللە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەر

ئىلگىرى بۇككىدە دولانا دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان جاي ئىكەن، شۇڭا شەھەر سېپىلىنىڭ بۇ تەرەپكە چۈشكەن دەرۋازىسىنى خەلقلەر «دولانا دەرۋازىسى» دەپ ئاتاشقانىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: بۇرۇن بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسى ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى دولانالىقلار بولغاچقا، بۇ تەرەپكە ئېچىلغان دەرۋازا «دولانا دەرۋازا» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. بۇ سۆزمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئابدۇۋەلىنىڭ ئىسمىنى قويغان بوۋىسى جارۇللا ئىمامۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا چىققىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان كونا دولانالىقلاردىن ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا غۇلجا شەھىرىنىڭ سېپىلى چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا سوقۇلغانىكەن. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئالتە چى (بەش مېتىردىن ئوشۇق)، ئايلانمىسى 4.7 لى (ئىككى يېرىم كىلومېتىر ئەتراپىدا) كېلەتتى. سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دەرۋازا بار ئىدى. ھەربىر دەرۋازىنىڭ خانلىق تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ پۈتۈپ بەرگەن ئىسىملىرى بولسىمۇ يەرلىك خەلقلەر يەنىلا ئۇنى ئۆزلىرى ئادەتلەنگەن نام بىلەن ئاتايتتى. مەسىلەن، شەھەرنىڭ «جىڭشۇ» دەپ ئاتالغان شەرقىي دەرۋازىسىنى ئۇيغۇرلار بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا شەھەرگە يىراقتىن كەلگەن كارۋانلار چۈشىدىغان دەڭ ـ سارايلار جايلاشقاچقا «دەڭدەرۋازا» دەپ ئاتايتتى؛ «جياخۇي» دەپ نام بېرىلگەن جەنۇبىي دەرۋازىنى شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ ئۆستەڭ شۇ تەرەپتە بولغاچقا «سۇ دەرۋازا» دەپ ئاتىشاتتى؛ غەرب تەرەپتىكى «خۇەنيىڭ» دەپ ئاتىلىدىغان دەرۋازا كۆرە يولىغا قارىتىپ ئېچىلغاچقا «كۆرە دەرۋازا» دېيىلەتتى. شىمال تەرەپتىكى «دولانا دەرۋازىسى» نىڭ خانلىقتىن پۈتۈلگەن نامى «گۇيجى» ئىدى. شەھەر سېپىلىنىڭ ھەربىر كىرىش ئېغىزى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى دەرۋازىدىن قۇرۇلغانىدى. ئىككى دەرۋازىنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمىدە ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىغا قارايدىغان قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر بولاتتى. ئۇ چاغلاردا پۇقرالار چېرىكلەرنى «لەڭچى» (لەڭ يەيدىغانلار) دەيتتى. چېرىكلەر ئۇچىسىغا كۇلدە بويىغان كۇل رەڭ ماتا ھەربىي كىيىم، بېشىغا كەڭ قاسقانلىق شەپكە، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىشەتتى؛ بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، قولىغا قارا مىلتىق تۇتۇپ يۈرۈشەتتى. ئەتىگىنى ياكى كەچتە «دولانا دەرۋازىسى» تەرەپتىكى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي چېلىپ مەشىق قىلىپ، پۇقرالارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ چۇشۇپ كېتىشەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ چېرىكلەرنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىدى. بىكار بولۇپ قالسىلا ئەپيۇن چېكىپ، قىمار ئوينىشاتتى. بەزىلىرى سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ پىت بېقىشاتتى. ھەركۈنى كەچلىكى ئۈچ پو ئېتىلىشى بىلەن دەرۋازىنىڭ قارا سىرلانغان يوغان قاناتلىرى مەھكەم يېپىلاتتى، تاڭ يورۇشى بىلەن بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازىلار يەنە غىچىرلاپ ئېچىلاتتى. توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ سېپىل ئەتراپىدىكى كوچىلىرىدا «ئاقدەڭ»، «موللائۆمەر دېڭى»، «زىلاۋدۇن ھاجىنىڭ دېڭى» دېگەندەك چوڭ - كىچىك دەڭلەر جايلاشقانىدى. دەڭلەرگە يىراق - يېقىن سەھرالاردىن كىرگەن ئات - ئۇلاغلىق دېھقانلار، يولۇچىلار، مۇساپىرلار چۈشەتتى. بەزى دەڭلەرنىڭ ئىچىدىكى قاتار كەتكەن ھۇجرىلارنى شەھەر مەدىكارلىرى، ھۈنەرۋەنلەر، بويتاق يېتىمچىلەر ئىجارىگە ئېلىپ، يىللاپ ئولتۇرۇپمۇ قالاتتى.

مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدە «نۇر ئاقساقال[1] مەسچىتى»نىڭ ئېگىز راۋىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇ تەرەپتە يەنە «لۆلۆزى دەڭ» دەپمۇ بىر دەڭ بولىدىغان، بۇ بىر خەنزۇ ئاچقان دەڭ بولۇپ، بۇ دەڭگە ئادەتتە ئېشەكلىك يولۇچىلار، ئېشەك

---

[1] نۇر ئاقساقال— خۇيزۇ، ئىلىدىكى روسىيە پۇقرالىرىغا ئاقساقال بولغان، غۇلجىدىكى چوڭ ئاقساقاللارنىڭ بىرى.

ھارۋىلىرى كۆپرەك چۈشكەچكە، كىشىلەر ئۇنى «لۆلۆزى دەڭ» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. يەنە بەزىلەر بۇ دەڭنى «قارا يۇپاڭ» مۇ دەپ قوياتتى. چۈنكى، بۇ دەڭ ئىچىدە جۇۋازخانا بار ئىدى، دەڭنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى دەڭجا ئاچقان دۇكاندا ھاراق ـ شاراب، ھارۋىكەشلەرگە لازىم بولىدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ماللار ۋە ھارۋا ئوقىنى مايلايدىغان قارىماي سېتىلاتتى. ھەر كۈنى تاڭ ئېتىپ شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن تەڭ بۇ دەڭلەردىن قوزغالغان ئات ـ ھارۋىلار شەھەر ئىچىگە قاراپ ئاقاتتى. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ، ھارۋىكەشلەرنىڭ «پوش! پوش!» دەپ ۋارقىراشلىرى، كاسىپلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن دولانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدى جانلىنىپ كېتەتتى.

غۇلجا شەھەر سېپىلى[1] ئىچىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار، ھاكىمبەگنىڭ ئوردىلىرى ۋە دوتەي يامۇل، شەنگەن يامۇل ئوخشاش ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەربىي گازارمىلار جايلاشقانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەھەر سېپىلى سىرتىغا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان ھۈنەرۋەنلەر، روسىيە تەۋەسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇر، خۇيزۇ، رۇس، ئۆزبېك، تاتار كۆچمەنلىرى، چىڭ خاندانلىقى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئادەم يۆتكىگەندە كېلىپ يەرلىكلىشىپ قالغان خەنزۇلار ئۆي ـ جاي سېلىپ، شەھەرنى كېڭەيتىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ مىللەتلىك قىياپىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

بىز سۈرەتلەۋاتقان تۆغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ سېپىل تەرىپىدە ئۇ يىللاردا تېخى ئۆي ـ جاي يوق ئىدى. سېپىل تۈۋى ئەسلىي سېپىل سوقۇلغاندا سېپىلغا توپا ئالغان چوڭقۇر خەندەك بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا يولنىڭ پاتقىقى ئېقىپ چۈشۈۋېرىپ تىنىشقا باشلىغانىدى. خەندەكنىڭ تىنماي قالغان يەرلىرىگە

① تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا غۇلجا شەھەر سېپىلى 1760 ـ يىلىدىن باشلاپ سوقۇلغان.

يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ كۆلچەك ھاسىل قىلاتتى. بۇ توختام سۇلارنىڭ يۈزىنى ياپىپىشىل لەش قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردىن يازچە پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سېپىلنىڭ شەرقىي دوقمۇشىغا تۆمۈرچىلەرنىڭ ئاددىي چېدىر قىلىپ يېپىۋالغان دۇكانلىرى ئورۇنلاشقان، ھەربىر دۇكان ئالدىغا ئات تاقىلايدىغان دارلار قۇرۇلغانىدى. مەھەللە ئاساسەن سېپىل قارشىسىدا تۇراتتى. بۇ يەردە «مىرقاسىم ھاجىم مۇنچىسى»، «چېكوف مۇنچىسى» دېگەندەك بىرقانچە مۇنچىلار تىجارەت قىلاتتى. شۇ يىللاردا سېپىل ياقىلاپ ئۆتىدىغان قايسىبىر شوخ يىگىتنىڭ:

سېپىل ياقىلاپ ماڭسام،
چېكوف باينىڭ مۇنچىسى،
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى…

دېگەن ناخشىلىرى تارقالغانىدى.

مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىدە باۋۇدۇنباينىڭ[①] شىپاڭلىق كاتتا بېغى[②] بار ئىدى. باۋۇدۇنباينىڭ يوڭ - تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مويكىسىمۇ مۇشۇ باغ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۇ بويىغا جايلاشقانىدى. ئۇ يەردىن يوڭ يۇيۇۋاتقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، كىمدۇر بىرلىرىنىڭ ھەسرەت بىلەن سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ باغنىڭ قارشىسىدا رۇس تۆرىلىرى، چارروسىيىنىڭ ئىلىدىكى بانكا خىزمەتچىلىرى

---

① باۋۇدۇنباي — ئىلىدىكى چوڭ باي مۇسەنباي ھاجىمنىڭ ئىنىسى، ئۇ «ئىلى تېرە زاۋۇتى»نى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى.

② ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ئورۇنلاشقان جايغا توغرا كېلىدۇ.

تۇرىدىغان چوڭ قورو①بار ئىدى. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، قورو ئىچىدىكى ئۇستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى ئەسلىدىكى ۋېلىباي②روسىيىدىن ئۆتكەن پەخىردىن ئاقساقال، نادىر تامچى، ھەبىبۇللا تامچى دېگەن ئاتاقلىق ئۇستىلارغا ياساتقۇزغانىكەن. بۇ قورونىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوچىدا ئولسۇن ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ يەنە بىر بېغى بولىدىغان، بۇ چوڭ باغنىڭ ئەتراپىدا ھەر تەرەپكە شاخ تارتىپ ئۆسۈپ كەتكەن يوغان قارىياغاچلار كۆپ ئىدى. ھەر كۈنى كەچلىكى بۇ قارىياغاچلارغا سانسىزلىغان قاغىلار كېلىپ قونۇپ، قاقىلدىشىپ كېتەتتى. كىشىلەر بۇ باغنى «قاغىلىق باغ» دەپ ئاتىشاتتى.

ئاشۇ باغ بىلەن شەھەر سېپىلى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ - كىچىك كوچىلاردا ئولتۇراقلاشقان كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ئىمكارلارنىڭ ئاددىي توپا تام ئۆيلىرى بىلەن بىر قاتاردا كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قورو - جايلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى... گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە تاتارلارنىڭ جىرلىغىنى ئاڭلانسا، يەنە بىر يەردە رۇس بالىلىرىنىڭ گارمونى ياڭرايتتى؛ يەنە قايسى كوچىلاردىندۇر ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىلى ناخشىلىرىغا توۋلاپ ئۆتەتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ بالىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق مەھەللە مۇھىتىدا ئۆتتى.

① ھازىرقى ئىلى ھەربىي رايونى جايلاشقان ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قورونىڭ ئورنى ئەسلى چوڭ باغ بولۇپ «روشەنباغ» دەپ ئاتىلاتتىكەن.
② ۋېلىباي يولداشوف — ئىلىدا ئۆتكەن بايلارنىڭ بىرى، ئۇ 1895 - يىلى يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىپ تېخىمۇ چوڭ ئىقتىساد ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغان.

# ئىككىنچى باب

## قوشنىلار

ئابدۇۋەلىنى بۇ مەھەللىدىكى قاسىم تاشچى دېگەن ئادەم ناھايىتى قىزىقتۇراتتى. بېشىغا ئاق قالپاق، ئۈچىسىغا ئاق بۆزدىن كۆڭلەك - تامبال، پۇتىغا چاقىقانغىنە پوپۇچ كىيىپ، گوجەي يۆگەپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم تولىمۇ خۇشخۇي ئىدى. ئۇ مەسۇم تاشچى، بارات تاشچى دېگەن ئاغا - ئىنىلىرى بىلەن بىر قورودا تۇراتتى. بۇ تاشچىلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يانلىرىدا داشۇگۇر، نوغايتۇ[1]غوللىرىدىن توشۇپ كېلىنگەن كارامەت يوغان تاشلار تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار تۈگمەن تېشى، تۇلۇق تېشى، ھەر خىل قەبرە تاشلىرىنى چېپىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. قاسىم تاشچى گۈل ئۆستۈرۈشكە ھېرىسمەن ئادەم ئىدى، ياز كۈنلىرى بۇ كەمبەغەل تاشچىلارنىڭ ھويلىسى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن جۇلالىنىپ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى. قوشنىلاردىن كىم بولمىسۇن بىرەرى بۇ ھويلىغا كىرىپ قالسا، قاسىم تاشچى بىرنەچچە تال گۈل ئۈزۈپ بېرىپ كۆڭلىنى ئالاتتى.

تاشچىلار يوغان تاشلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، سومبا - بولقىلىرىنى جاراڭلىتىپ، گويا شۇ قاتتىق تاشلار ئۈستىگە ئاشۇ رەڭدار گۈللەرنىڭ نۇسخىسىنى چۈشۈرمەكچى بولغاندەك نازۇك سىزىقچىلارنى چىقىراتتى. قاسىم تاشچى بولقىسىنىڭ توكۇلدىغان

---

① داشۇگۇر، نوغايتۇ — غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئىسمى.

ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ ئۆز ناخشىسىنىمۇ باشلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىدىمۇ دائىم گۈللەر تىلغا ئېلىناتتى.

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
يوپۇرمىقى سەن بولساڭ،
قىزىلگۈلى مەن بولاي.

ئۇ گۈلدىمۇ كېپىنەك،
بۇ گۈلدىمۇ كېپىنەك.
ياش باللارنى كۆيدۈرگەن
قارا قاشلىق سېكىلەك.

گۈل تېرىساق هويلىغا،
ئېچىلىپتۇ چىرايلىق.
گۈلنى كۆرسەم — سېنى كۆرسەم،
يۈرىكىمدە خۇشاللىق...

ئاشۇنداق بېيىتلار بىلەن ناخشا ئېيتىۋېتىپ، بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى تاشقا يۆلىنىپ، ئۆزىگە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغان باللىغا چۈشەتتى ـ دە:

— هە، جارۇللا ئىمامنىڭ نەۋرىسىمۇ سەن؟ چوڭ بولسام ئۇستا بىر تاشچى بولاي دەپ قاراپ تۇرامسەن، قانداق؟ — دەپ سورايتتى.

— ناخشا ئاڭلاۋاتىمەن، قاسىم دادا، ناخشا...

— هە، مېنىڭ ئاغىل ـ تاغىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرىمغا هەيران بولۇۋېتىپسەن ـ دە! ؟

قاسىم تاشچى ئابدۇۋەلىگە قاراپ كۈلۈپ، كۆڭلىكىنىڭ

ئېتەكلىرىنى قېقىپ، گۈللۈككە قاراپ ماڭاتتى، بىر تۇتام گۈلنى ئۈزۈپ چىقىپ بالىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئۆيۈڭگە كەت ئوغلۇم، ئاپاڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دەيتتى. ئابدۇۋەلى گۈلنى ئېلىپ، قاسىم تاشچى ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۆيىگە يۈگۈرەيتتى.

قاسىم تاشچىنىڭ قىزىق مىجەزلىرى بولىدىغان. بەزىدە تاش چېكىپ ھارغان چاغلىرىدا ئۇ قەپەستىكى كەكلىكىنى ئاچىقىپ گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى مەيدانغا قويۇۋېتىپ، كەكلىكنىڭ سايرىشىدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ زامانلاردا نوغايتۇننىڭ ئەتراپىدىكى تاشلىق سايلارنىڭ كەكلىكى بىلەن تورغىيى ناھايىتى داڭلىق ئىدى.

تورغاي تولا سايرايدۇ،
نوغايتۇننىڭ غولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەنىبىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

دېگەن خەلق قوشاقلىرىمۇ بار ئىدى. بەزى كۈنلىرى قاسىم تاشچىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى مەيداندا قەپەس كۆتۈرگەن بىرقانچە كەكلىكۋازلار پەيدا بولاتتى ـ دە، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش باشلىنىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا تەرەپ ـ تەرەپتىن تاماشا كۆرگۈچىلەر يىغىلىپ، دۇپدۇگىلەك دائىرە بولۇپ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشاتتى. ئادەتتە كەكلىك سوقۇشتۇرغۇچىلار قەپەستىكى كەكلىكىنى بېشى بىلەن تەڭ ئېگىز لىكتە كۆتۈرۈپ، مەيدانغا تەنتەنىلىك ئەكىرەتتى. بىرنەچچەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ: «قېنى، مەيداننى ئېچىۋېتىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ، توپلاشقان تاماشىچىلارنى ئارقىغا سۈرۈپ رەتلىگىلى تۇراتتى. ئىككى

قەپەس مەيدانىنىڭ ئىككى بېشىغا قويۇلاتتى. قەپەستىكى كەكلىكلەر بىر - بىرىگە قاراپ ۋاقىلداپ سايراپ، قەپەس تاملىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، تاقەتسىزلىنىشكە باشلايتتى. شۇ چاغدا كەكلىك ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا «كەكلىكلەرنى سالامدۇق، سالامدۇق» «ئۇتتۇرغۇچى نېمە تۆلەيدۇ» دېگەندەك ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش باشلىناتتى. تاماشىچىلار ئارىسىدىكى قىمارۋازلارمۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ: «سەن قايسى تەرەپ بولىسەن؟ سەن قايسى! ...» دېيىشىپ بىر - بىرىگە دو چىقىشقا باشلايتتى... سوقۇشتۇرۇلىدىغان كەكلىكلەر قەپەسلىرىدىن تەڭ قويۇپ بېرىلەتتى. كەكلىكلەر يورغىلاپ كەلگىنىچە ئاتلىشىپ كېتەتتى. بەزىدە قەپەستىن چىقىپ دانلاپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپ كېلىپ بىر - ئىككىنى تەپكەندىن كېيىن ئاندىن كىرىشىدىغان كەكلىكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. بەزى كەكلىكلەر خورازدەك بازغىيتتى، نوچى كەكلىكلەر بىر - بىرىنىڭ تۇمشۇقى ئەتراپىدىكى پەيلەرنى چىشلەپ يۇلۇۋالاتتى - دە، بىر تەپكىنىچە ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچىنى تېپىپ بىر - بىرىنى دومىلىتىۋېتەتتى. تاياقتا چىدىمىغان بەزى كەكلىكلەر توپىنىڭ ئىچىدە يورغىلاپ پىرقىراپ كېتەتتى. «جەڭ» نىڭ ئاخىرىدا كەكلىكلەرنىڭ بىرەرى قاچاتتى ياكى بولمىسا كەكلىكۋازلار «بولدىمۇ، بولدىمۇ!؟» دېيىشىپ، ھاسىراپ كەتكەن كەكلىكلەرنى تەڭ ئاجرىتىۋالاتتى. قاسىم تاشچىنىڭ كەكلىكى مۇنداق بىر - ئىككى قەپەس ئېلىشىشتىن كېيىن دائىم مەيداننىڭ ئىچىدە ئۇزاققىچە يورغىلاپ ۋاقىلداپ سايراپ، قانات - قۇيرۇقىنى تۇزەيتتى.

ئەتىيازنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۇرۇشى بىلەن تۇغىرىكۆۋرۈكنىڭ بالىلىرى لەگلەك چىقىرىشقا باشلايتتى. كۆپكۆك ئاسماننى ھەر خىل رەڭدىكى لەگلەكلەر بېزەيتتى. سا

لەگلەك، قاقىر لەگلەك، پاقا لەگلەك، قۇيرۇقسىز لەگلەك، خەنزۇلارنىڭ ئۇزۇن ئەجدىھا لەگلەكلىرى، پانۇس لەگلەكلەر بىر - بىرىدىن ئېگىز ئۆرلىشەتتى. دارقىراتمىلىق تال لەگلەكلەر قۇيرۇق سوقۇپ سايراپ كەتسە، چوڭ ئادەملەرمۇ يولدىن توختاپ ئۇزاققىچە ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. مۇنداق لەگلەكلەرنىڭ بىرەرى ئولجا كېتىپ قالسا قىزىقچىلىقنىڭ باشلانغىنى شۇ ئىدى. لەپەڭلەپ چۇشۇپ كېتىۋاتقان لەگلەكنى كۆرۈش بىلەنلا باللار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ئۆگزىمۇ ئۆگزە يۇگۇرۇشەتتى. يىرتىلىپ هالى قالمىغان لەگلەك ئۇچۇن بەزىدە ئۆزئارا مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپ، كۆزلىرىنى كۆكەرتىۋېلىشاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئابدۇۋەلى بىرەر ئورام يىپنى بولسىمۇ قولىغا يۆگىۋالسا خۇددى شەهەر ئالغاندەك خۇشال بولۇپ قايتاتتى.

لەگلەك پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن قاسىم تاشچى باللىرىغا چىنە كۆتىكى قىلىپ بوياپ لەگلەك ياساپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ باللىرى قاتارىدا ئابدۇۋەلىگىمۇ بىرەر لەگلەك ياساپ بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. باهار شامىلى كۈچەيگەن مەزگىللەردە قاسىم تاشچىنىڭ ئۆزىمۇ قىزىپ كېتىپ لەگلەكچى باللار قاتارىغا قېتىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ لەگلىكى هەممىنىڭكىدىن چوڭ، قۇيرۇقىمۇ ئۇزۇن بولاتتى. مۇنداق لەگلەكنى ئۇ پىششىق كاناپ يىپتا ئۇچۇراتتى. بەزى كېچىلىرى ئۇنىڭ لەگلىكى يۇلتۇزلۇق ئاسماندا تۈن يېرىمىدىن ئۆتكۈچە سايراپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئابدۇۋەلى قاسىم تاشچىدىن:

— قاسىم چوڭ دادا، چوڭ ئادەممۇ لەگلەك ئوينامدۇ؟ — دەپ هەيران بولۇپ سورىغانىدى. تاشچى كۈلۈپ:

— ۋاي بالام، بۇمۇ بىر باللىقتىن قالغان هەۋەس دېگىنە. كۆك ئاسمانغا قارىساڭ كۆزۈڭ روشەن بولىدۇ، — دېدى.

※ ※

شۇ ئەتراپتا يەنە قادىر پادىچى دېگەن ئادەمنىڭمۇ قورۇسى بولىدىغان. قادىر پادىچى مەھەللىنىڭ كاللىرىنى سېپىل يېنىدىكى بوشلۇقتا يىغاتتى. كاللارنىڭ مۆرەشلىرى، كاللىرىنى ھەيدەپ كەلگەن باللارنىڭ چۇقانلىرى بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بۇ يەر ناھايىتىمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئابدۇۋەلىگە ئاجايىپ ئاڭلىنىدىغىنى قادىر پادىچىنىڭ «ھەيدە... پادا ـ كالاڭنى!...» دەپ سوزۇپ ۋارقىرىشى ئىدى. پادىچىنىڭ بۇ تونۇش ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن قورودىكى كاللارمۇ ئېغىلدا تېپىرلاپ تۇرالماي قالاتتى.

قادىر پادىچى پادىلىرىنى ھەيدەپ كېتىشى بىلەنلا يەنە بۇ يەردە ئەسكى سېۋەت، داس ـ چېلەكلەرنى كۆتۈرگەن باللار پەيدا بولاتتى ـ دە، كاللار يېڭىلا تېزەكلىگەن تېزەكلەرنى يىغىشقا باشلايتتى. كالا تېزىكى كەمبەغەل ئائىلىلەر ئۈچۈن قۇرۇتۇپ قويسا يېقىلغۇ بولاتتى، يەنە ئۇ شۇ زامانلاردا ئىلى ئاياللىرىنىڭ ئۆينىڭ سۇپا ـ پەگاھ، ئوچاق باشلىرىنى سۇۋاشتا لايغا ئارىلاشتۇرىدىغان مۇھىم ماتېرىياللىرىدىن بىرى ئىدى.

كەچكە يېقىن قادىرپادىچى پۇچقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، يولنىڭ يۇمشاق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ، چېكىسىگە دالا گۈللىرىنى قىسقىنىچە كاللارنىڭ ئارقىسىدىن خۇشخۇي چىقىپ كېلەتتى. ئانىسىنى سېغىنغان موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى، باللارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭىدىن ئابدۇۋەلى تەسىرلىك بىر سىمفونىيىنى ئاڭلاۋاتقاندەك زوقلىناتتى. پادىدىن قايتقان كاللارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەستىن چىقماس ئاجايىپ بىر مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى.

※ ※

ئابدۇۋەلىنىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلىنىپ قالغان يەنە بىر ئادەم ساۋۇر هارۋىكەش ئىدى. هارۋا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان مۇھىم قاتناش قوراللارنىڭ بىرى. ئۇ هازىرقى زامان ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى پەيدا بولغۇچە بولغان ئۇزۇن ئارىلىقتا ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلغان. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىلىدا جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرا سودىسى جانلاندى. ئىلى هارۋىكەشلىرى قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتكەن هەر خىل ماللارنى نەچچە مىڭ چاقىرىم يوللارنى بېسىپ تاكى شىڭشىڭشياغىچە يەتكۈزۈپ باراتتى. هارۋىكەشلەر بۇ ئۇزۇن سەپەردە تارتقان جەبىر ـ جاپا، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى قوشۇپ نۇرغۇن قوشاقلارنى ياراتقانىدى. ئىلىدا بۇلاق دادامتۇلۇق ئابدۇل چولاق، پەنجىملىك ئىلەمقۇل، دۆڭمەھەللىلىك ئابدۇل ئۆردەك، سۇلايمان، غەنى، تۇرپانيۈزلىك نىزام گۆدەك قاتارلىق هارۋىكەشلەر بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتلىرى، توقۇغان قوشاقلىرى بىلەن مەشهۇر ئىدى. ساۋۇر هارۋىكەشمۇ ئەنە شۇنداق كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ ئادەملەردىن بىرى ئىدى. بۇ هارۋىكەشنىڭ ئۆيى جارۇللا ئىمامنىڭ قورۇسىدىن بىر ـ ئىككى هويلىلا نېرىدا ئىدى. ساۋۇر هارۋىكەشنىڭ ئاق مالخاينى قىرلاپ كىيىپ، هارۋىدا قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ ئېيتىدىغان تۈگىمەس ناخشىلىرى بار ئىدى. كىرا ياخشى بولغان كۈنلىرى ئۇ:

تەلكىنىڭ غولى دەيدۇ،
باش تەرەپلىرى تاردۇر.
ئاغىنىلەر غەم قىلما،
ياراتقان ئىگەم باردۇر.

ئىلى يولى چەيلەڭزە،
داخىيەنزە — يودەنزە.
ئۈرۈمچىگە يول ئاچقان
سەندەك ـ مەندەك خوخەنزە.

دەپ ناخشا ئېيتىپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ چىقىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ هارۋىغا قاتقان ئېتىمۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك قۇڭغۇراقلىرىنى ناخشا ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ جاراڭلىتىپ قەدەم تاشلايتتى. بەزى كۈنلىرى بۇ هارۋىكەشنى ئېمىشقىدۇ خىيال باسقاندەك بولاتتى ـ دە:

هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى،
دەڭگە قاراپ تارتىدۇ.
خەجلەي دېسە پۇلى يوق،
خىجالىتى ئارتىدۇ.

مەلىگە چېرىك چىقسا،
يۈگۈرۈپ قاچتىم دالاغا.
هارۋىكەش بولۇپ قېلىپ،
خويمۇ قالدىم بالاغا.

ئېمە چارەم بار مېنىڭ،
لەنەت ئېيتماي زامانغا.
هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى،
بىر تويمىسا سامانغا...

دېگەندەك هەسرەتلىك بېيىتلار بىلەن ناخشا ئېيتاتتى.
«ئوسمان پاقا» دەپ غەلىتە لەقىمى بار بىر ئادەممۇ

بولىدىغان. بۇ ئادەم ئانچە ـ مۇنچە سازمۇ چالالاتتى. دائىم قىزىقچىلىق چىقىرىپ ئادەملەرنى چاقچاق بىلەن كۈلدۈرۈپلا يۈرەتتى. ئوسمان ئاكىنىڭ زادى نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ جان باقىدىغانلىقىنى ئابدۇۋەلى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى: ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ئوسمان ئاكا تۇخۇملارنى ھەر خىل بوياپ، پىشۇرۇپ چىقىپ ساتاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدى تۇخۇم چېكىشتۈرىدىغانلار، قارتا ئوينايدىغانلار ۋە پېقىش يېگەچ تاماشا كۆرىدىغانلار بىلەن ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. تۇخۇم سېتىلىپ ئاخىرلىشىپ قالغاندا ئوسمان يانچۇقىدىن تاللىنىۋالغان ئەڭ قاتتىق تۇخۇملىرىنى چىقىرىپ ئۆزىمۇ ئويناپ چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى تۇخۇملار ئىككى ـ ئۈچ، بەزىدە ئونغا يېقىن تۇخۇمنى پېقىش قىلاتتى. كىشىلەر: «ئوسمان پاقا بۇ تۇخۇملىرىنىڭ پايىنىكىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ زەمچە قۇيۇپ، ساقتىپ پىشۇرۇپ قاتتىق قىلىۋالىدۇ» دېيىشەتتى.

※ ※

ئابدۇۋەلىنى ھەممىدىنمۇ بەك جەلپ قىلىدىغان يەر باۋۇدۇنباينىڭ بېغى ئىچىدىكى مويكا ئىدى. شەھەر بازارلىرى ۋە سىرتلاردىن كەلتۈرۈلگەن تاي ـ تاي يۇڭلار بۇ مويكىنىڭ شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تۆت چوڭ نوسغا تاشلىنىپ يۇيۇلۇپ چىقاتتى. ھەربىر نودا يۇڭ چايقايدىغان يەتتە ـ سەككىزدىن خوتۇن ئىشلەيتتى. ھەر نونىڭ بېشىدا يەنە يۇڭ دەسسەيدىغان قاۋۇل ئەرلەر بولاتتى. نونىڭ ئاياغ تەرىپىگە سېتكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئۇششاق يۇڭلارنى سۈزۈۋالىدىغان بالا ئىشلەمچىلەرمۇ قويۇلاتتى. يۇيۇلغان يۇڭلارنى ئىشچىلار زەمبىلگە سېلىپ ئۇدۇللۇق توشۇپ كېتەتتى… بۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئايالالار شەھەر كەمبەغەللىرى، جەنۇبتىن چىققان مۇساپىر ئايالالار

بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئەتراپتىكى دەڭلەردە يېتىپ قوپۇشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى گەپچى ئاياللار بار ئىدى. ناۋاتخان ئاچام، دەستىخان ئاچام دېگەن ئاياللار ئۇستا ناخشىچىلاردىن ئىدى. ئابدۇۋەلى بۇ يەرگە ئويناپ كېلىپ، ئاشۇ ئاياللارنىڭ ناخشىلىرىنى تىڭشاشقا ئامراق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پىرقىراپ يۈرگەن بۇرۇتلۇق گۆشتۇ سەللا كۆزدىن نېرى بولۇشى بىلەن خوتۇنلار پاراڭغا چۈشۈشۈپ، بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ كېتىشەتتى ياكى بولمىسا بىرەرى:

— ھوي - ي - ي ناۋاتخان ئاچا، ئىچىمىز ئەجەبمۇ سىقىلىپ كەتتى. كېلىشتۇرۇپ بىر ناخشا ئېيتىمۇەتسىلىمىغۇ! — دەپ تەلەپ قىلاتتى. ناۋاتخان ناخشىسىنى باشلىۋېتەتتى:

ئۇششاق باللا ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.
ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

بەزى چاغلاردا ناۋاتخان بېيىت باشلاپ:

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا
چىراغ كۆيەدۇ.
چىراغ ئەمەس، يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇ.
تال چىۋىقتەك بويلىرىڭغا
زوقۇم كېلەدۇ.

ئەته ـ ئاخشام باراي دېسەم،
قورققۇم كېلەدۇ.
ئۇ مەلىدىن ـ بۇ مەلىگە
يولى بارمىكىن؟
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
دورا بارمىكىن؟...

دەيتتى ـ دە، يەنە بىر نوغا قاراپ:
— هويت ـ ت، دەستىخان، خۇش كەتتى. ئەمدى سىلىدىن بولسۇن! — دەپ ۋارقىرايتتى. دەستىخان بىر يۆتىلىۋېلىپ:

يار ئاغرىقى بولغانلارنىڭ
دورىسى مەندە.
ئەته قوپۇپ، تاڭ سەھەردە
يارنى سۆيگەندە.
هەرگىز قورقماڭ، ئالغان تاياق
قامچىڭىز بولسۇن.
مۇشۇ يولغا ئاتلانغاندا
يولىڭىز بولسۇن...

دەپ جاۋاب بېرەتتى ـ دە، يۈك دەسسەۋاتقان ئەرلەرگە قاراپ:
— هوي ـ ي ئوغاۋاللا، شۇنچىۋالا بەزمە قىلىۋەتتۇق. ئون ـ يىگىرمە سەر[1]لىك ئالما ئېلىپ مېھمانمۇ قىلاي دېمەيسىلەرغۇ! — دەپ چاقچاق قىلاتتى.
شۇنىڭ بىلەن نو بېشىغا ئالما سېتىپ كەلگەن باللارنىڭ سودىسى قىزىپ كېتەتتى.

---

① سەر — ئەينى يىللاردا خەجلەنگەن قەغەز پۇل.

# ئۈچىنچى باب

## ئەستىن چىقماس خاتىرىلەر

بارات ئايلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن مەھەللە ئىچى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى. ئاي تولغان كېچىسى مەھەللە بالىلىرى كىملەرنىڭدۇر ئۆگزىلىرىدىن ئوغرىلاپ چۈشكەن شاخ پاخاللىرىنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىغا دۆۋىلەپ ئوت ياقاتتى. قۇرۇق ئوتۇن پاراسلاپ كۆيۈپ، يالقۇن بالىلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋېتەتتى. يالقۇن تازا ئەۋج ئالغاندا بالىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۇقان سېلىشىپ ئوت ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈشەتتى. چوڭراق بالىلاردىن بىرەرى بارات ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ياغلىق قاپىقىنى ئاچىقىپ ئۇزۇن ياغاچقا بېكىتىپ ئوتقا تۇتاتتى. يىللاردىن بېرى مايغا چىلىنىپ قارىداپ كەتكەن بۇ كونا قاپاق مەشئەلدەك لاۋۇلداپ كۆيۈپ ئەتراپنى يوپيورۇق قىلىۋېتەتتى. ئاندىن بالىلار قاپاق كۆتۈرگەن «قوماندان» غا ئەگىشىپ بارات قوشىقىغا ۋارقىرىغىنىچە كوچىمۇ كوچا يۈگۈرەيتتى.

بارات كەلدى كۆردۈڭلارمۇ؟
بىزگە پوشكال سالدىڭلارمۇ؟
بارات ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت جايدۇر...

توۋا قىلغىن بىر خۇداغا،
قولۇڭ تاپشۇر رەھنامىگە.
يانغىن بۈگۈن ئىسيانىڭدىن،
ھاجەت تىلە خۇدايىمدىن.

بالىلارنىڭ بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن قاغىلىق باغنىڭ قاغىلىرىمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ قاقىلدىشىپ كېتىشەتتى.

جۇملە ھاجەت راۋا بولغاي،
گادا بولسا تېز ساقايغاي.
بۈگۈن كېچە مۇبارەك كۈن،
ئۆتكۈزەيلى بىدار بۇ تۈن.
......

شۇنداق قوشاقلارنى ئېيتىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرگەندە، باشقا مەھەللىنىڭ بالىلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ بالىلىرى بىر - بىرىنى ئۆز دائىرىسىدىن قوغلاپ چالما - كېسەك ئېتىشىپ، بەزىدە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇشتلىشىشقىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى.

بارات كېچىسىدىكى قىزلارنىڭ ئويۇنلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئوغۇل بالىلار ئوت يېقىپ بارات قوشاقلىرىنى ئېيتىۋاتقاندا، قىزلار كوچىلاردىن ئالدىراش ئۆتۈپ دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىشاتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ مۇنداق تۈنەك سورۇنلىرىغا ھەدىسى ئىممەنەم بىلەن بىللە بارغانلىقى ئېسىدە. كۆكتە پانۇستەك ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئەتراپىنى سۈتتەك يورۇتۇۋېتەتتى. ئۆيلەردىن چۈچۈگەن مايىنىڭ ئىسى كېلەتتى. قىزلار ئۆيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كېچىچە ھېكايە، بېيىت ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل

ئويناپ تۆننى تاڭغا ئۇلاشتۇراتتى. تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇلار بەخت تىلەش قوشىقىنى ئېيتاتتى:

بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت، دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت، دۆلەت بەرمىسەڭ،
سەۋر ـ تاقەت بەر ماڭا.
بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت، دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت، دۆلەت بەرمىسەڭ،
چىن ساداقەت بەر ماڭا.
بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت، دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت، دۆلەت بەرمىسەڭ،
ياخشى ئىززەت بەر ماڭا...

※ ※

ئابدۇۋەلىگە ھەممىدىنمۇ كۆڭۈللۈك بىلىنىدىغىنى رامىزان ئايلىرى ئىدى. رامىزاننىڭ بىرىنچى كېچىسى ناغرا ئاۋازى كىشىلەرنى زوغا ئويغىتاتتى. ناغرا بىر پەدىدىن يەنە بىر پەدىگە يۆتكىلىپ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئويغىنىپ كەتكەن ئابدۇۋەلى ناغرا ساداسىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئاجايىپ خىياللارغا چۆمەتتى... ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەرنىڭ ناۋايلىرى ئىپتارغا ئاتاپ مايلىق توقاچ، شېكەر نان، گۇللۇك چوڭ نانلارنى يېقىشقا باشلايتتى. مىرزىكام رىشالىچى ئۇستى ئاپئاق داكا بىلەن يېپىلغان چېلەكنى كۆتۈرۈپ توغرىكۆۋرۈكنىڭ كوچىلىرىدىن «ئىپتارلىق، رىشالە!» دەپ ۋارقىراپ ئۆتەتتى.

نامازدىگەردىن كېيىنلا ئۇششاق باللار ئاقدەك مەسچىتنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشقا باشلايتتى. ئۇلار مەسچىت قارشىسىدىكى سېپىل تۇۋىدە سېپىل تېمىدىن سىرغىپ چۈشكەن توپىلاردىن ھەر خىل شەكىللەرنى ياساپ ئويناپ، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ نامازشامغا ئەزان ئېيتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى. مەزىن ئاخۇنۇم پەشتاققا چىقىپ، قۇلىقىنى تۇتۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر!...» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ جىمى بالا ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ «ئەزان ـ ئەزان!» دەپ چۇقان سېلىشقىنىچە ئۆي ـ ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. بۇ باللارنىڭ ئىچىدە ئابدۇۋەلىنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن ياڭراق چىقاتتى.

رامىزانغا ئون بولغاندا رامىزان ئېيتىش باشلىناتتى. ھېلىقى ئاغا ـ ئىنى ئۈچ تاشچىلارنىڭ بىرى مەسۇم تاشچى دېگەن كىشى بارات ئېيىدىن باشلاپلا گۇللۇك كىمە، ھەر خىل پانۇسلارنى ياساپ تەييارلىق قىلاتتى. رامىزان ئېيتىدىغان كۈنى كەچتە ئۇ گۇللۇك كېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزى چۈشۈپ كېمىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. چەتتىن قارىغان ئادەمگە ئۇ خۇددى كېمىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ كېمىنى بىمالال ھەيدەپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى گۇلدەستىچى، ئەتراپىدا ئون ـ يىگىرمە پانۇسچى ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئىچىگە شامچى مەھەللىنىڭ يوغان شاملىرى يېقىلغان بۇ پانۇسلار ئىچىدە، ئەتراپىغا ئۇششاق قەغەز گۇللەر يېپىشتۇرۇلغان چۆچۈرە پانۇس دەمسىلەر، قاقىر پانۇس، گۇللۇك پانۇس دەمسىز، ئىشقىلىپ ھەممە خىلدىكى پانۇسلار تېپىلاتتى. بۇنىڭغا يەنە ئۇششاق باللار، تاماشا كۆرگۈچىلەر قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك بىر رامىزانچىلار توپى ھاسىل بولاتتى. ئۇلار دەسلەپتە رامىزان ئېيتىشنى ھال ـ ئەھۋالى ئوتتۇرىراق ئائىلىلەردىن باشلايتتى.

روزىنى ئۇن تۇتۇپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.
بۇ روزا ئۇتتۇز ئىكەن، مېھمان ئىكەن،
روزىنى تۇتمىغانلار ھايۋان ئىكەن.
رامــــزان ئــالــلا شەھرى رامىزان، خۇش
مۇبارەك كەلدىلەر شۇ رامىزان.

ئاندىن ئۇلار كانتا باي، چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختايتتى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ پەرمانىغا پاتقان بايلار.
روزىنىڭ ئونى كۈنى — قەدرى كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ قېنى.
روزى تۇت، ناماز ئۆته جانىڭ ئۈچۈن،
خەيرى قىل، زاكاتنى بەر مالىڭ ئۈچۈن.
رامىزان ئاللا شەھىرى رامىزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر بۇ رامىزان.

رامىزانچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باينىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىراش كېلىپ دەرۋازا قاناتلىرىنى ئاچاتتى. رامىزانچىلار توپى ئۇزۇم باراڭلىق قورولارغا كىرىپ، پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا توختاپ كېمە ئويۇنىنى باشلىۋېتەتتى. ئاتاقلىق داپچى ھەيدەر ئاكا كېمىنى باشلاپ مېڭىپ ئويۇنغا سالاتتى. كېمە ئىچىدىكى مەسۇم تاشچى ئالدى- كەينىگە مېڭىپ، ئېقىن سۇدەك ئىتتىك يورغىلاپ كــېــمــىــنى ھەيــدىــگەن، دەريادىن ئۆتكۈزگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادە قىلاتتى. ئۆمەر دوققا دېگەن كىشى ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى چىقىرىپ ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرەتتى، ئاندىن ئۇسسۇل ناخشىسى باشلىناتتى:

تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
ھالىم قالمىدى.
يار قېشىغا بارار ئىدىم،
توخۇ چىللىدى.
سوراڭلارچۇ شۇ توخۇدىن،
نېمىدەپ چىللىدى؟
قوندىقىدىن يېقىلدى ئۇ،
بويىنى سۇنمىدى.
باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مېنىڭ يارىمنى.
ئېگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ،
بويى تالىمنى.
ئېگىز داۋان ئاشماغۇنچە،
قارا كۆرۈنمەس.
قارا يورغا مىنمەگۈنچە،
يوللار كېزىلمەس①...

داپ ـ دۇمباق سادالىرى ئەۋجىگە چىقاتتى. ناخشا بىلەن تەڭ ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. بايىنىڭ خېنىملىرى پەتنۇسلارغا رامىزانچىلارغا ئاتىغانلىرىنى سېلىپ چىقىپ ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈشەتتى...

ئابدۇۋەلى مۇنداق كېمىچىلەر توپىغا ئەگىشىپ بەزىدە ناھايىتى يىراقلاپ كېتىپمۇ قالاتتى، قانچە قېتىم ئۇنى دادىسى ئارقىسىدىن ئىزدەپ بېرىپ، قولىدىن يېتىلەپ قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئارقىسىغا قاراپ تارتىنىشىپ تەستە ماڭاتتى. رامىزانچىلاردىن يىراقلاپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ كۆز

① ھازىرقى «قارا يورغا» ئۇسسۇلى خەلق ئىچىدىكى مۇشۇ ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئــالدىدىن ئۇسسۇلچىلارنىڭ پىرقىراشلىرى كەتمەيتتى، قۇلىقى تۇۋىدە رامىزانچىلارنىڭ قوشىقى ئۇزاققىچە ياڭراپ تۇراتتى···

※ ※

شەھەرنىڭ شىمالىي چېتىدىكى بۇلاق دادامتۇ مەھەللىسىگە چىقىپ كېتىدىغان چوڭ يول ئۇستىدە «تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سەيلىگاھ بار ئىدى. پىلچىنىڭ غولىدىن ئايرىلغان ساينىڭ سۇيى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە يېيىلىپ ئاقاتتى. قىيان كەلگەندە سۇ تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. سۇ بويىدىكى تۇزلەڭدە مەجنۇنتاللار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۇپ، بۇ يەردە بىر تەبىئىي تاللىقنى ھاسىل قىلغانىدى. ياز كۇنلىرى شەھەر خەلقى بۇ يەرگە سەيلىگە چىقىشاتتى. ئاشۇ تاللىقنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كــىچــىككىنە دۆڭلۇكتە ئايۇپ باشلىق ئۈچ قەلەندەرنىڭ گەمە ئــۆيلىرى بار ئىدى. «قەلەندەر» ئاتالغان بىلەن ئۇلار ئادەتتە ھېچكىمدىن سەدىقە سورىمايتتى. ئۇلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغىنىنىمۇ چۇشىنىپ بولمايتتى. بۇ «سىرلىق ئــادەمــلــەر»مــۇ ئــابــدۇۋەلــىــنىــڭ باللىق قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى.

ئــۇلار ھــەر پــەيشەنبە كۇنى ئۇزۇن كۇلاسىنىڭ ئۇستىگە ســەللىلىرىنى يۆگەپ، پۇتىغا يۇمشاق مەسە، ئۇستىگە يوللۇق پەرىجــە، ئــىچــىــگــە ئــاپــئاق يەكتەكلىرىنى كىيىپ، يېنىغا بــۇرغــىــلــىــرىــنــى ئــېــســىــشــىــپ، شەھەرگە قاراپ ماڭاتتى. توغرىكۆۋرۇككە كەلگۇچە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ جىمجىت كــېلىپ، توغرىكۆۋرۇك سۇيىنىڭ بويىدىكى زىلاۋۇدۇن ھاجىم مەسچىتىنىڭ ئالدىدا بىردەم ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىشاتتى - دە، ئــاندىن بىرى بۇرغىنى چېلىپ، قالغان ئىككىسى «ئاللاھۇ!» دېسە، «ھۇ!» دەپ دولانا دەرۋازىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. شۇ

چاغدا ئايۇپ قەلەندەر ئۆزىنىڭ بوم ئاۋازى بىلەن تەلقىن باشلايتتى:

هەقتائالا ئەمر قىلدى، يائاللا،
سەجدە قىل ئادەمگە دەپ، يائاللا.
سەجدە قىلغان قۇللىرىڭنى، يائاللا،
جەننەتكە مېهمان ئەيلە دەپ، يائاللا.
قادىرى قۇدرەت بىلەن، يائاللا،
بىزنى ئەزىز جان ئەيلىدى، يائاللا.
شۇكرى لىللا جان بېرىپ، يائاللا،
نۇر بىلەن ئىمان ئەيلىدى، يائاللا.

شۇ يىللاردا توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىدە قەمىخان موما، هۇزۇر ئايلام، رانىخان موماي، خېنىم ئاغىچا، زۇمۇنخېنىدەم دەيدىغان، يېشى سەكسەنلەردىن ھالقىغان مومايلار بولىدىغان. بۇ ئايالار هېلىقى ئۈچ قەلەندەرنىڭ تەلقە ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن بېشىغا ئاق ياغلىقلىرىنى ئارتىشىپ، ياغلىق ئۈستىگە جىيەكلىك كىمخاب دوپپىلىرىنى بېسىپ كىيىپ، نان ـ توقاچ سېلىنغان پەتنۇسلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىقىپ كېلەتتى. ئۇلار قەلەندەرلەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە تەلقە ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ ساما سېلىشاتتى. ئەتراپقا بىردەمدىلا ئادەملەر ئولىشىپ كېتەتتى. مومايلار ھەربىر پىرقىرىغاندا قات ـ قات ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى يۇتىغا يۆگىشەتتى... قەلەندەرلەر مومايلارنىڭ سوۋغىتىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە «ھۇ!» تارتىپ مېڭىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىشەتتى.

سەن ـ سەن دۇنيا سەن دۇنيا، يائاللا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟ يائاللا.

مەنمەن دېگەن يارەننى، يائاللا
يەر قويىنغا ئالدىڭسەن، يائاللا...

قەلەندەرلەر دولانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئۇدۇل ماڭغىنىچە بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەڭدەرۋازا[1]تەرەپكە قاراپ بۇرۇلۇشاتتى ـ دە، دەڭدەرۋازىنىڭ تېشىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىغا بېرىپ توختايتتى. شۇ يەردە ئۇلار چۇشكىچە تەلقىن ئوقۇشاتتى. كىشىلەر ئاتىغىنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇشاتتى.

قەلەندەرلەر شاھىمەن، يائاللا،
ئالەم ماڭا ۋەيراندۇر، يائاللا.
پايتەخت گۇلخانىم، يائاللا،
ئوردام ـ قەلەندەرخانىدۇر، يائاللا...

بۇ قەلەندەرلەر توغرىكۆۋرۈك كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە ئابدۇۋەلى كىشىلەر توپىغا قىستىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئەگىشىپ باراتتى. قەلەندەرلەرنىڭ غەلىتە قىياپىتى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ «ھۇۋ» تارتىشلىرى كېچىلەردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ سەبىي بالىلىق تۇيغۇسى بۇ قەلەندەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۇندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرگەن ئادەتتىكى ئادەملەردە ئۇچرىمايدىغان بىر روھنى ھېس قىلاتتى. بىر كۇنى ئۇ دادىسىدىن:

— دادا، ھېلىقى بىزنىڭ كوچىدىن ئۆتىدىغان قەلەندەرلەر قانداق ئادەملەر؟ — دەپ سورىدى.

---

[1] دەڭدەرۋازا — غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى.

— ئۇلار قەلەندەر ئەمەس، ئاشىقلار، — دەپ چۈشەندۈردى ھەبىبۇللا ئاكا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئۇلار مال- دۇنيانى ئۆزىگە دوست تۇتمايدۇ. خۇداغا ئاشىق...

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ ئاشىقلار ھەر يىلى باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن شەھەردىكى بارلىق ئىمام- مەزىن، سوپى- ئۆلىما، يېتىم- يېسىرلارنى تاللىقا چاقىرىپ، يىل بويى يىغقان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، مېھمان قىلىپ تۈگىتىۋېتىدىكەن.

## تۆتىنچى باب

# ھەببۇللا ئاكا

ئابدۇۋەلىگە ئەزان قىچقىرىپ ئىسىم قويغان بوۋىسى جارۇللا ئىمام نەۋرىسىنى ئىنشائالللا نېسىپ بولسا قارىي قۇرئان قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بەختكە قارشى ئۇ ئابدۇۋەلى مەكتەپ يېشىغا يەتمەستىنلا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا جارۇللا ئىمامنىڭ يېشى سەكسەندىن ھالقىغانىدى.

ئابدۇۋەلىنىڭ دادىسى ھەببۇللا ئاكا بەستلىك كەلگەن، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇ كۆپرەك بېشىغا ئاق مالخاي، ئۈستىگە ياندىن تۈگمىلىنىدىغان تىك ياقىلىق كۆڭلەك كىيىپ، يېنىغا چەندازا ئېسىپ يۈرەتتى. پۇتىغا گوجەي ئوراپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلايتتى. بۇ ئادەمنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا تونۇش - بىلىشلىرى كۆپ ئىدى. باھاردا ئۇ ئاشۇ ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ بىنەم يېرىنىڭ يېنىغا ئاز - تولا بۇغداي چېچىپ قويۇپ، كۈزلۈكى ئورۇپ - تېپىپ كىرىپ قىشلىق ئوزۇق قىلاتتى. كۆپرەك ئۇ تۇرپانىيۇزى يۇقىرىسىدىكى بىنەملىككە ئۇرۇق سالاتتى.

ئاغا - ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا جارۇللا ئىمامدىن قالغان بىر ئۆكۈز ھارۋا بار ئىدى. ھەببۇللا بۇ ھارۋا بىلەن ياز كۈنلىرى تۇرپانىيۇزىدىكى خۇمدانلاردىن بايلارنىڭ شەھەرگە سېلىۋاتقان ئۆي - ئىمارەتلىرىگە خاك، خىش توشۇيتتى؛ قىش كۈنلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى گاڭگۇل، لەنتەيزە، پىلچى خاڭلىرىدىن كۆمۈر ئەكېلىپ ساتاتتى. ئۇ زاماننىڭ ئۆكۈز ھارۋىلىرى تولىمۇ

كېلەڭسىز ئىدى. چاقى ئوقى بىلەن بىللە چۆرگىلەيتتى. يوللارنىڭ يامانلىقى هارۋىكەشنى زار - زار قاقشىتاتتى. ئۈزۈلمەي ماڭغان ئات هارۋىنىڭ چاقلىرى يول بويى چوڭقۇر كاتاڭلارنى هاسىل قىلاتتى. ئەتىياز يېقىنلاشقانسېرى بۇ كاتاڭلار تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، يوللار بېزەپلىشىپ كېتەتتى. خاڭدا كۆمۈر بېسىق چاغلاردا قۇدۇق بېشىدىكى گۈلخان ئەتراپىدا كۈرەك جۇۋىنى غېرىبچىسىغا يېپىنىپ كۈنلەپ - تۈنلەپ قالىدىغان ئىشلار پات - پات بولۇپ تۇراتتى.

هەببۇللا ئاكا كۆمۈرنى بېسىپ ماڭغاندا ئۆكۈزگە جاپا قىلماسلىق ئۈچۈن پىيادە ماڭاتتى. بەزىدە ئۆكۈزگە ياندىشىپ هارۋىنى تەڭ سۆرەيتتى. ئۇ چاغلاردا خاڭنىڭ داۋانلىرى هارۋىكەشنىڭ جېنىنى ئالاتتى. هارۋىنىڭ چاقى كاتاڭلارغا هەربىر قېتىم جالاقلاپ چۈشكەندە، هارۋىكەشنىڭ يۈرىكىمۇ تەڭ ئېغىپ «خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت!» دەيتتى. داۋانلاردىكى يولنىڭ تارلىقى ۋە خەتەرلىكىدىن ئات - ئۇلاغ بىلەن تۆۋەنگە بىراقلا غۇلاپ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتى… تۈز يولغا چىققاندا هەببۇللا ئاكا «خۇداغا شۈكرى!» دەپ هارۋىسىنى يانداپ مېڭىپ، ئۆكۈزگە يېنىك قامچا ئۇرۇپ قويۇپ ناخشىسىنى باشلىۋېتەتتى:

ئىلىخونىڭ تاغلىرى،
تاغلىرىدا خاڭلىرى.
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ
يوقسۇللارنىڭ باللىرى.
ئىلىنىڭ داۋانىدىن
ئورۇق ئات ئۆتەلمەيدۇ.
خاڭدىكى مۇساپىرلار
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ.

قەشقەردىن چىققان باللار،
تەڭدىن تولىسى خاڭدا.
يۈرتىغا كېتەي دېسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا...

ھەبىبۇللا ئاز گەپ قىلىدىغان ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى. ئابدۇۋۇەلى دادىسىنى ئەتىسى - ئاخشىمى جوزىغا ئولتۇرغاندا — تاماق ئۈستىدىلا كۆرۈپ قالاتتى. ئاندىن بۇ ئادەم يەنە كۈن بويى تىرىكچىلىك بىلەن سىرتتا يۈرەتتى. ھەبىبۇللا جوزا يېنىدا چاينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۈنچىقماي، گويا ئۆزىنىڭ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى ناخشا بىلەن بايان قىلماقچى بولغاندەك، جوزىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ «گۈلزارەي» ئاھاڭدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى:

ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن،
دوستلىرىم ئامان بولسۇن.
دوستلىرىمغا قەست قىلغان
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.
قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم يېتىپ كەلسە،
غېرىب بىچارە، دەپ ساتسۇن...

ئابدۇۋەلى دادىسىنىڭ ناخشىسىنى جوزىنىڭ گىرۋىكىگە ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ تىڭشايتتى. ناخشىنىڭ سېھىرلىك ئاھاڭى ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى، كىشىلەر قەلبىدىكى نۇرغۇن سىرلارنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

※ ※

ئاز ئۆتمەي ئاغا ـ ئىنىلار موھتاجلىقتىن ئۆكۈز ھارۋىنى سېتىپ، پۇلىنى بۆلۈشۈپ خىراجەت قىلىشتى. ھەببۇللا دەڭدەرۋازىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆمۈر بازىرىدا[1] سەھەرلەردىن كۆمۈر ئەكىرگەن ھارۋىكەشلەرنىڭ كۆمۈرىنى ئېلىپ پارچە سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولدى. بۇ بازاردا پەنجىمىلىكلەرنىڭ كۆمۈر باسقان ھارۋىلىرى قاتارلىشىپ تۇرۇپ كېتىشەتتى. تاپقان پۇلى كۈندىلىك خىراجىتىگە ئاران يېتىدىغان شەھەر كەمبەغەللىرى سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ پارچە كۆمۈر سېتىۋالاتتى. ھەببۇللاغا ئوخشاش پارچە كۆمۈر ساتقۇچىلارنى «مېيىپەنزىلەر» دېيىشەتتى. ھەببۇللا بەزىدە ھارۋىكەشلەرنىڭ كۆمۈرىنى خېرىدارلارغا سودا قىلىپ بېرىپ ئانچە ـ مۇنچە چاي پۇلىمۇ ئالاتتى. مېيىپەنزىلەر چۈشلۈك تاماقنى ئادەتتە بازاردىلا يەيتتى. ئەينى يىللاردا خەنزۇ بازىرىدىكى ئاشخانىلارنىڭ قاتارىدا خۇيزۇلار ئاچقان «تيەنجىن گەنزە» دېگەن بىر داڭلىق ئاشخانا بار ئىدى. ھەببۇللا ئەنە شۇ ئاشخانىنىڭ خېرىدارلىرىدىن ئىدى.

ھەببۇللا پېرىگە داپ چېلىشقا ئۇستا ئىدى. توغرىكۆۋرۈك ئەتراپىدا پېرە ئوينالسا ئۇ چاقىرىلماي قالمايتتى. ئۆكۈز ھارۋىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەببۇللا ئەمدىلىكتە قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى پېرىلەرگە داپ چېلىپ بېرىپ ئاز ـ تولا تاپاۋەت قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئاغرىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا داۋالاش بولمىغان ئۇ زامانلاردا مۇنداق پېرە ئويۇنى تازىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. ياشلار كەچلىكلىرى قىلغۇدەك باشقا ئىشى بولمىغاچقا «پالانى يەردە پېرە باركەن» دېسە مەھەللە ئاتلاپ بېرىشاتتى. توغرىكۆۋرۈك، ساي مەھەللىلىرىدە ئاۋۇت باخشى، مەخپىر

① بۇ بازار ھازىرقى «ئىلى تىياتىر كۇلۇبى» ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

باخشى، ھاشىم باخشى دەيدىغان داڭلىق باخشىلار بار ئىدى. «چوكان باخشى» دەيدىغان يەنە بىر ئايال باخشىمۇ بولىدىغان. قەدىمكى شامان، ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرى تەسىرىدىن قالغان بۇ «پېرە ئويۇنى» غەلىتە ۋە قىزىق بولاتتى. بۇ ئويۇن كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە شۇ زاماننىڭ ناخشا- ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆزىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزگىچە تۇس ئالغانىدى.

ئۇششاق باللار قورقۇش ۋە قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن پېرە بولغان ئۆيلەرنىڭ پەنجىرىلىرىگە يامىشاتتى. ئابدۇۋەلى تۇنجى قېتىم دادىسىغا ئەگىشىپ پېرىگە بارغان كۈننى زادى ئۇنتۇمايدۇ. بۇ كېچە ئۇنىڭغا ئاجايىپ سىرلىق خاتىرىلەرنى ھەدىيە قىلغانىدى… ئۇ دادىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، پېرە بولىدىغان ھويلىغا كىرىش بىلەن بۇلۇڭ- پۇچقاق، تام تۈۋلىرىگە يېقىۋېتىلگەن نۆكچىلارنى كۆردى. ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان ئىسرىقدانلاردىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ھاۋانى ماي ۋە ئادراسماننىڭ ھىدى قاپلىغانىدى. نېرىراقتا داپچىلارنىڭ داپ قىزىتىشى ئۈچۈن يېقىپ قويۇلغان گۈلخان كۆيۈپ تۇراتتى.

پېرە بولىدىغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارغامچىدىن تۇغ بېكىتىلىپ، تۇغ بېشىغا يەتتە ئۆيدىن تىلەپ كېلىنگەن ئالىيېشىل بوغقۇچلار باغلىۋېتىلگەنىدى. پېرىگە چاقىرىلغان قولۇم- قوشنىلار تام ياقىلاپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. كېسەل كىشىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقا ئېسىلدۇرۇپ، قىبلىگە قارىتىپ يۈكۈندۈرۈپ قويغانىدى. باخشى تاھارەت ئېلىپ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ، كېپەندەك كەڭ، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكنى كىيىپ، داپنى قولىغا ئالدى. باخشىلار چالىدىغان داپ ئادەتتىكى داپلاردىن بىر ھەسسە يوغان بولاتتى. باخشى داپنى ئاستا شىرىقلاتقىنىچە كېسەلنىڭ بېشىغا كېلىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا،
ئىش باشلىدىم بىسمىللا،
قۇرئان بېشى بىسمىللا،
يولغا كىردىم بىسمىللا،
ياسىن بېشى بىسمىللا.
بىسمىللانىڭ ھۆرمىتىدىن،
ياسىنلارنىڭ دېمىدىن،
قۇرئانلارنىڭ نۇرىدىن،
تىلەك تىلەي سېنىڭدىن،
ئىجازەت قىل خۇدايىم.
......
ئاللاھۇ مۇتەللەمدىن،
جاپايى ئالەمدىن،
جىمىكى لەشكەرلەردىن،
ھەزرىتى خۇدايىمدىن،
قۇدرىتى خۇدايىمدىن،
جاپايى ئالەمدىن...

باخشى ئەنە شۇنداق سىرلىق سۆزلەر بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئوقۇغاندىن كېيىن، داپنى داپچىلارغا چۆرۈپ بېرىپ، تۇغنى چۆرگىلەپ پىرقىراشقا باشلىدى. داپچىلار قىزىتىلغان داپلىرىنى بولۇشىغا داراڭلىتىپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان پېرە ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى:

زۇلپىي - زۇلپىي ھەسسۇلتان غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي ھەق ساماساق غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي خان پاشا غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي غوجا سەت غوجام.

زۇلپىي - زۇلپىي غوجاخمەت غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي سىيىت ئاپئاق غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي شاھزادە غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي تۇغلۇق تۆمۈرخان غوجام،
زۇلپىي - زۇلپىي شەيخ بۇزرۇكۋار غوجام.
......

بىر تەلپىم پىرلاردىن،
بىر تەلپىم سىلەردىن،
بىر تەلپىم تۇغلاردىن،
بىر تەلپىم پىرلاردىن،
پىرلار ھەققى تىلەيمەن.
تۇغلار ھەققى تىلەيمەن...

باخشى قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ «ئاللا، دە!» دەپ ۋارقىراپ تېخىمۇ تېز پىرقىراشقا باشلىدى. داپچىلار داپنى تېخىمۇ قاتتىق داراڭلىتىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقىلى تۇردى:

چىلتەنلىرىڭ چىل بولدى،
باسقان ئىزىڭ كۆل بولدى،
ئەنبىيا ھەققى تىلەيمەن،
ئەۋلىيا ھەققى تىلەيمەن،
يېتىملار ھەققى تىلەيمەن،
شېھىتلار ھەققى تىلەيمەن.
يائاللا يەي، يائاللا،
يائاللا يەي، يائاللا!...

باخشى چوڭ ئۆيۈنغا چۆشۈش بىلەن داپچىلار تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. باخشى بۆرىدەك ھۇۋلاپ، «ئاللا، دە!» دېسە، «ئاللا،

دە!» دەپ قۇيۇندەك پىرقىرايتتى. ئۇنىڭ كەڭ كۆكلىكىنىڭ ئېتەكلىرى پۈتى ئەتراپىدا دۇپدۇگىلەك دائىرە هاسىل قىلاتتى. بۇ — ئەلنەغمىمۇ، كېسەلنى داۋالاشمۇ ياكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئەسەبىيلىكىمۇ؟ هېچنېمىنى پەرق ئېتىپ بولمايتتى. ئابدۇۋەلىگە جىن ـ ئالۋاستىلار نەق پېرە بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە دۇكۇرلەپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. باخشىنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، ئاغزىدىن چىققان كۆپۈكلەر هەر تەرەپكە چاچرايتتى. ئۇ خەنجىرىنى شاراقلىتىپ هەربىر ئادەمگە هەيۋە قىلىپ، پىرقىراپ كېلىپ كېسەلنى خەنجەرلەيتتى. ئادەملەر قورقۇنچ ئىچىدە «ئاللا!» دەپ چۇقان سېلىشاتتى...

ئادەتتە مۇنداق چوڭ پېرىلەرنىڭ ئاخىرى كېسەل غولىغا كەتمەننى قىزىتىپ بېسىش، توخۇ بوغۇزلاپ قېنىنى ئېقىتىشقا ئوخشاش رەسمىيەتلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. سەهەرگە يېقىن كېسەلنى باش ـ كۆزىنى چۆمكەپ تالاغا ئاچىقاتتى، بۇ «كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلاتتى. جىنلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قايتا ئوت يېقىپ، ئىسرىق سېلىپ كېسەل بېشىدىن ئۆرۈپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، كېسەلگە «ئىددەت» سېلىپ قوياتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاغرىق ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە تالا ـ تۈزگە چىقمايتتى. ئىددىتى ئىچىدە يات كىشىلەرنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. بەزى ئېغىر كېسەللەرنى ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە داۋاملىق ئوينىتىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. مۇنداق پېرىلەردە داپچىلار پېرە ناخشىلىرى توگەپ قالسا، خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتىۋېرەتتى. بەزىبىر نېرۋا خاراكتېردىكى كېسەللەر ئاشۇ ناخشا ـ ساز، چۇشىنىكسىز هەرىكەتلەرنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن ساقىيىپمۇ قالاتتى؛ بەزى كېسەللەر هارغىنلىق يېتىپ جەهەننەمگە بىراقلا سەپەر قىلاتتى.

※ ※

تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىنمۇ ياكى تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى شۇنداقمۇ، ئاز كۈنلەردىن كېيىن ھەبىبۇللا ئۆزى ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ پات - پات بالىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، جوزىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتاتتى:

مەن ئۆزۈم نامرات يىگىت،
بالىلىرىمنىڭ ئەگنى يوق.
ئالتە يەردىن ئۇن تىلەپ،
ئەگلەكنى تاپسام، تەگنە يوق.
دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.

— بالام ئابدۇۋەلى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى ھەبىبۇللا، — ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر كۈنلەر كېلىدۇ. سەن چوڭ بولساڭ نېمە ئىش قىلارسەن؟

— ناخشىچى بولىمەن! — دېدى ئابدۇۋەلى ئويلانمايلا.

— ھەي جېنىم بالام! — دەپ كۈلۈپ كەتتى ھەبىبۇللا، — ناخشا ئېيتىپ جان باققىلى بولامدۇ؟! ناخشا دېگەن ئىچ پۇشۇقىدا كۆڭۈلدىكى ھەسرەتنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئېيتىپ قويىدىغان نەرسە. سېنى ئوبدانىراق بىر ھۈنەرگە بەرسەك بولاتتى.

ھەبىبۇللا كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ بالىلىرىغا ناخشىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ھەلىمە! — دەپ ئايالىنى چاقىردى بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ، — قاسىمنىڭ قېشىغا بالىلاردىن بىرەرىنى

ئەۋەتسەڭ، ئازراق يارماق ئۆتنە ئېلىپ كەلسۇنمىكىن.

قاسىم تاشچى ھەبىبۇللانىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. ھەلىمىخان ئابدۇۋەلىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە يولغا سالدى. ئۇ كەملەردە سېرىق مايلىق قەغەزدىن ئىشلەنگەن گوۋازا پۇللار، يېپقا ئۆتكۈزۈلگەن مىس يارماقلار، بامبۇك ياكى مېتالدىن ياسالغان پەيزى، لىڭپياۋ ئوخشاش يەرلىك ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىلمۇخىل پۇللىرى خەجلىنەتتى. قاسىم تاشچى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئابدۇۋەلىنىڭ بىلىكىگە ئىككى تىزىق يارماقنى ئارتىپ قويۇپ:

— ئوغلۇم، ئاز بولسىمۇ ماۋۇ پۇلنى خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭلار، كېيىن يەنە ئەۋەتىپ بېرەرمەن، — دېدى.

ھەبىبۇللا پۇلغا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ماتا ئالدۇردى. بىلگەندەك ئاز كۈندىن كېيىنلا ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ ئەللىك ئالتە ياشقا كىرگەنىدى.

## بەشىنچى باب

# مەكتەپ

ئابدۇۋەلىنىڭ ئانىسى ھەلىمىخان ئوتتۇرا بوي، زىلۋا ئايال ئىدى. ھەببۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ بەش بالا بىلەن قالدى. ئابدۇۋەلىنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك ئاكىسى، ئىمىنەم دېگەن ھەدىسى، غوپۇرجان دەپ ئىنىسى ۋە شەرۋانەم ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. بۇ بەش بالا بىلەن تۇل قالغان ئانا بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىش ـ كۈشىنى قىلىدىغان بولدى. ھەلىمىخان ساڭزا سېلىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ھېيت ـ ئايەملەردە ئۇ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ساڭزا سېلىپ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. باشقا چاغلاردا ئۇنىڭ ساڭزا سالغاندا ئىشلىتىدىغان مايدا قىزارغان بىر جۈپ ياغىچى تورۇستا قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ھەلىمىخان يەنە مەھەللىدىكى تۇغۇت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى. كۈندۈزلىرى خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە پالاقلاپ، كېچىلىرى بالىلىرىغا تاماق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ يىرتىقىنى يامايتتى. مۇشۇنداق تىنىمسىز پالاقلاشلار سەۋەبىدىنمىكىن، ئۇ تولىمۇ ئورۇق، ئاجىز ئىدى. بەزى كېچىلىرى ھەلىمىخان بالىلىرىنى ياتقۇزۇۋېتىپ، چىراغ تۈۋىدە ياماق ياماپ ئولتۇرۇپ ئاستا ناخشا ئېيتىپمۇ قوياتتى:

گۈلمۇ خوپ، غۇنچىمۇ خوپ،
ئېچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.

چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ...

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىقتا تولا يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

مۇنداق چاغلاردا قاتار ياتقان باللار ئىچىدە بىرلا بالا سەبىي كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئويغاق ياتاتتى. ئاپىسىنىڭ ناخشىسى ئابدۇۋەلىنىڭ خىيالىنى چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان بۇ ئۆيدىن يىراقلارغا ئەكېتەتتى. قاسىم تاشچىنىڭ هويلىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۇللەر، باهار قۇشلىرى ئۇچۇپ ئۆتىدىغان تىنىق كۆك ئاسمان، بارات كېچىسى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي، تۇغنى پىرقىراپ هۇۋلاۋاتقان باخشى، مۇدهىش ئۆلۈم، گۈزەللىك - خۇنۈكلۈك، يارىلىش - يوقىلىش هادىسىلىرىگە تولغان بۇ دۇنيا بالىغا تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى... تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت كېلەتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ دادىسى دەپنە قىلىنغان كۈنى پىژ - پىژ ئاپتاپلىق ئىسسىق بولغانىدى. جامائەت تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ئالتۇنلۇققا[1] ئاچىقىشتى. تۇپراق بېشىغا كەلگەندە، كىمدۇر بىرى ئابدۇۋەلىنى قولىدىن يېتىلەپ تامنىڭ تۈۋىدىكى سايىگە ئەكېلىپ قويدى. ئابدۇۋەلى ئەنە شۇ يەردە تۇرۇپ مەهەللە ئىمامىنىڭ سوزۇپ ئوقۇغان ئايىتىنى ئاڭلىدى. تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا جوزىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتقان مېهرىبان دادىسىنىڭ ئەمدى مەڭگۈ

① ئالتۇنلۇق — غۇلجىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چوڭ قەبرىستانلىق.

قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ قارا يەرنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىپ بارغانلىقىغا ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشەندۈرەلمەيتتى...

— ئابدۇۋەلى، ئويغاقمۇسەن؟

— ھە.

— يىغلاۋاتامسەن نېمە؟

— دادام ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئاپا.

— ئۆلۈم دېگەن ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار، بالام...

— سەنمۇ ئۆلۈپ كېتەمسەن؟ مەنمۇ ئۆلمەنمۇ؟

— خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىمىز ئۆلىمىز. مانا مۇشۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بوۋاڭدىنمۇ، داداڭدىنمۇ ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالدۇق. بوۋاڭ رەھمەتلىك ئىسسىڭنى قويىدىغان چاغدا، يىغلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ «كىچىككىنە تۇرۇپ ئاۋازىنىڭ يامانلىقىنى قاراڭلار بۇنىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆزۈم ئوقۇتۇپ قارىي قۇرئان قىلىمەن» دېگەنىدى. ئەتە سېنى پاكار موللامغا ئاپىرىپ بەرسەم بولامدىكىن...

ئابدۇۋەلى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە ماڭغان باللارنى كۆرگەندە «ئاپام مېنى قاچان مەكتەپكە بېرەر» دەپ ئۈزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئاپىسىنىڭ ھازىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ خۇشال بولۇپ ئۇخلاپ قالدى.

※ ※

پاكار موللامنىڭ مەكتىپى دولانا دەرۋازىسى ئىچىدە ئىدى. ئابدۇۋەلى بۇ يەردە بىرنەچچە ۋاقىت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆيگە يېقىنراق دەپ ئاقدەڭ مەسچىتى يېنىدىكى بۇرھان ھاجىم ئاچقان مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە باللار قوپال تاختايلارنى مىخلاپلا ياساپ قويغان پارتا ـ ئورۇندۇقلاردا قىستىلىشىپ

ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى گۈرجەك چوڭلۇقىدىكى تاختايغا يېزىپ بېرىلگەن خەتلەرنى يادلىشاتتى. باللارغا ساۋۇت خەلپىتىم، شەھەر ئىچىلىك تېيىپ قارى دېگەن كىشىلەر ساۋاق بېرەتتى. باللارنىڭ زىر - زەۋەرلەرنى ھەجىلەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى مەكتەپتىن خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باللار ھەر جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى. پەيشەنبە كۈنى باللارنى ئازاد قىلىۋېتىدىغان چاغدا مەكتەپنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ «ۋەشىشەمسى» ئوقۇيدىغان ئىش بار ئىدى. خەلپەت بۇ ئىشقا ئاۋازى ياخشى باللارنى بەلگىلەيتتى. ئابدۇۋەلىگە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش توغرا كېلىپ قالغان چاغلاردا ئۇ چوڭ باللارنى دوراپ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ: «ۋەششەمسى ۋەززۇھا، ۋەلقەمىرى ئىزا ساجاھا!...» دەپ ھەۋەس بىلەن ۋارقىرايتتى.

كېيىن، ئاقدەڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى سەدىر ئىمام يەتتە - سەككىز يېتىم بالىنى يىغىپ، مەسچىت ئىچىدىكى ھۇجرىدا ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئابدۇۋەلىمۇ بۇ مەكتەپكە كىردى. رامىزان، بارات ئايلىرىدا مەسچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىرى بۇ باللارنى ئەگەشتۈرۈپ يىت - پوشكال يىغاتتى. باللارغىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر نېسىۋە تېگەتتى. رامىزان ئايلىرىدا مەسچىتتە قارىيلار خەتمىدىن ئۆتكەندە، خەتمە ئارىلىقىدا تەسۋى ئوقۇيدىغان ئىش بار ئىدى. سەدىر ئىمام ئاۋازى ياخشى بىرنەچچە بالىنى تەسۋى ئوقۇشقا ئۆگەتكەنىدى. بۇ باللارنىڭ ئىچىدە ئابدۇۋەلىمۇ بار ئىدى. تەسۋى: سۇبھانەزىل مۇلكىۋەل مەلەكوت، سۇبھانەزىل ئىززەتىۋەل، ئەزەمەتىۋەل، قۇدرەتىۋەل، كىبرىياتىۋەل جەبەروت... دېگەن سۆزلەر بىلەن ئوقۇلاتتى. ئابدۇۋەلى بۇ ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، تەسۋىنىڭ ئاھاڭىنى ناھايىتى مۇڭلۇق كەلتۈرۈپ، بېرىلىپ ۋارقىرايتتى. بەزىدە ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ «ھوي، مۇنۇ جارۇللا ئىمامنىڭ نەۋرىسىنىڭ نەپسى قالتىسكىنە!» دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ كېتەتتى.

※ ※

يوقسۇللۇق ئابدۇۋەلىنى نۇر ئاقساقال مەسچىتى ئىچىدىكى مەكتەپكە ئەكەلدى. ھەلىمخان: «نۇر ئاقساقال مەسچىتى ئىچىدىكى مەكتەپتە يېتىم بالىلارغا ئوبدان قارايدىكەن، ئوقۇش ھەققى ئالمايدىكەن» دەپ ئاڭلاپ ئوغلىنى شۇ مەكتەپكە ئەكېلىپ بەردى.

نۇر ئاقساقال مەسچىتى ئىلىدىكى ھەيۋەتلىك سېلىنغان مەسچىتلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەسچىت مېھرابىنىڭ ئاستىدىكى راۋاق بىلەن دەرۋازا ئۈستىدىكى راۋاقلارنىڭ ئۇچى كۆككە تاقىشىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. راۋاقلارنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك كېرىلگەن لەمپىلىرى ئاستىدا سانسىز كەپتەرلەر گۇگۇلدايتى. مەسچىت قورۇسى ئىچىگە تۆت چاسا چوڭ خىشلار تەكشى يېيىتىلغانىدى. مەسچىت ۋە راۋاقلارنىڭ تۈۋرۈك، لىم، توغرا ياغاچلىرى ۋە تامغا خىلمۇخىل گۈل - چېچەكلەرنىڭ شەكلى ماھىرلىق بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. مەسچىت قورۇسى ئىچىدە قاتار كەتكەن ھۇجرىلار، قارىيلار ئۈچۈن سېلىنغان خاس ئۆيلەر ۋە سەرراپ بار ئىدى. پېشايۋانلاردا دائىم تاھارەت ئۈچۈن سۇ تولدۇرۇلغان ئىۋرىقلار ھازىر تۇراتتى. بۇ مەكتەپتە كۆپىنچە خۇيزۇلارنىڭ بالىلىرى، شۇ ئەتراپتىكى بايلارنىڭ بايۋەچچىلىرى ئوقۇيتتى. يېتىم - كەمبەغەل بالىلارغا بايلارنىڭ مەسچىتكە قىلغان سەدىقە - زاكات پۇلىدىن دەپتەر - قەلەم، ئانچە - مۇنچە كىيىم - كېچەكمۇ قىلىپ بېرەتتى. ئوقۇش شارائىتى ۋە تۈزۈمى ئابدۇۋەلى ئىلگىرى ساۋاق ئالغان مەكتەپلەردىن خېلىلا ئالاھىدە ئىدى.

بۇ يەردىكى بەزى بالىلار ناھايىتى شوخ ئىدى. خەلپىتىم يوق چاغلاردا ئۇلار مەسچىتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دۈپۈرلىشىپ جاڭجال تېپەتتى. ئۇ چاغلاردا، يىراقلاردىن كېلىدىغان سودىگەرلەر

شەھەرگە تۆگە كارۋانلىرى بىلەن كىرىپ كېلەتتى. ئۈزۈن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كەلگەن بۇ تۆگىلەر بويىنىدىكى كولدۈرمىلىرىنى ئېغىر كولدۈرلىتىپ، ھۆرۈنلۈق بىلەن قەدەم ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسى ئەتراپىدىكى دەڭلەرگە قاراپ سىلجىيتتى، مەكتەپتىن قايتقان بالىلار يۈگۈرگىنىچە بېرىپ تۆگىلەرنىڭ تىزىدىكى ئۈزۈن يۇڭلارنى يۇلۇپ قاچاتتى ـ دە، ئاندىن بۇ يۇڭلارنى تۆمۈر يارماققا ئۆتكۈزۈپ جاڭزا ياسىشاتتى.

ئابدۇۋەلىنى ھەممىدىنمۇ بەك قىزىقتۇرىدىغىنى مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئاشۇ ئۈچ قەۋەتلىك ئېگىز پەشتاق ئىدى. پەشتاق ئۈستىدە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ناغرا چېلىناتتى. رامىزان ئايلىرىدا ناغرا شەك كېچىسىدىن باشلاپ بىر ئاي چېلىناتتى. زونىڭ ناغرىسى كېچە سائەت ئىككىدىن باشلاپ كىشىلەرنى ئويغىتاتتى. كۈندۈزدىكى ناغرا نامازدىگەردىن كېيىن باشلىنىپ تاكى ئېپتار ۋاقتىغىچە داۋام قىلاتتى. ھېيت ناغرىسى شەھەرنىڭ ئۈچ يېرىدە — شەھەر ئىچى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا، قارىدۆڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى پەشتاقتا ۋە نۇر ئاقساقال مەسچىتى ئۈستىدە چېلىناتتى. ھەربىر ناغرىخانىلارنىڭ ناغرا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تۇغبەگلىرى بولاتتى. ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى ھەممە ناغرىخانىلاردا نامازشامدىن باشلاپ ناغرا چېلىنىپ، ھېيتنىڭ خەۋىرى يەتكۈزۈلەتتى.

نۇر ئاقساقال مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مويسىپىتلار چېلىنىۋاتقان ناغرىغا قۇلاق سالغاچ، بەزىدە ناغرا توغرىسىدا قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى.

— بۇ ناغرا دېگەننىڭ تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن، — دەپ گەپ باشلايتتى مويسىپىتلارنىڭ بىرى، — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاتا ـ بوۋىمىز جەڭ ياكى شىكارلاردا شىدىيان پەدىسىنى، غەلىبە ـ خۇشاللىقلاردا شادىيانە پەدىلىرىنى چالاتتىكەن...

— بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى ھازىرقى قايناق،

تۇرپانيۇزى يېزىلىرىنىڭ يېنىدىكى «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان خارابىلىكلەرنىڭ ئورنى كاتتا شەھەر بولۇپ، شۇ يەرلەردىمۇ ناغرا چېلىناتتىكەنغۇ؟!

— ئۇنى دېسەڭلار، ئىلگىرى مۇشۇ سۇلتانئۇۋەيس مازىرى، «قاراتاش» دېگەن بىنەملىكلەردىمۇ ناغرىخانىلار بولۇپ ھېيت ـ ئايەملەردە ناغرا چېلىناتتىكەن.

— بۇ ناغرا چالىدىغان ئىشنى ھاكىمبەگ غوجاملارنىڭ ئوردىسى باشقۇرىدىغىنى قىزىق ـ ھە؟! — دەپ سورايتتى ئارىدىن بىرى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى مويسىپىتلارنىڭ يەنە بىرى بۇ سوئالغا، — ھاكىمبەگلەر ئوردىسىدا ئەزەلدىن ئىككى نەپەر ياساۋۇل، بىرقانچە پۇتۇكچى، سەككىز ـ ئون دورغا، ئىككى نەپەر ئوردىبېگى، يىگىرمە ـ ئوتتۇز نۆكەر، يەنە ئون ـ يىگىرمە ناغرىچى پىرقىسى دائىملىق خىزمەت قىلىدۇ. مانا شۇ شەھەرنىڭ دەريا بويىدىكى مەھەللىسىنى نېمە ئۈچۈن «ئايدۆڭ» دەيدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟... ئىلگىرى شۇ يەردە بىر دۆڭلۈك بولۇپ، كىشىلەر شۇ دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يېڭى ئاينى كۆرۈپ، ھېيت ـ ئايەمنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا بەگ ئوردىسىغا خەۋەر بېرەتتىكەن. ئوردا ئاندىن قايسى كۈنى ناغرا چالسا بولىدىغانلىقىنى قارار قىلاتتىكەن. كېيىن ـ كېيىن كىشىلەر شۇ دۆڭنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن مەھەللىنى «ئايدۆڭ» دەپ ئاتاشقان...

— ھە، مانا شۇ ئوردىدا ناغرا چالىدىغان ئون ـ يىگىرمە ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ئالۋان ـ سېلىقىنى يەنە خەلق تۆكەتتىكەن، — دەپ قوشۇمچە قىلاتتى يەنە بىرەيلەن، — كېيىن ئوردا ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە يەر ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مەھەللىنى ھازىرمۇ خەلق «ناغرىچى مەھەللىسى» دەيدىغۇ...

— ئۇنى دېسەڭلار، كۆچ ـ كۆچ ۋاقتىدا بەزىلەر «ئىلى سۇلتانلىقى ۋاقتىدا ئوردىدا ئىشلىتىلگەن ناغرا ـ دۇمباقلارنىمۇ ئـۇ تـەرەپكە ئەكەتكەنىكەن. ئۇلار بىرىپ يەركەنتتىكى ئۆسەڭ دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ھەر جۇمە ياكى توي ـ تـۆكـۈنلەردە ناغرا چېلىپ خەلقنى روھلاندۇرىدىكەن. ئەنە شۇ نـاغــرىچىلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىمۇ «ناغرىچى» دەپ نام بېرىلگەنىكەن...

ئـابـدۇۋەلـى چـوڭـلارنـىڭ مۇنداق گەپلىرىگە ئويناۋاتقان ئويۇننى قويۇپ قۇلاق سالاتتى.

ئـۇ زامـانـلاردا تـوغرىكۆۋرۈك ئەتراپىدا يۈسۈپ قالماق، ئىسرائىل پەش، مامازا، ھېيتاخۇن تاڭگازا، سادىق، ئاكا ـ ئۇكا ئـىسرائىل، ئىسمايىل قاتارلىق داڭلىق ناغرىچىلار بار ئىدى. ئـۇلار سېپىل ئىچى — بەيتۇللا تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناغرا ئاۋازىنى بىسىپ چۇشۇش ئۇچۇن بەس ـ بەستە ناغرا چېلىشاتتى. ئادەتتە ھەربىر ناغرىخانىلاردا باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ناغرا بولۇپ بىر جۇپتىن ئالتە ناغرا، بىر دۇمباق بولاتتى. ھېيت كۈنلىرى بۇنىڭغا يەنە كاناي، سۇنايلار قېتىلىپ قالتىس قىزىپ كېتەتتى. ناغرا پەدىلىرى: قوش سەنەم، مۇشاۋرەك، سەيلىگاھ، شادىيانە، سـەھـەريـار دېـگـەنـدەك چـوڭ پـەدىلەرگە بۆلۈنەتتى. ھەربىر پەدىلەرنىڭ يەنە چوڭ ـ كىچىك سەلىقىلىرى، چۇشۇرگىلىرى بـولاتـتى. ھېيت كۈنلىرى يېرىم كۇن شادىيانىگە چېلىنىپ، چـۇشـتـىـن كېيىن چوڭ پەدىلەرگە چېلىش باشلىناتتى. ناغرا چېلىشقا زوقمەن ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇستا ناغرىچىلار باش ناغرىدا ئولتۇراتتى. ئوتتۇرا، ئاياغ ناغرىلارنى چالغۇچىلار بـاش ناغرىغا ئەگىشىپ تەڭكەش قىلاتتى. يېڭى ئۆگەنگۇچىلەر ئىشنى دۇمباق ئۇرۇشتىن باشلايتتى.

ناغرىخانىنىڭ ئۇستى قالايمىقانلىشىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن پـەشـتـاقـنـىـڭ ئـاسـتـىـدا ئىشىك توسىدىغان ئادەم بولاتتى.

ھەۋەسمەنلەر ئىشىك تورىغۇچىغا مىڭ قېتىمچە يالۋۇرۇپ، ئۇستىگە چىقىش پۇرسىتىگە ئاران ئېرىشەتتى. بەزىدە مۇنداق بەختكە ئابدۇۋەلىمۇ مۇيەسسەر بولۇپ قالاتتى. ئايھاي! ناغرىخانىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىسىڭىز نېمىدېگەن ھەيۋەت دېمەمسىز. ناغرىخانا ئالدىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان شەھەر سېپىلى، مەھەللە ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان سانسىز تۇرخۇنلار، ئالىيېشىل كېيىنىپ، ناغرىخانا ئەتراپىدا ھېيت ئويناۋاتقان سانسىز ئادەملەر، كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن ياشلىقىنى ئەسلىشىپ ئولتۇرۇپ پەيزى ئېلىۋاتقان مويسىپىتلار، بىر - بىرىگە بېقىشىپ پىرقىراپ قىزىشىپ كەتكەن ئۇسسۇلچىلار... ئاتلىرىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق، خادىك ھارۋىلىرىنىڭ دوغىلىرىغا پەرەڭ ياغلىقلارنى ئېسىپ، قارىدۆڭ بىلەن شەھەر ئىچى، نۇر ئاقساقال مەسچىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۇلدۇرلەپ مېڭىپ تۇرغان ھارۋىلار... ناغرا - دۇمباقلارنىڭ گۇلدۇرلىگەن ئاۋازى، ئېلىپساتارلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، شادلىققا چۆمگەن بالىلارنىڭ چۇقانلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇۋەلىنىڭ خاتىرىسىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇراتتى... ئەنە شۇ يىللاردا ئۇ ناغرا پەدىلىرىگە قۇلىقىنى پىشۇردى. چوڭلارغا ئەگىشىپ دۇمباق ئۇرۇشنى ئۆگەندى. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە ئۇ نۇر ئاقساقال مەسچىتىنىڭ ئاساسلىق ناغرىچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

# ئىككىنچى قىسىم

# تىرىكچىلىك يولىدا

# ئالتىنچى باب

# تاڭگازىچى بالا

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئابدۇۋەلىنى غەمسىز ئوينايدىغان بالىلىق تۇرمۇشتىن تېزلا قول ئۈزۈپ تىرىكچىلىك يولىغا كىرىشكە ئالدىراتتى.

20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا توغرىكۆۋرۈكتە ئابدۇلغوجا دېگەن بىر كىشى تاڭپاڭ[1] ئاچقانىدى. ھەلىمخان ئوغلىنى «ئىشقا كۆزى پىشىپ قالسۇن» دەپ شۇ يەرگە ئاپىرىپ بەردى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ تاڭپاڭخانىدا كىچىك بالا قىلىشقا لايىق ئىشمۇ يوق ئىدى. ھەممە ئىش كۈچ تەلەپ قىلاتتى. تاڭپاڭخانىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ئاشلىق ئېچىتىلىدىغان غايەت زور ياغاچ تۇڭلار بار ئىدى. يوغان داش قازاندا دائىم پورۇقلاپ قىيام قايناپ تۇراتتى. ئىشلەمچىلەر داش قازاندىكى قىياملارنى ئۇزۇن ياغاچلار بىلەن توختىماي چېلىپ، قويۇلغاندا ئەمبەللەرگە ئالاتتى. ئاندىن ئۇنى تارتىپ پىشىلدۇرۇپ، ھەر خىل تاڭگازىلارنى ياسىشاتتى. ئىلگىرى قەنت ـ شېكەر دېگەندەك نەرسىلەر شىنجاڭدا ئىشلەپ چىقىرىلماي سىرتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان بولغاچقا، تاڭشىر[2] شېكەرنىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلىناتتى. تاڭگانى شۇ زاماننىڭ كەمپۈتى دېيىشكە بولاتتى. ئىلىدا بۇ كەمپۈتنى خۇيزۇلار تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئىچىگە ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزى،

---

① تاڭپاڭ — تاڭگازا ياسايدىغان دۇكان ئۆي.
② تاڭشىر — تاڭگازا ياسىلىدىغان قىيام.

سېرىق پۇرچاق، زىما سېلىپ ئاجايىپ يېيىشلىك تاڭگازىلارنى ياساپتتى. ئابدۇلغوجىنىڭ بۇ تاڭپاڭخانىسىدىمۇ ئاق تاڭگازا، باڭزا، پۇرچاق تاڭگازا، زىما تاڭگازا دېگەندەك تاڭگازىنىڭ ھەممە خىللىرى ئىشلىنەتتى.

تاڭپاڭخانىدا سەلياخۇن ئىسىملىك بىر تاڭگازىچى ئۇستا بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئابدۇۋەلىگە:

— بالام، سەن تېخى كىچىككەنسەن، تاڭپاڭخانىنىڭ ئىشى ئېغىر. ئازراق دەسمايە سېلىپ، تاڭگازا ئېلىپ ساتساڭ بوپتىكەن. قاملاشتۇرالارسەنمۇ؟ — دەپ قالدى.

ئابدۇۋەلىنىڭ كۆز ئالدىغا شۇئان بويىنغا تەنزە ئېسىپ كوچا - كوچىلاردا «زىما تاڭگازا!» دەپ ۋارقىراپ يۈرىدىغان باللار كەلدى. ئۇمۇ شۇنداق ۋارقىراپ مېلىنى پۇل قىلالارمۇ؟... شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە بىر ئىش كەلدى:

مەھەللىلەرگە ئۇسما سېتىپ كېلىدىغان سەيچى خەنزۇلار بولىدىغان، ئۇلار مەھەللە كوچىلىرىنى ئارىلاپ «ئۇسمايا، ياخشى ئۇچىدۇيا!» دەپ ۋارقىراپ ئۇسما ساتاتتى. بىر كۈنى ئابدۇۋەلى بىلىككە چىغ سېۋەتنى ئارتىپ، بىر قولىغا ھاسا تۇتۇپ، دەلدەڭلەپ ئارانلا كېلىۋاتقان بىر موماينى كۆردى. ئۇنىڭ سېۋىتىدە ئون نەچچە باغلام ئۇسما تۇراتتى. ھالسىزلىقتىن بىچارە مومايىنىڭ ئاۋازى بىرنەچچە قەدەم يەرگىمۇ ئاڭلانمايتتى.

— ھەي موماي، مەن سىزنىڭ ئۇسمىڭىزنى سېتىپ بەرسە بولامدۇ؟ — دېدى ئابدۇۋەلى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

موماي: «بۇ بالا مېنى ئەخمەق قىلامدۇ، قانداق!؟» دەپ بىر مىنۇتچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن سېۋەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزى يول چېتىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئابدۇۋەلى سېۋەتنى بويىنغا سېلىپ، ئۇسمىچىلارنى دوراپ «ئۇسمايا، ياخشى ئۇچىدۇيا!» دەپ ۋارقىراپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، مومايىنىڭ ئۇسمىسىنى بىردەمدىلا پۇل قىلىپ

بەرگەندى.

ئابدۇۋەلى شۇ ئىشلارنى ئەسلىدى ـ دە، دادىللىق بىلەن:

— ساتسامغۇ ساتالايتتىم، بىراق، دەسمايىگە پۇل يوق ـ دە، سەلىياخۇن دادا، — دېدى.

— قېنى، زىما تاڭگازا! دەپ بىر ۋارقىراپ باققىنە.

ئابدۇۋەلى هاۋانى ئىچىگە سۇمۇرۇپ تۇرۇپ، «زىما تاڭگازا! ...» دەپ بىر ۋارقىرىغانىدى، تاڭپاڭخانىنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى! — دەپ كۈلۈپ كەتتى سەلىياخۇن، — ئاۋازىڭ هۆسەنباي هاجىمنىڭ زاۋۇتىنىڭ گۇدۇكىدەكلا چىقىدىكىنە، مەن ساڭا خوجايىنغا دەپ ئىككى جىڭ تاڭگازا قەرز ئېلىپ بېرەي.

ئەتىسىدىن باشلاپ شەهەر كوچىلىرىدا يېڭى بىر تاڭگازىچى بالا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ «زىما تاڭگازا!» دەپ تولىمۇ ياڭراق ۋە يېقىملىق ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يولۇچى تاڭگازا ئالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ بىر قاراپ قويياتتى؛ مەهەللىدىكى قىز ـ جۇۋانلار يۈگۈرۈپ چىقىپ: «هوي ـ ي تاڭگازىچى! — دەپ ئۇنى چاقىرىشاتتى، — ئاۋازىڭ ئەجەب ئوبدانىكىنە، قېنى يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىۋەتكىنە» دېيىشىپ، ئىختىيارسىز بىرنەچچە يارماقلىق تاڭگازا ئېلىشاتتى.

ئابدۇۋەلى بويىنىغا تەنزە ئېسىپ غەمسىز بالىلىق هاياتتىن چىن تۇرمۇش قاينىمىغا ئەنە شۇنداق كىرىپ كەلدى. ئۇ، «زىما تاڭگازا!» دەپ كوچىنى ۋارقىراپ، ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى بۇرۇنغا گۈپپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان ناۋايخانىلارنىڭ، ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان تۆمۈرچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى؛ ئېلىپساتارلارنىڭ قىيا ـ چىياسىغا تولغان بازارلارنى ئارىلايتتى. بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلاتتى: بىر يەردە ئۇ بويىنىغا ئالىيېشىل

بوغقۇچلار بىلەن قوڭغۇراقلارنى ئېسىۋەتكەن ئاق ئوغلاقنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئۆچكە ئويناتقۇچىنى ئۇچراتسا، يەنە بىر يەردە «قۇيۇك قاپاق! هوي توختاڭ موخۇ قاپاق!» دەپ ۋارقىراپ هۈنەر كۆرسىتىۋاتقان سېھىرگەرلەرگە يولۇقاتتى. مەدداهلار سورۇنىمۇ كىشىنى ئاجايىپ جەلپ قىلاتتى. بېشىغا كۇلا، ئۈستىگە ئالا يوللۇق ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، قولىغا هاسا تۇتقان مۇنداق مەدداهلارنىڭ ئەتراپىغا هەر دائىم بىر توپ بىكارچىلار ئولاشقان بولاتتى. ئۇلار بازاردا قىلماقچى بولغان سودا ـ سېتىق، ئوقەتلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا مەدداھ هېكايە قىلىۋاتقان جەڭنامە ۋەقەلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشەتتى. بەزىلىرى يانچۇقلىرىنى قېپقىشتۇرۇپ ئابدۇۋەلىدىن بىرنەچچە موچەنلىك تاڭگازا ئېلىشاتتى ـ دە، كورسۇلدىتىپ يەپ، ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ يەنە مەدداهنىڭ ئاغزىغا تىكىلەتتى.

ۋاڭ ـ چۇڭلۇق بازارلاردىن يىراقلاپ مەهەللە كوچىلىرىغا كىرگەندە ئابدۇۋەلىنىڭ خېرىدارلىرى هويلا ـ هويلىلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىدىغان ئاياللار بولاتتى. ئۇ زامانىنىڭ ئاياللىرىغا «دانىخان باسمىسى» دەيدىغان يوغان گۈللۈك رەختتە كۆڭلەك كىيىش مودا ئىدى. مۇنداق كۆڭلەكلەر ئۇزۇن قوش ئېتەكلىك قىلىپ تىكتۈرۈلەتتى. خېنىملار چېچىغا جالا سېلىپ، چاچتەڭگىلەر ئېسىشاتتى، بېشىغا بۆرتمە شال ياكى چۇچىلىق چوڭ كەشمىر ياغلىق سېلىشاتتى. ئاياللارنىڭ «چۇنچۇن ياغلىق» دېگەن نېپىز يىپەك ياغلىقمۇ ناهايىتى ئەتىۋارلىق ئىدى. هاللىق ئائىلىلەردىكى يېشى چوڭ ئاياللار كىمخاب دوپپا، كۆكسىگە ئۇقا تۇتۇلغان، ئىككى تەرىپىدە چېكى بار ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا يۇمشاق كېپىش مەسە كىيىشەتتى. بايلارنىڭ ئاغىچىلىرى جىيەكلىرىگە ئالتۇن قاداق تۇتۇلغان مەخمەل دوپپا كىيىپ، دوپپىسىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن گۈل قادىۋېلىشاتتى؛ قۇلاقلىرىغا ئالتۇن پەيزە ياكى زىرە سېلىپ، بويۇنلىرىغا يوغان كەهرىۋا

مارجانلارنى ئېسىپ، قولىغا خىنە، قاشلىرىغا ئوسما قويۇشاتتى. بەزىلىرى تېخى مەڭزىگە سۇنئىي مەڭلەرنىمۇ چېكىۋېلىشاتتى، قولىقىنىڭ تۇۋىگە سېكىلەك چاچ چۇشۇرۇپ، چاچلىرىنىڭ ئۇچىغا چاچ پۆپۈكلەرنى قوشۇپ ئۆرۈۋېلىشاتتى، پۇتىغا قونچىغا نەقىش چېكىلگەن چېتىكلەر كىيىشەتتى. ياشانغان ئاياللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىققاندا پۈركەنجە ئارتىپ، يۈزىگە چۈمپەردە تارتىشاتتى. كوچىغا چىققاندا بۇ بىچارە خېنىملارنىڭ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سائەتلەپ قىلغان پەردازلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق ھالدا پۈركەنجە بىلەن چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە قالاتتى...

ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىككەن مەھەللە ئاياللىرى ئابدۇۋەلىنى ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ، تاڭگازا سودىسى قىلغاچ ئەتەي پاراڭغا تۇتاتتى. ھاللىق ئۆيلەرگە كىرگەندە ئابدۇۋەلى تاملارغا تارتىۋېتىلگەن گىلەملەر، ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ئېسىللىقىغا، ئۆينىڭ ئىسسىق ۋە شۇنچىلىك يورۇقلۇقىغا قاراپ ئەيمىنىپ بوسۇغىدا توختاپ قالاتتى. كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز ئۆزلىرىنىڭ پاكار، قاراڭغۇ ئۆيى، قوراق كۆرپىلەر، يىرتىق پەنجىرە، كۆيگەن ئوتنىڭ يورۇقى بىقىنلىرىدىكى تۆشۈكچىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كونا مەش كېلەتتى...

— ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ تاڭگازىچى بالىنىڭ ئوماقلىقىغا قاراڭلار! — دەيتتى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان خوتۇنلار. يەنە بەزىلىرى:

— قوللىرى مۇزلاپ قىزىرىپلا كېتىپتىغۇ بىچارىنىڭ، مەشكە يېقىنراق كېلىپ ئىسسىنىۋال. كىمنىڭ بالىسى سەن؟ — دېسە، بەزىلىرى:

— «زىما تاڭگازا!» دەپ يەنە بىر ۋارقىرىۋەتكىنە، ھە يەنە بىر قېتىم...

— پاھ، ئاۋازىڭ ناخشا ئېيتقاندەكلا چىقىدىكىنە! — دېيىشەتتى.

※ ※

تاڭگازىنىڭ بازىرى بولمىغان كۆنلىرى ئابدۇۋەلى يىراق مەھەللىلەرگىچە كېتىپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇ «توپىدەڭ»[1] گە يېقىن بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. ئابدۇۋەلىدىن ئون - يىگىرمە قەدەمچە ئالدىدا بېشىغا قاما قۇلاقچا، ئايىغىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان مەسكاپ ئۆتۈك كىيگەن، قېلىن مويۇت چاپىنى ئۈستىدىن شايى بەلۋاغ باغلىغان بىر كىشى كېتىپ باراتتى. شۇ چاغدا ئورۇق ئات مىنىۋالغان بىرى ئابدۇۋەلىنى يانداپ ئۆتتى. ئاتلىق ئادەم يولۇچىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا «گۈپ» قىلىپ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلىۋەتتى - دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا خارقىراپ يېتىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن يولۇچى چۆچۈپ ئۆزىنى تام تۈۋىگە ئېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىنلا قەيەرلەردىندۇر بىرنەچچەيلەن دۈپۈرلىشىپ يېتىپ كەلدى - دە، بېرىپ ھېلىقى شايى بەلۋاغلىق يولۇچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كۆزلىرىگە قولىنى شىلتىپ، تەرەپ - تەرەپتىن نوقۇشتۇرۇپ كەتتى.

— ھوي، قانداق نېمىسەن؟ ئاۋۇ ئادەمنى نېمە قىلدىڭ؟

— خۇدا ھەققى مەن نېمە قىپتىمەن؟

— يەنە مەن نېمە قىپتىمەن دەيسەنغۇ، بىز كۆرمىدۇقمۇ؟

ئېتىنى ئۈركۈتۈپ يىقىتىۋەتتىڭغۇ.

— ھوي مۇسۇلمانلار، نېمە دەيدىغانسىلەر...

— ئوشۇق گېپىڭنى قوي، قارا ئەنە ئۆلىدىغان بولدى، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟...

شۇ چاغدا ئارقىدىن يەنە بىرەيلەن كېلىپ:

— ھوي بۇ ئوسمان بايۋەچچىكەنغۇ! — دەپ ئوسمان

---

① توپىدەڭ — غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرى.

بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن باشقىلارنىڭ قولىنى ئاجراتتى، بايۋەچچىگە قاراپ، — بولدى، بولدى، يانچۇقلىرىدا پۇل بولسا بۇلارغا پۇل بېرىپلا قۇتۇلسىلا. ئاۋۇ بىچارىمۇ قاتتىق چۈشكەن ئوخشايدۇ، تېخى قوپالمايۋاتىدۇ، — دېدى.

بايۋەچچە كۆپكۆندۈزدىلا ئۆزىگە يولۇققان بۇ بالا - قازانى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ھېلىقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، چاپىنىنىڭ دۈمبىسىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. ئورۇق ئات تام تۈۋىدە ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئاتتىق يىقىلغان ئادەم تېخىچە يول ئۈستىدە ياتاتتى. بايۋەچچە يىراقلاپ كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن ھېلىقىلار توپىدا ياتقان ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قوپەۋا ئۆلۈك، يېتىۋېرەمسەن! — دەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇشتى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەننىڭ چەتتە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ئابدۇۋەلىگە چۈشتى.

— ئاغىنىلەر ھەي، مەيەردە تاڭگازىمۇ بار ئىكەن، كېلىڭلار، ئازراقتىن يەيلى، ئاچقان يەرگە دال بولىدۇ.

ئۇلار قورقۇپ تۇرغان ئابدۇۋەلىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ھەش - پەش دېگۈچە باڭزىلارنى يەپ تۈگىتىپ، قالغان تاڭگازىلارنى بۆلۈشۈپ يانچۇقىغا قويۇپ، تەنزىنى قۇرۇقداپ قويدى. ئاندىن مەردلىك بىلەن تاڭگازىنىڭ پۇلىنى تۆلىشىپ دۆڭشوپاڭ تەرەپكە قاراپ يۇگۈرگەندەك ئىتتىك كېتىشتى.

دۆڭشوپاڭ — شەھەردىكى ھاراق چىقىرىدىغان داڭلىق شوپاڭلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قاۋاقخانا شەھەرنىڭ شەرقىدە بولغاچقا خەنزۇلار ئۇنى «دۇڭشوپاڭ» دەيتتى؛ ئۇ توپىدەك مەھەللىسىگە كېتىدىغان دۆڭنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇنى «دۆڭشوپاڭ» دەۋالغانىدى. دۆڭشوپاڭنىڭ يېنىدا پارچە ھاراق ساتىدىغان دۇكان بار ئىدى. دۇكان ئالدىغا ئۇزۇن

ئورۇندۇقلار قويۇۋېتىلەتتى. بۇ يەر يېزىلىقلار شەھەرگە كىرىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە بولغاچ، هاراقنىڭ بازىرىمۇ ئىتتىك ئىدى. خېرىدار كېلىشى بىلەن دۇكان خوجايىنى هاراق كۇپىنىڭ ئاغزىغا باستۇرۇپ قويغان قۇم خالتىنى كۆتۈرۈپ، خىدىڭ (كەمچەن) نى چولتۇك قىلىپ چۆكتۈرۈپ قارا ھىجىرغا هاراق قۇيۇپ سۇناتتى. دۆڭشوپاڭ هارىقى كۈچلۈك ۋە ئىچىشلىك ئىدى. هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ھىجىرنى پوكەي ئۈستىگە قويغاندا هاراقنىڭ يۇقى قاچا تۇۋىگە مايدەك ئېغىر ساقىيتتى. قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا يەنە كاللا - پاچاق، ياڭاۋرۇ ساتىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ئالاھىدە مېھمانلارنى خوجايىن دۇكان ئىچىگە باشلايتتى. ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا ئۈستىدە قارا توپچىسى بار موزىلارنى كىيگەن ئەمەلدارلار دۇكاننىڭ ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن مىس غاڭزىلاردا تاماكا تارتىپ ئولتۇرۇپ هاراقنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى... بۇ يەردە يەنە كۆزنى يىرتىپ ئېچىپلا قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغان هاراقكەشلەر، ھەۋەسكە هاراق ئىچىدىغان بايۋەچچىلەر، قىمارۋاز، لۈكچەك دېگەندەك ھەر خىل ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

شۇ كۈنى كەچ ئابدۇۋەلى كۈندۈزى كۆرگەن ۋەقەنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئاكىسى ئابدۇلئەزىز قاتتىق كۈلۈپ:

— ھە، دۆڭشوپاڭنىڭ ئۇششۇقلىرىغا ئۇچراپسەن - دە، هاراققا پۇل تاپالمىسا ھەرقانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقنى قىلىشتىن يانمايدىغان نېمىلەر ئۇ، ھېلىمۇ سېنىڭ تاڭگازاڭنىڭ پۇلىنى بېرىپتۇ، — دېدى.

— ئاكا، خەقلەر نېمىشقا هاراق ئىچىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇۋەلى.

— ساڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار، — دېدى

ئابدۇلئەزىز، — ھەممىنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن. بەزىلەر دەرد ـ ئەلەم، ھەسرىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئىچىدۇ. بەزىلىرى ھاراققا ئۆگىنىپ قېلىپ، بىكارچى بولۇپ قېلىپ، ھاراققا پۇل تاپالمىغاندا ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولىدۇ. بەزىلەر نېسىگە ھاراق ئىچىۋېرىپ، ئاخىرىدا ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قىپيالىڭاچمۇ بولۇپ قالىدۇ.

شوپاڭدا ھاراق ئىچسەم،
شەنسىپىڭ داڭزىغا ئالدى.
تۆت كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئويىنىۋالغىنىم قالدى.

دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمۇسەن؟ مانا بۇ ناخشىلارنى ئاشۇنداق شوپاڭلاردىن ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ، كەيىپ قايتقان ئادەملەر ئېيتقان. كېيىن سەن تاڭگازا ساتمەن دەپ ئۇنداق يىراقلارغا كەتمە!

※ ※

يەنە بىر كۈنى ئابدۇۋەلى ئاجايىپ بىر ئىشقا يولۇقتى. شۇ كۈنى دولانا دەرۋازىسى ئالدىغا خېلى كۆپ ئادەم توپلاشقانىدى. بىر چاغدا ئۇلار «چىقتى، چىقتى! ... كېلىۋاتىدۇ!» دېيىشىپ تەۋرەپ كېتىشتى. ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئىككى يەمشۈك ھارۋىغا①چۈشتى. ھارۋىنى ئىبراھىم بوتۇڭ، مەرۇپ دېگەن ھارۋىكەشلەر ھەيدىگەنىدى. ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە بىلەكتەك بادرىلاردىن توسۇق قىلىنغان

① يەمشۈك ھارۋا — ئىككى ئات قېتىلغان كىرا ھارۋىسى.

قەپەس ئورنىتىلغانىدى. ھەر بىر قەپەسكە چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىردىن «گۇناھكار» سولانغانىدى. ئۇلارنىڭ بوينىغا قېلىن ياغاچ قوۋۇق، قولىغا كويزا، پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىنغانىدى. ھارۋىلارنى ئىككى تەرەپتىن يالاپ ئاتلىق يايىلار كېلەتتى. يايىلارنىڭ بەزىلىرى قىلىچ، بەزىلىرى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا مىلتىق ئېسىشىۋالغان بولۇپ، قەپەستىكى «گۇناھكار» لاردىنمۇ ئاۋارە كۆرۈنەتتى. كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى:

— ئېلاخۇن كۆككۆز دېگەن شۇ.

— ئۇرۇمچىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، ئۇرۇمچىگە! ...

— ئارقىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغىنى سۇلايمان بولىدۇ.

— سۇلايمان ئوغرىما! ؟

— ئوغرى بولامدۇ؟ خەلقنىڭ قېنىنى ئىچكەن غوجاملارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن ئەزىمەتلەر!

— ھەي، ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم، دېگەن شۇ...

ئالدىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغان ئېلاخۇن كۆككۆز توغرىكۆۋرۈكلۈك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ توغرىكۆۋرۈك مەھەللىلىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئويناپ چوڭ بولغان نۇرمەھەممەت، تۇرسۇنمەھەممەت دېگەن ئوغۇللىرىنى ئابدۇۋەلى ئوبدان تونۇيتتى. شۇ چاغدا ئېلاخۇن كۆككۆز خۇددى ئابدۇۋەلىنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان خىياللارنى بىلىپ قالغاندەك، مۇنداق دەپ ناخشا باشلىدى:

نۇرمەھەممەت بالام قالسۇن،
تۇرسۇنمەھەممەت بالام قالسۇن.
مەن ئۆلسەم ئۆلۈپ كېتەي،
ئەل يۇرتۇم ئامان قالسۇن.

ئوڭ يېنىمدا يۈز چېرىك،
سول يېنىمدا يۈز چېرىك.
بۇ جېنىم ئامان بولسا
بەگلىرىڭ قالماس تىرىك...

ناخشا ئاۋازى بىلەن تەڭلا يايلار جىددىيلىشىپ قالدى. ئېلاخۇن كۆككۆزنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان خەلق توپى كۈچلۈك گۈرۈلدەيتتى. يايلار ئاتلار بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ يول ئېچىپ، هارۋىكەشلەرنى قامچە بىلەن جورۇپ تېز هەيدەشكە بۇيرۇدى. ئابدۇۋەلى تەنزىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئادەملەر ئارىسىدا ئۇياق - بۇياققا سوقۇلۇپ، تاكى سايىنىڭ بويىغىچە ئەگىشىپ باردى - دە، هارۋىلار سايدىن ئۆتۈپ كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ قالدى. يىراقلاردىن يەنە ئېلاخۇن كۆككۆزنىڭ ناخشىسى ئاڭلانماقتا ئىدى:

بۇگۈنمىكىن، ئەتىمىكىن
سوراقىنىڭ ۋاقتى؟
بۇ زالىملار چايان بولۇپ
ئەجەبمۇ چاقتى.
سەكسەن بەگلەر بىر بولۇشۇپ
هەددىدىن ئاشتى.
ئەلنىڭ ئاققان كۆز ياشلىرى
سەل بولۇپ ئاقتى.
زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چىققىلى بولماس.
كۆككۆز جېنىم ئامان بولسا،
بەگلەر قۇتۇلماس...

ئــەنە شۇ قەپەسلىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ كۆزدىن يىراقلاپ كېتىپ بارغان قەيسەر ئادەمنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى، قىلغان ئىــشــلــىرىنىڭ بىر تارىخ بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تەلكە تــاغــلىرىدىن ئۆتكۈچە ئېيتقان ئاجايىپ ناخشىلىرىنى كېيىنكى چــاغــلاردا ئــۆزىــنــىــڭــمــۇ ســەھــنــىــلــەردە قــانــچــە قــېتىملاپ تــەكــرارلايــدىغانلىقى ئۇ چاغدا تېخى ئابدۇۋەلىنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى.

# يەتتىنچى باب

# موزدۇزلار ئارىسىدا

شۇ كەملەردە دەڭدەرۋازىدىن چىقىپ سول تەرەپكە سېپىل ياقىلاپ ماڭغاندا «ئىلى ۋاڭ ھاجىمنىڭ دېڭى» دەيدىغان چوڭ بىر دەڭ بولىدىغان. دەڭنىڭ قارشىسىدىكى سېپىل تەرەپكە ياقۇپ دۇكاباي دېگەن كىشى قاتار دۇكانلارنى سالدۇرغانىدى. ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان بۇ دۇكانلارنىڭ بىر - ئىككىسىدە ئېگەر - جابدۇق ياسايدىغان ئۇستىلار بار ئىدى. قالغان دۇكانلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك موزدۇزلار ئىشلەيتتى. ھەربىر دۇكاندا ئونغا يېقىن موزدۇز قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىش تىكەتتى. بۇ موزدۇزخانىلاردىمۇ ئابدۇۋەلىنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى بار ئىدى. دۇكاننىڭ بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قېلىپلار، تامدىكى مىخلارغا ئېلىپ قويۇلغان ھەر خىل ئەندىزىلەر، مەشنىڭ ئۇستىگە قىزىتىش ئۈچۈن قويۇلغان داغماللار، ئۇستىلارنىڭ ئالدىدىكى سىراج، قارىگۈل قاچىلىرى، ھەر خىل ئەسۋابلار، كىمدۇر بىرلىرىنىڭ باشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن ئۆتۈكىنىڭ كونا قونچى، رەخت - پۇرۇچلاردىن ئۇرۇپ تۇرغان ئاچچىق كۆن پۇرىقى بالىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. موزدۇزلار ئابدۇۋەلىنىڭ «زىما تاڭگازا! » دەپ ۋارقىرىغان تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇنى دۇكانغا چاقىرىشاتتى - دە:

— ھە قېنى، «زىما تاڭگازا» دەپ يەنە بىردەم ۋارقىرىغىنە، — دېيىشەتتى.

ئابدۇۋەلى هاۋانى ئېچىگە راسا تولدۇرۇپ «زىما تاڭگازا» دەپ كېلىشتۇرۇپ ۋارقىرايتتى. بالىنىڭ ئاۋازىدىن هۇزۇرلانغان مۇزدۇزلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشەتتى ـ دە، ئاندىن تاڭگازا سودىسى باشلىنىپ كېتەتتى. بەزى ئۇستاملار تاڭگازىنى ئېلىپ، شۇ زامانلا ۋارسىلدىتىپ يەپ مەززە قىلىشاتتى. بەزىلىرى «بالىلارغا ئالغاچ كېتەي» دەپ پەشماللىرىغا ئوراپ سوغۇقراق يەرگە ئىتتىرىپ قويۇشاتتى. بەزىلىرى «پۇلۇڭنى ئالدىمىزدىكى جۇمەدە ئىش ھەققى ئالغاندا ئالىسەن ـ ھە!» دەپ نېسىمۇ قىلىشاتتى.

بىر كۈنى مېھرىبان دېگەن ئۇستا ئابدۇۋەلىدىن سوراپ قالدى:

— ئېتىڭ نېمىدى بالام؟

— ئابدۇۋەلى.

— ھە، ئابدۇۋەلى. خېلى زېھنىڭ بار كۆرۈنىسەن، نېمىشقا ھۈنەر ئۆگەنمەيسەن؟

— ......

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— ھەبىبۇللانىڭ.

— ئۆيۈڭ نەدە؟

— توغرىكۆۋرۈكتە.

— داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— دادام ئۆلۈپ كەتكەن.

— يېتىمكەنسەن ـ دە، ئاپاڭچۇ؟

— ئاپام ئۆيدە...

— بالام، تاڭگازىچىلىقنى قوي، كۈن دېگەن ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئۆمرۈڭ بولسا سەنمۇ يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چوڭلا ئەر بولۇپ قالىسەن. جان باقماق ئۈچۈن بىر ھۈنىرىڭ

بولمىسا بولامدۇ؟ ئاپاڭغا ئېيت، بىزنىڭ ئۇستام بىلەن سۆزلىشىپ، سېنى ھۈنەرگە بەرسۇن.

بۇ دۇكاندىكى ئۇستاملار ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزىگە ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدەك ئىللىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېھرىبان ئۇستامنىڭ ئاتىلارچە مەسلىھەتى ئۇنى ناھايىتىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئابدۇۋەلى تاڭگازىنى سېتىپ بولۇپ ئۆيىگە ئالدىراش ياندى - دە، ئانىسىغا ئۇستاملارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

— قانداق بولار؟ — دەپ ئويلىنىپ قالدى ھەلىمخان.

— ماقۇل دېگىنە ئاپا! — دەپ ئۈمىد بىلەن ئانىسىغا تىكىلدى ئابدۇۋەلى.

— ئوقىتىڭ خېلى يۈرۈشۈپ قېلىۋىدى...

— بوپتۇ دېگىنە ئاپا. ئارىمىزدا ئابدۇۋەلى بولسىمۇ ھۈنەر ئۆگىنىپ قالسۇن، — دەپ سۆز قىستۇردى ئابدۇۋەلىنىڭ ئاكىسى ئابدۇلئەزىز، — ئۆينىڭ چاي - تۇزىنى مەن بىرنېمە قىلىپ تۇرارمەن.

— ماقۇل، رەھمەتلىك داداڭمۇ سېنى «ھۈنەرگە بەرسەك» دېگەندەك قىلىۋىدى، مەن ئۇستاملار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى ھەلىمخان بالىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا كۆڭلى قىيماي.

شۇ گەپتىن كېيىن ھەلىمخان ھېلىقى موزدۇزخانىنىڭ باش ئۇستىسى — ئەيسا ئۇستىنى ئۆيىگە چايغا چاقىردى. ئۇستام ئابدۇۋەلىنى بەش يىللىق مۇددەت بىلەن شاگىرتلىققا ئالماقچى بولدى. ئۈچ يىلغىچە بالىغا ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيدىغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئاز - تولا ئىش ھەققى تۆلەيدىغان بولۇپ كېلىشىم تۈزۈلدى. كېلىشىم خەتنى ئاقدەڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى سەدىر ئىمام گۇۋاھ بولۇپ پۈتۈپ بەردى.

※ ※

ئىلى ئەزەلدىن تېرە خام ئەشياسىنىڭ مولۇلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. لېكىن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، بۇ خام ئەشيالار ئىنتايىن ئەرزان باھادا چەتكە ئېقىپ چىقىپ كېتەتتى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار، بىرقەدەر يىراقنى كۆرەر بايلار يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. مۇسابايوفلار ئائىلىسى گېرمانىيىدىن بىر يۈرۈش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ ئەكېلىپ، ئىلىدا تۇنجى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، شەخسلەرنىڭ كۆن، شاۋرۇن ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئۆستى. ئىلى خۇرۇمى، ئىلى ئاياغ كىيىملىرىنىڭ داڭقى چىقىشقا باشلىدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ساراي - دەڭلىرىگە يۈزلەپ سودىگەرلەر، تۆگە كارۋانلىرى، ئېشەكچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بولدى. كۆن - خۇرۇم، ئاياغ كىيىملىرى سېتىلىدىغان «ۋاپۇرۇش بازىرى» غۇلجىدىكى ئەڭ ئاۋات بازارلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ يەردە ئادەتتىكى ئېلىپساتارلار كۆن - خۇرۇم سودىسى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بايلار، بىلىكىگە ئىلىۋالغان ئۆتۈكنى ھەدەپ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان موزدۇزلار، ئالدىغا دۇپپىلىرىنى سانجىپ قويۇپ ئولتۇرغان نالچىلار ۋە يىپ - يىڭنە، موم، سىراج، قارىگۇل ئوخشاش موزدۇزلارغا كېرەكلىك ماللارنى ساتىدىغان يايمىچىلار مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. ئابدۇۋەلى شاگىرتلىققا كىرگەن ئەيسا ئۈستىنىڭ دۇكىنى ئەنە شۇ بازاردىكى سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىنى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان يۈزلىگەن ئىشخانىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەيسا ئۈستىنىڭ ئالتە - يەتتە نىمكارى بار ئىدى. ئۇلار

بازارغا ئۆتۈك، مەسە، سەندەل، چېتىك تىكىشەتتى، زاكازمۇ قوبۇل قىلىشاتتى. بۇ دۇكاندا ئىش تەرتىپى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بىر ئۇستا ئىش كەسسە، يەنە بىرى ماشىنا سېلىپ زاگاتوپ قىلاتتى؛ بىرەيلەن باشلىقىنى تىكسە، يەنە بىرەيلەن ئارقا چاكىنى چاتاتتى. شاگىرتلار كۆپىنچە پاشنا قاتۇراتتى. قاتار كەتكەن بۇ دۇكانلاردا يەرلىك ئۇستىلاردىن باشقا يەنە يەركەنتتىن ئۆتكەن كىشىلەر، جەنۇبتىن چىققان مۇساپىر ئۇستىلار بار ئىدى. خىلمۇ خىل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر يەرگە جەم بولغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئاڭلىغان - بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، ھەسرىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە قىزىق ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشاتتى ياكى بولمىسا ناخشا ئېيتىشاتتى. بۇ يەردە يەركەنتتىن كەلگەن ئاتاقلىق ناخشىچى مەشرىۋاخۇن بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نىزامىدۇن ئۇستام، ھاكىمجان، مەھەممەت تۇرخۇن، داۋۇت توكۇر دېگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناخشىغا بوش كەلمەيدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ئەيسا ئۇستامنىڭ ئۆزىمۇ ئىش كېسىپ ئولتۇرۇپ ناخشىغا چۈشۈپ كېتەتتى.

ئابدۇۋەلى ئەتىگەندە كېلىپ دۇكاننى سىيرىپ - سۈپۈرەتتى، ئۇستاملارغا چاي دەملەيتتى. كېيىن - كېيىن، يىپ ئېشىپ مومدايدىغان، غىپ - غىپ[1] تارتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، قۇلىقى ئۇستاملارنىڭ گەپ - سۆز، ناخشىلىرىدا بولاتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ بۇ ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىغا قېتىلىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولدى...

※ ※

ئابدۇۋەلى ھەر كۈنى دەڭدەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئېلاخۇن ناۋايىنىڭ دۇكىنىدىن ئۇستاملارغا نان ئەكېلەتتى. چۈشتە

① غىپ - غىپ تارتىش — شاگىرتلارنىڭ يىپنىڭ ئۇچىنى چىگەي، ئىككى يىڭنىنى بىر تۆشۈكتىن تەكرار ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان قول كۆندۈرۈش ھەرىكىتى.

ئۇستاملار دۇكاندىلا چاي قايىنىتىپ ئىچىشەتتى. يەنە ھەربىر دۇكاندا يېتىپ ـ قوپىدىغان بويتاق يېتىمچىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارغا كېتىدىغان نان ئاشۇ ناۋايخانىدىن نېسىگە ئېلىناتتى. ئېلاخۇن ناۋاي ئوتتۇرا بوي، كەكە ساقال ئادەم ئىدى. ناۋاي ئۇستام ساۋاتسىز بولغاچقا ئابدۇۋەلى نېسىگە بەش نان ئالسا ئۇستام تامغا بىر دۈگىلەك سىزىپ قوياتتى. ئەگەر ئون نان ئالسا ھېلىقى دۈگىلەكنىڭ ئىچىگە يەنە بىر دۈگىلەك سىزىپ قوياتتى، موزدۇزخانىدىكىلەر ھېسابلىشىپ نانلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، تامدىكى دۈگىلەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇستىدىن جىجىۋىتەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇۋەلى ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا يېتىپ كېلىۋىدى، ئېلاخۇن ناۋاي تونۇر ئۇستىدىن بوينىنى سوزۇپ:

— بالام، قارىغىنە، نېمە گەپ بولغاندۇ؟! — دەپ قالدى.

ئابدۇۋەلى ئارقىسىغا قاراپ دەڭدەرۋازا تەرەپتىن گۇرۇلدەپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى ـ دە، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا:

«ھاسان ئوغرى» . «ھاسان ئوغرىنى ئۆلتۈرگىلى ئاچىقىپتۇ» دېگەن سۆزلەر تەكرارلىناتتى. ئابدۇۋەلى قىستىلىپ توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان قەپەسلىك هارۋىنى كۆردى. بۇ ھېلىقى ئېلاخۇن كۆككۆزنى ئېلىپ ماڭغان هارۋىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، پەرقى — بۇ هارۋىنىڭ ئۇستىدىكى ياغاچ قەپەس تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغاندەك قىلاتتى. هارۋىنىڭ ئەتراپىنى يايلار قورشىۋالغانىدى. قەپەس ئىچىدە بوينىغا قوۋۇق، پۇتىغا ئۇزۇن كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنغان ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇ ئۇستىگە ئاق كۆڭلەك، كۆڭلەك تۆپىسىگە قارا پىنجەك كىيگەنىدى، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ قەپەس ئىچىدە يۆلۈنۈپ تۇرۇپ: «خوش بۇرادەرلەر، مېنى تونۇپ

بەرگەن مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى خۇدا ئۆزى بېرەر!...» دەپ ۋارقىرايتتى.

يايىلار ھارۋىنى ئۇدۇل خەنزۇ بازىرى تەرەپكە ھەيدىدى. قەپەس ئىشىكىگە ئېسىلغان يوغان قۇلۇپ ئىككى تەرەپكە توختىماي ئىرغاڭلايتتى. ئابدۇۋەلى نان ئالىدىغان ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ، توپقا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى.

ھارۋا قارىدۆڭگە كېتىدىغان چوڭ يول بىلەن مېڭىپ، ئاقسۇ مەسچىتىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا سول تەرەپتىكى تار كوچىغا بۇرۇلدى ـ دە، دۆڭگە چىقىپ كەتتى. دۆڭ ئۈستىگە يەتكەندە يايىلار خەلق توپىنى ئارقىغا سۈرۈپ، قەپەسلىك ھارۋىنى ئوتتۇرىدىكى مەيدانغا ئەكىرىپ توختاتتى. ئادەملەر ئەمدى قانداق دەھشەتلىك ئىشلار بولىدىكىن، دەپ بارغانسېرى قىستىلىشماقتا ئىدى. چوڭ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قالغان ئابدۇۋەلى ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. پەقەت كىشىلەرنىڭ مۇنداق سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— ئەنە ئاستى، ئاستى. دارغا ئاستى.

— قەپەسنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپلا ئاستى.

— بىچارىنىڭ جېنى چىقمايۋاتىدۇ.

— ئەنە بوينىنى قىسقان ياغاچقا يەنە پانا قېقىۋاتىدۇ...

ئابدۇۋەلى كۆز ئالدىغا دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كەلتۈرۈپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئابدۇۋەلى كۆزىنى ئاچقاندا ھاساننىڭ گەۋدىسى قەپەس ئىچىدە جانسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە ئېلاخۇن ناۋايدىن نان ئالىدىغان ئىش كەلدى ـ دە، شەھەرگە قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى، قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن ئۇستاملار ئابدۇۋەلىگە خېلى كايىدى. بىر دەمدىن كېيىنلا يەنە ئۇلار: «بوپتۇ، كىچىك بالا ئەمەسمۇ!» «كىچىكلىك دېگەن شۇ» دېيىشىپ شاگىرت بالىنىڭ گۇناھىنى ئۇنتۇشتى. چاي ئىچىپ

ئولتۇرۇپ ھاساننىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى:
— ھاسان ئوغرى ئەمەس، ھارامدىن مال - دۇنيا يىغقانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئوغۇل بالا.
— قىپقىزىل تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى - دە، بىچارە!
— مەنغۇ ھاساننى كۆرمىگەن، — دېدى جەنۇبلۇق بىر ئۇستام، — ئاڭلىسام، يوگورۇپ كېتىپ بارغان ئاتقا قولى ئىلىشىپلا قالسا سەكرەپ مىنىۋالغۇدەكقۇ؟!
— ئۇنىڭ چاققانلىقىغا گەپ ئىشلىمەيتتى، — دېدى مەھەممەت تۇرخۇن قوپال قىلىپ يۆگىگەن موخۇركىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ھاساننى يايلار تۇتالماي يۇرگەندە بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە ئېتىنى تاقىلاتقىلى كىرىپ قالسا بولىدۇ. ئۇنى تۆمۈرچىلەرنىڭ دۇكىنى ئالدىدا كۆرۈپ تونۇپ قالغان بىر پايلاقچى يوگورگىنىچە بېرىپ يامۇلغا خەۋەر قىلىپتۇ. يامۇلدىن دەرھال ئون نەچچە چېرىك چىقىپ ھاسان تۇرغان يەرنى قورشىۋاپتۇ. ھاسان ئاتنىمۇ تاشلاپ ئۇدۇل كەلگەن بىر تار كوچىغا قاراپ قاچقان ئوخشايدۇ. يايلار قىيقاس - چۇقان سېلىشىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرىپتۇ، ھېلىقى بىر خالتا كوچا ئىكەن. ھاسان بېرىپ سېپىلغا تاقىلىپ قاپتۇ - دە، ئىككى قونچىدىن ئىككى پىچاقنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ، يوگورگىنىچە كېلىپ سېپىل تېمىغا سانجىپ، قاپلاندەك چىقىپ كېتىپتۇ. سېپىلنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشكەندىن كېيىن كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
— ھا - ھا - ھا! — دەپ ھوزۇر قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى ئۇستاملار.
— ھە، مەھەممەت ھازىر دېگەن ئىش بولغاندىن كېيىن، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئىش كېسىۋاتقان ئەيسا ئۇستام، — يامۇلدىكىلەر ئۆز ۋۇنغىچە ھاساننى تۇتالماي ئاخىر «كىم ھاسان ئوغرىنى تۇتۇپ بەرسە، مانچە پۇل بېرىمىز» دەپ

جاكارمۇ چىقارغانىدى. بويى بىلەن ئالتۇن بەرسىمۇ كىم ئۇنى تۇتۇپ بېرىدۇ دەيسىلەر؟! لېكىننزە، ئادەمگە ئادەم ئوخشاشمايدىغان گەپكەن. بىر كۇنى هاسان شەھەرنى سېغىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، ئايدۆڭنىڭ[1]دۆڭىدە بۇ تەرەپكە قاراپ تاماكا چەككەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋىتى بار بەرىز كۆكۈۋېشى سۇ ياقىلاپ، ئېچىقلارنى تەكشۈرگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەپتۇ. ئاندىن كەتمەن بىلەن غولىغا بىرنى ئۇرۇپ غول ئۈستىخىنىنى چېقىپ تاشلاپتۇ - دە، بىرقانچە گۇپپاڭچىلىرى بىلەن بىر بولۇپ هاساننى تۇتۇپ بېرىپتۇ.

— هوي ئىپلاس! — دەۋەتتى بىر ئۇستام، — ھەر قاچان پۇل، مەنسەپنى دەپ شۇنداق قىلغاندۇ - ھە!؟...

※ ※

تۇرمۇش شۇنداق رەڭگارەڭ ئىدى. ئۇنىڭدا كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان، خۇشاللاندۇرىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان، مۆڭلاندۇرىدىغان نەرسىلەر تولۇپ تۇراتتى. بازاردىكى كۇندىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقشىپ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرگەن ئادەملەر، ئات ئۈستىدە گىدىيىپ كېتىپ بارغان بايۋەچچىلەر، بىر تىيىن ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇل ساناپ قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ كانىيىنى سىقىشىۋاتقان سودىگەرلەر، دوقمۇشلاردا قول سۇنۇپ ئولتۇرغان دىۋانىلەر، سۆلەتلىك ئاتلار قېتىلغان پەيتۇندا تەكەببۇرانە ئولتۇرۇپ، ھەممىنى چاڭ - توزانغا كۆمۈپ گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەمەلدارلار ئابدۇۋەلىنىڭ مېڭىسىدە تۇرمۇش ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلاتتى... بازاردىكى شۇنچە ۋاڭ - چۇڭ

---

① ئايدۆڭ — مەھەللە ئىسمى.

ئېچىدە ئۇ ھەممىدىنمۇ ناخشا ئاۋازىنى پەرق ئېتىشكە ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ئابدۇۋەلىگە ئادەملەر كۆڭلىدىكى كىشىگە ئېيتىپ بولمايدىغان سىرلىرىنى ئاشۇ ناخشىلار بىلەن بايان قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. قەيەردىن ناخشا ساداسى كۆتۈرۈلسە، شۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا توختاپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەن ئىشقا كېتىۋېتىپ موللا ئۆمەرنىڭ دېڭى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. تولىمۇ ياڭراق ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشا ئەتىگەندە ھەرقانداق ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى. ئابدۇۋەلى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ شۇ تەرەپكە كەتتى.

موللا ئۆمەرنىڭ دېڭى ئارقىسىدا شەنگەن يامۇلغا سۇ كىرىدىغان بىر نو بار ئىدى. نو بېشىدا بىر ئادەم ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن ھارۋىدىكى تۈڭگە سۇ تارتىۋاتاتتى. ناخشىنى ئەنە شۇ ئادەم ئېيتماقتا ئىدى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، چېچى گەدىنىگە چۈشكەن بەستلىك بۇ ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى غەلىتە ئىدى. ئۇستىدىكى ياماق چۈشكەن ئۇزۇن چاپىنى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سۇنى ئالدىرىماي تارتىپ، چېلەكنى سۇغا تاشلاش ئارىلىقىدا ناخشا ئېيتاتتى…

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
بالاغا قالارمەنمۇ.
جاپانى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ…

قۇرۇق چېلەكنىڭ ھەر قېتىم ھارۋا قىرىغا «دوڭ» قىلىپ ئۇرۇلۇپ، سۇغا «پاققىدە» چۈشۈشىدىن چىققان سادا گويا بۇ ئادەمنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئالمامسەن ئالارىڭنى،
ئىككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟!...

ئابدۇۋەلى تاكى بۇ ئاجايىپ ئادەم تۈگىنى سۇغا توشقۇزۇپ ماڭغۇچە قاراپ تۇردى. ئابدۇۋەلى دۇكانغا كەلگەندە موزدۇزلار ئالللىبۇرۇن ئىشقا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئەيسا ئۇستام خاپا بولغانلىقىدىن ئابدۇۋەلىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى ـ دە:

— ھە، كەلدىڭمۇ؟ ماڭ يۈگۈر، مۇسا توشقاننىڭ دۇكىنىغا بېرىپ قولاق چۆپى ئەندىزىسىنى ئەكەل، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن باشقا ئۇستاملار نېمىشقىدۇ پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى، لېكىن ئابدۇۋەلىنىڭ كۆڭلىدىن ھېچقانداق گۇمان كەچمىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مۇسا توشقاننىڭ دۇكىنىغا قاراپ يۈگۈردى.

مۇسا توشقان دېگەن موزدۇز ئۇستامنىڭ دۇكىنى نۇر ئاقساقال مەسچىتى تەرەپتە ئىدى. ئۇ ئاچچىقى يامان، سۇرلۇك ئادەم بولۇپ، كىشىلەر ئۇ ترغرىسىدا، «ياش ۋاقتىدا ناھايىتى نوچى ئۆتكەن ئادەم» دېيىشەتتى. ئابدۇۋەلى ئۇنىڭ دۇكىنىغا ئەيمىنىپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

— مۇساكا، ئۇستام قولاق چۆپى ئەندىزىسىنى بېرىپ تۇرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

قولىدىكى چەمگە سۇ پۈركۈۋاتقان مۇسا ئۇستام بالىغا يەر ئاستىدىن بىر قارىدى ـ دە:

— ئۇستاڭ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئەيسا ئۇستام.

— ھە، ئۇستاڭ قولاق چۆپى ئەندىزىسى دەمدۇ؟ بېرى كەل! ئابدۇۋەلى يېقىن كېلىشى بىلەن قولىقى تۈۋىگە بىر شاپلاق

تەگدى. مۇسا توشقان بالىنى قولىنىڭ ئۇچى بىلەن مۇنداقلا ئۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، قاداقلىشىپ كەتكەن بۇ چويۇندەك ئېغىر بارماقلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

— قولاق چۆپى ئەندىزىسى دېگەن ئەنە شۇ. ماڭ يوگۇر، ئىشىڭغا بار، ئۇستاڭنىڭ گېپىنى قۇلىقىڭدا ئوبدان تۇت!

بۇ ئىشنى قاتتىق ئار ئالغان ئابدۇۋەلى مۇسا توشقاننىڭ دۇكىنىدىن يىغلىغىنىچە چىقىپ توپتوغرا ئۆيىگىلا كەتتى. ئەتىسى ئاپىسى يەنە ئۇنى نەسىھەت قىلىپ قولىدىن يېتىلەپ دۇكانغا ئاپاردى. ئەيسا ئۇستامدىن كەچۇرۇپ سوراپ ئابدۇۋەلىنى قويۇپ كەتتى.

ئەيسا ئۇستام بازارغا چىقىپ كەتكەندە، مېھرىبان ئۇستام بېشىنى كۆتۈرمەي غىپ - غىپ تارتىۋاتقان ئابدۇۋەلىدىن سورىدى:

— تۇنۇگۇن ئۇخلاپ قالغانمىدىڭ، نېمە بولغانىدى بالام؟

— ئۇخلاپقۇ قالمىغان، — دەپ يىغلامسىراپ تۇنۇگۇن ئەتىگەن ئۆزى ھەيران بولۇپ قالغان ھېلىقى ئادەم توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ئابدۇۋەلى. ئۇستاملار تەڭلا:

— ھە، ئىسراپىلنى كۆرۈپسەن - دە! — دېيىشىپ ئىسراپىل توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

ئىسراپىل ياش ۋاقتىدا ناھايىتى مەردانە ئۆتكەن باتۇر يىگىت ئىكەن. بەگ - غوجاملارغا ئېگىلمەي چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن مۇددەتسىز كېسىلىپ ئۆمرى زىنداندا ئۆتۈپتۇ. يېقىندا شەنگەننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتىكەن، شۇنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇ ئىسراپىلنى زىنداندىن چىقىرىپ سۇ توشۇشقا قويۇپتۇ.

— ئىسراپىل دېگەن موللىتوختىيوزىلىك، سادىرنىڭ يۇرتلۇقى، شۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپسەن - دە! ؟ — دېدى مەھەممەت تۇرخۇن يوغان يۆگىگەن تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ تۇرۇپ، — ئىسراپىل ئۆز زامانىسىدا:

بۇ ئالەمنى كەڭ ياراتتىڭ،
زامانەڭنى تار.
ئىتلىرىڭنى بەگ ياراتتىڭ،
ئادىمىڭنى خار.

دېگەن بىر ناخشىسى ئۇچۇن بېشىغا شۇنچىۋالا بالا تېپىۋالغان...

# سەككىزىنچى باب

## سەنئەت مەكتىپى

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قاتار دۇكانلاردىكى چوڭ ئۇستىلارنىڭ بىرى بولغان ئىسمايىل ئۇستا ھۆسەنباي ھاجىنىڭ تېرە زاۋۇتى بىلەن توختاملىشىپ زاۋۇتتىن نۇرغۇن ئىش ئېلىپ، دۇكاندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك زاۋۇتقا كۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ زاۋۇت ئۆز زامانىسىدىلا ماشىنىلاشقان بىردىنبىر چوڭ كارخانا ھېسابلىناتتى. زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تۆت يۈز مودىن ئوشۇق ئىدى، يىگىرمە مېتىردىن ئېگىز تۇرخۇنى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. زاۋۇت ئىچىدە تېرە ئەيلەش، ئاشلاش، خۇرۇم ئىشلەش سېخلىرى، پەرداز بۆلۈملىرى بار ئىدى. زاۋۇتنىڭ ئىشقا چىقىش - چۈشۈش تەرتىپلىرى گۈدۈك بىلەن باشقۇرۇلاتتى. زاۋۇتتا يۈزلەپ ئىشچىلار ئىشلەيتتى. چەم، كاژۇل، شاۋرۇن، مەسكاپقا ئوخشاش ماتېرىياللار ۋە تەييار خۇرۇم ئاياغلار ئىشلەپ چىقىرىلاتتى.

زاۋۇتنىڭ ئىچى ئابدۇۋەلىگە چوڭ بىر دۇنيادەك بىلىنەتتى. ئىچكىرىدىكى بىر قوروغا پۈتۈنلەي موزدۇزلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. قاتار كەتكەن چوڭ ئىشخانىلارنىڭ ھەربىرىدە ئوتتۇز - قىرىقتىن موزدۇز ئىشلەيتتى. بۇ يەردە «ئىسكىراخوت» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەسكەرلەر كىيىدىغان تەتۈر باشلىق ئاياغلار تىكىلەتتى. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ھۆكۈمەت

ئورۇنلىرىدىن بۇ يەرگە بۇيرۇتمىلار كېلەتتى. يەتتە ـ سەككىز كىشىلىك كىچىك ئىشخانىلارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدا زاكاز ماللار، بايلار، ئەمەلدارلار بۇيرۇتقان ھەر خىل ئاياغ كىيىملەر تىكىپ چىقىرىلاتتى. زاۋۇت ئىچىدە يەنە ناۋايخانا، ئاشخانا، بوغالتىر ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ بۆلۈملىرى بار ئىدى. زاۋۇتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا بىر مەسچىتمۇ سېلىنغانىدى.

بۇ زاۋۇتتا شاگىرتلار، موزدۇز ئۇستاملار، ئىشچىلار، تېخنىك خادىملار بولۇپ نەچچە يۈز ئادەم ئىشلەيتتى. قوللىرىغا قارىگۇل رېڭى سىڭىپ كەتكەن، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن سىراج، موم ۋە شاۋرۇننىڭ ئاچچىق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان بۇ كاسىپلار ئىچىدە ئەمەت قارىياغدى، مەسۇم توقۇم، مەھەممەت تۇرخۇن، سونىمكام دۇتارچى، داۋۇت توكۇر، تېيىپ ئاخۇن تەمبۇر، مەخپىركام، ئەيساكام، مىرزال، قادىر لاڭقا قاتارلىق داڭلىق ناخشىچى ۋە سازچىلار بار ئىدى. ئابدۇۋەلى زاۋۇتتا ئىمىنجان دېگەن ئۇستىنىڭ قولىدا ئىشلىدى، بۇ ئادەممۇ ئاۋازى ناھايىتى ساز ناخشىچىلاردىن ئىدى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلەش ئابدۇۋەلىگە ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ناخشا باشلاپ توختىسا، ئىككىنچىسى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ كېتەتتى. ئابدۇۋەلى بۇ يىللاردا ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى، ناخشىچىلارنىڭ ئاھاڭ ۋە بېيىتلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە ناھايىتى ئوڭاي ئورنىشىپ قالاتتى.

ھېكىم ئاخۇن ئۇستام دەپ بىر جەنۇبلۇق ئۇستا بولىدىغان، ئۇ بېخى سېلىپ تۇرۇپ كۆپىنچە ئۆز يۇرتىنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى:

يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى.

شۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
كىشىنىڭ يۇرتىدا يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

ئەل ئامان، دوستلار ئامان،
قاچان بولار ئوبدان زامان...

بۇ ناخشا ئابدۇۋەلىگە بەك تەسىر قىلاتتى، بىر قېتىم ئۇ ھېكىم ئاخۇن ئۇستامغا چاي قۇيۇپ بېرىپ تۇرۇپ، ھېلىقى ناخشىنى دوراپ ئېيتىپ بېرىشۇدى، ئۇستام ھەيران بولۇپ:

— مانا، مانا ئوغۇل بالا، سەنمۇ بىر پەيزى ئوغرىسى ئوخشىمامسەن؟ يارايسەن! — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

بەزىدە ئابدۇۋەلى ناخشا ئېيتىشۋاتقانلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىپ، پاشنا قاتۇرۇۋاتقان قوللىرىنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالاتتى. بىر كۈنى بۇ ئىشقا دىققەت قىلغان ھېكىم ئاخۇن ئۇستا:

— ئابدۇۋەلى، پاشنا قاتۇرۇۋاتامسەن، باشنى قاتۇرۇۋاتامسەن؟ سەن يا ھاپىز بولسەن، يا ناخشىچى بولسەن، موزدۇز بولمايسەن جۇمۇ! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

※ ※

زاۋۇتتىكى موزدۇزلار ئارىسىدا كاۋۇرۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ گېپى تولىراق بولاتتى. ئەلنەغمىگە كۆپ ئارىلاشقان، ياشتا چوڭ

ئۇستاملار، كاۋرۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ سازدا كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ماختىشاتتى. ياشلار بۇ گەپلەرنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى.

— كاۋرۇشاك ئاخۇنۇمنى ئۆز يۇرتىدىمۇ ناھايىتى ئابرۇي قازانغان كاتتا نەغمىچى دەپ ئاڭلىغۇدۇق، — دەپ ھېكايە قىلاتتى ھېكىم ئاخۇن ئۇستام، — كېيىن يۇرتتا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكلەرگە چىدىماي، قېيداپ ئىلىغا قايتىپ چىققانىكەن.

— ئاخۇنۇمنى بالا ـ چاقا، مال ـ دۇنيانى يار تۇتمىغان ئاشىق ئادەم دەيدىغۇ؟ — دەپ سۆز قىستۇردى مەھەممەت تۇرخۇن تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۇۋۇلەپ تۇرۇپ.

— ئاشىق بولسىمۇ ئاشىقتۇ، — دېدى دۇتارچى سونىمكام، — ئاخۇنۇم ئىلىغا يېڭى چىققاندا خەلق ئۇنى تېخى بىلمەيتتى. دەسلەپتە ئاخۇنۇمنىڭ كۈنى خېلى قىيىن ئۆتكەن. بىر قېتىم، مېنىڭ ئاخۇنۇم بار بىر سورۇنغا داخىل بولۇپ قالغىنىم ئېسىمدە. شۇ چاغدا ئاخۇنۇم تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن ساتارىنى گۆرۈخانىغا گۆرۈ قويۇۋەتكەنىكەن. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، سورۇندىكىلەر پۇلىنى تۆلەپ ساتارنى قايتۇرۇپ كەلگەنىدۇق.

— شۇنچىلىك مەشھۇر ئادەم ئىلىدەك كەڭ يۇرتتا شۇ كۈنگە قالغان بولسا ـ ھە؟!

— نېمە دەۋاتقىنىڭلار، خەلق ئۆز سەنئەتچىلىرىنى يەردە قويامدۇ؟ ھازىر ئاخۇنۇمنى ئۆيىگە چاقىرىدىغانلار ئۈچ ئات قوشقان كالاسكىنى ئالدىغا ئاپىرىدۇ. ئاخۇنۇمنىڭ بىر قېتىملىق بەزمىدە ئالغان ئۆرۈمىنى بىز بىر يىل ئىشلەپمۇ تاپالمايمىز.

— ئۇ كىشىنى نېمىشقا «كاۋرۇشاك ئاخۇنۇم» دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى شاگىرتلاردىن بىرى.

— ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلىي ئىسمى «مۇھەممەت موللا»، — دەپ چۈشەندۈردى مەشۇر ئۇستام، — كاۋرۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرى

بويتاقچىلىقتا ئۆتكەچكە، ئۈچ ۋاخ تامىقىنى بازاردىن يەيدىكەن، كاۋاپقا ناھايىتى ئامراقىكەن. باشقىلار: «ئاخۇنۇم، سىلى كاۋاپلا يەيدىكەنلىغۇ؟» دەپ ھەيران بولۇپ سورىسا، «ھە، كاۋارۇشاڭ!»[1] دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئىلىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز بولغاچقا، مۇھەممەت موللىغىمۇ «كاۋارۇشاڭ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاخۇنۇمنىڭ بۇ لەقىمى توغرۇلۇق يەنە مۇنداقمۇ بىر ھېكايە بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەشۇر ئۇستام، — ئىلىنىڭ بىر زامانلاردا بىر شەنگىنى بولغانىكەن. بۇ ئادەم غېجەك چېلىشقا تولىمۇ خۇشتار ئىكەن. ئەمما غېجەكنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ چالالمايدىكەن. ئىچى پۇشقان شەنگەن بىر كۈنى ھېلىقى غېجەكنى غىڭشىتىپ، تۇزۇك بىر پەدىگە كەلتۈرەلمەي جىلە بولۇپ ئولتۇرسا، تۇڭچىسى[2] كىرىپ قاپتۇ. ئۇ شەنگەنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— پالانى يەردە بىر مويسىپىت ئۇيغۇر كىشى بار، مۇشۇنداق غېجەكلەرنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ چېلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

شەنگەن بىر ئۇيغۇرنى غېجەكنى قالتىس چالالايدۇ، دېگەن گەپكە ئىشەنمەپتۇ. تۇڭچىسىنى بۇيرۇپ:

— شۇ كىشىنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل! — دەپتۇ.

تۇڭچى يامۇلنىڭ مەپىسىنى ئېلىپ، ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ، ساز چېلىپ ئولتۇرغان بىر سورۇندىن تېپىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا ئاخۇنۇم ھېلىقى شەنگەنىنىڭ غېجىكىنى ئاجايىپ ئاھاڭلارغا كەلتۈرۈپ چېلىپ شەنگەننى تاڭ قالدۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ شەنگەن ئاخۇنۇمنى پات ـ پات مېھمانغا چاقىرىپ، غېجەك چالدۇرۇپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ھەر قېتىم شەنگەن:

---

① كاۋارۇشاڭ — خەنزۇچىدىكى كاۋارۇشياڭ — كاۋاپ مەززىلىك دېگەن مەنىدە.
② تۇڭچى — تەرجىمان.

— ئاقساقال، سىز شۇ نېمە تاماق يەيدۇ؟ — دەپ سورىسا، ئاخۇنۇم كاۋاپقا ئامراق بولغاچقا كاۋاپلا بۇيرۇيدىكەن. شەنگەنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — دۇي، دۇي، كاۋرۇشاڭ، ①— دەيدىكەن.

«كاۋرۇشاڭ» دېگەن سۆزنى ئاخۇنۇم «كاۋاپ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، كېيىنكى قېتىم كەلگەن چاغلىرىدا شەنگەن: «نېمە تاماق يەيسىز؟» دەپ سورىسا، «كاۋرۇشاڭ» دەيدىغانلا بوپتۇ. شەنگەنمۇ ئاخۇنۇمنى چاقىرتماقچى بولسا «مۇھەممەت موللا» دېگەنگە تىلى كەلمىگەچكە تۇڭچىسىغا «ھېلىقى كاۋرۇشاڭ دەيدىغان ئادەمنى چاقىرىپ كەل!» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاخۇنۇمغا «كاۋرۇشاڭ» دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن...

بۇ گەپلەرنى قىزىقىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابدۇۋەلى شۇ چاغدا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى.

بىر يىلى ئابدۇۋەلىنىڭ ئاكىسى توغرىكۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئۈزۈمىنى ئېلىپ ئابدۇۋەلىنى قاغا ـ قۇشقاچلارنى قورۇشقا قويغانىدى. بىر كۈنى، باغنىڭ تېمى ئۈستىدە يۈگۈرۈپ ئۈزۈم قورۇپ يۈرگەن ئابدۇۋەلىنىڭ قۇلىقىغا ئۇدۇلدىكى باۋۇدۇنبايلارنىڭ بېغىدا بولۇۋاتقان نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئابدۇۋەلى تامدىن ئالدىراش چۈشۈپ، ئوتتۇرىدىكى كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۇڭگۇچتىنلا ھېلىقى باغقا كىردى. بۇ چوڭ باغنىڭ ئىچىدە ھەشەمەتلىك بىر شىپاڭ بار ئىدى. شىپاڭدا نۇرغۇن مېھمانلار سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇراتتى.

ئەسلىدە شۇ كۈنلەردە ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ تويى بولۇۋاتقانىدى. يىگىت ئولتۇرۇشىنى ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ ئوغلى ساۋۇت ئەپەندى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ مۇشۇ باغدا

---

① توغرا، كاۋاپنىڭ پەيزى بار، دېگەن مەنىدە.

مەركە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئابدۇۋەلى شىپاڭنىڭ يېنىدىكى گۈللۈكتە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ سورۇنغا زەن سالدى. بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش تەرتىپلىرى ئۆزگىچە تۇراتتى. دەسلەپتە ئەڭ تۆردىكى قېلىن ئەتلەس كۆرپىدە ئولتۇرغان ساقاللىق كىشى ساتارنى قولىغا ئېلىپ مۇڭلۇق بىر پەدىگە چېلىپ مۇقام باشلىدى:

ۋادەرىخا، سەددىرىخا كەتتى ئۆمرۈم بىلمىدىم،
يەل ۋە يامغۇرنىڭ مىسالى ئۆتتى ئۆمرۈم بىلمىدىم.
كۆز يۇمۇپ تاڭ ئاتقۇچە يەتتىم لەھەتنىڭ ئاغزىغا،
شۇنچىلىك ئۆمرۈم ئۇچۇن بىردەم ئىبادەت قىلمىدىم.
ئەھلى ئەۋلادىم دېبان نەپسىمنى رەيىگە بېرىپ،
نە ھالالۇ، نە هارامۇ پەرقىن ئەسلا بىلمىدىم...

بېشىغا قەشقەرچە نېپىز گىرۋەكلىك تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەرىجە، ئىچىگە ئاق يەكتەك كىيىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بۇ مويسىپىتنىڭ ئاۋازى بىرئاز تىترەپ، ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق چىقاتتى:

ئاھ نىدەرمەن سورىسىلا ھەق ئالدىدا يەۋمۇلجازا،
ھەسرىتا ۋا ۋەيلىتا بىردەم ئۆزۈمگە كەلمىدىم.
ھەسرەت ئېتىپ ئەي ھۇۋەيدا يىغلىساڭ مىڭ يىل ئەگەر،
ئاقىبەت ئۆلمەك تۇرۇر ئۆزگە ئىلاجىن بىلمىدىم.

ئاڭلىغۇچىلار «ھەق» دەپ بېشىنى سالاتتى، بەزىلىرى يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. مۇقامدىن كېيىن دۇتار، تەمبۇر، غېجەكلەر قېتىلىپ يەنە چوڭ پەدىلەر داۋام قىلدى. نەغمىنىڭ ئاخىرى ئۇسسۇلغا ئۇلىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق

ئۇسسۇلچىلىرىدىن مەنسۇرجان ئاقساقال دېگەندەك كىشىلەر ئۇسسۇل قىلدى... شۇ چاغدا تۆردىكى مېھمانلار ئالدىغا ساھىبخانىلار تاۋاق - تاۋاقتا گۆش، كاۋاپلارنى ئۈزۈلدۈرمەي توشۇپ تۇرغانىدى. بايا، ھېلىقى ياشانغان نەغمىچى «كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم» دېگەن چوڭ سازەندە شۇ بولسا كېرەك؟! ...

بۇ زاۋۇتتىكى تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى، توكۇلدىتىپ بولقا ئۇرۇپ، ئاچچىق ناخشىلارنى ئېيتىدىغان ئاشۇ ئۇستىلارنىڭ ھەسرىتىنى ئابدۇۋەلى تېخى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. زاۋۇتنىڭ پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىدىغان گۇدۇكى دەھشەتلىك ھۆركىرىشى بىلەن يىللاپ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ مۈكچەيگەن ئۇستىلار، ھارغىنلىق يەتكەن ئىشچىلار، كۆزلىرىدىن تېخى كېچىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى كەتمىگەن شاگىرت بالىلار تەرەپ - تەرەپتىن ئالدىراش كېلىشىپ بۇ يەردىكى ئىشخانىلاردا جەم بولاتتى. ھەر جۈمە كۈنى كاسسىرلارنىڭ بۆلۈمى ئالدىدا سائەتلەپ ساقلاپ، ھەپتىدە بىر تارقىتىلىدىغان ئىش ھەققىنى ئالالمايدىغانمۇ كۈنلەر بولاتتى. ئىشتىن چۈشۈش گۇدۇكى بىلەن تەڭ ھارغان، كەيپى ئۇچقان ئادەملەر پۇتلىرىنى ئېغىر سۆرىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى. ۋەزىپىسىنى تۈگىتەلمىگەن بەزى ئىشچىلار تۈن يېرىمىغىچە ئىشلەپ كېتەتتى. سىرتتىن بىرەر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن بەزى مۇساپىرلار پەشمالنى ئاستىغا سېلىپ، چاپىنىنى ئۈستىگە غېرىبچە يېپىنىپ، بېشىنى كۇرسىغا قويۇپ، پارچە - پۇرات پۇرۇچلارنىڭ ئارىسىدىلا ئۇخلاپ قالاتتى.

بۇ مۇساپىرلار ئىچىدە مامۇت ئاخۇن دېگەن بىر خوتەنلىك ئادەم بار ئىدى. باشقىلار ئۇنى «مامۇت خوتەن» دەپ

چاقىرىشاتتى. مامۇت خوتەن گېپى ئۇچۇق، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. داق يەردە يېتىپ، قايناق سۇ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈش جېنىغا پاتقان بەزى كۈنلىرى ئۇ:

ئاسماندىكى ئاي ئىدىم،
يەرگە چۈشۈپ خار بولدۇم.
ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقانغا
ئىگە بولماي زار بولدۇم.

ئەتىسى سەھەر قوپۇپ،
ئۇياق ـ بۇياققا قارايمەن.
خۇدايىم قۇۋۋەت بەرسەڭ،
ئۆز يۇرتۇمغا يانايمەن.

قانداق قىلىمەن، قانداق ئېتىمەن،
ئۆز يۇرتۇمغا قانداق كېتىمەن؟...

دەپ ناخشا ئېيتاتتى.

ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىققان نىياز قارىباتۇر دەيدىغان يەنە بىر ئۇستا بار ئىدى. ئىنتايىن قاۋۇل، كېلىشكەن بۇ ئادەم زاۋۇتتىكى ياخشى ئىش تىكىدىغان موزدۇزلاردىن سانىلاتتى. ئۇستاملار ئۇنىڭ توغرىسىدا، «نىياز بىر مۇھەببەت پاجىئەسى بىلەن ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپتىكەن» دېيىشەتتى. نىياز قارىباتۇر ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۆزى جەنۇب ناخشىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئېيتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ناخشىلىرىغا كۆپرەك مۇھەببەت، ئەقىدە، جۇدالىق ھەققىدىكى بېيىتلارنى سالاتتى.

يار بىلەن چۆللەرگە بارسام،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى توغراق ئەمەس،
شاخى ئېگىك ئانار ئىكەن،

كېچىلەپ يوللار بېسىپ.
تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ،
سەن ئۈچۈن بولدۇم مۇساپىر.
بۇ ئەزىز جاندىن كېچىپ.

ئابدۇۋەلى چىرايى قارامتۇل كەلگەن بۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالاتتى. نىياز ئۇستا بارلىق ھەسرىتىنى ئاشۇ بىر نەرسە بىلەن يېنىكلەتمەكچى بولغاندەك چولڭ تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن تارتتى - دە، ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى:

بۇ يۇرتتا تولا دەريا،
ئېقىپ ئۆلسەم كۆرەمسەن؟
يار - دوستلار خەۋەر ئېيتسا،
نامىزىمغا كېلەمسەن؟...

دېگەندەك بېيىتلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ «ۋاي - ي دۇنيا! قېنى تارانچى غەزەللىرىگە بىر توۋلاڭلار!» دەيتتى. ئاندىن مەشۇرئاخۇن ئۇستام يېنىك نەپەس بىلەن «ئامانەي» ناخشىسىنى باشلايتتى:

بۇ تاغلاردا كىم ياتقان؟
ئەسكەر باتۇرلار ياتقان.
يانپېشىغا تاش پېتىپ، ئامانەي - ئامان،
دەردى خۇداغا يەتكەن، ئامان قىل خۇدا...

داۋۇت تــوكۇر دېگەن كىشىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يۇقىرى ئــىــدى. ئـۇ «ئـەۋرىــشىم» بىلەن «مەستۇنە ھەيران» نى بەك چىرايلىق ئېيتاتتى.

مەستۇنە ھەيران بوپتىمەن،
شۇبۇ كۇنلەردە.
ياتسام كېچە، كەلمەس ئۇيقۇم
قارا تۇنلەردە...

ناخشىنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى تۇتالمىغان مەھەممەت تۇرخۇن بىلەن ئىمىنجان ئۇستاملار داۋۇتكامغا ئۇلاپلا بەش ـ ئالتە ناخشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىۋېتەتتى.

※ ※

ئابدۇۋەلى ئۇستىسى ئىمىنجانغا ئامراق ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئــاتا ـ ئانىسى جەنۇبلۇق بولۇپ، ئىمىنجان ئۇستا ئۆزى ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدى. ئىلى ناخشىلىرىنى ئۇ ناھايىتى قائىدىلىك ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئاڭلىغۇچىنى ئەسىر قىلىدىغان ئۆزىگە خاس بىر پۇراق بار ئىدى. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەرگە چاقىرىلاتتى. زاۋۇتتا ئۇ يەنە ھۈنەرگە ماھىرلىقى بــىــلــەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. زاكاز بۆلۈمىنىڭ بــايــلار، ئــەمــەلــدارلار، تــۆرىــلــەرنىڭ ئەتىۋارلىق خېنىملىرى بــۇيــرۇتــقــان ئــالاھــىــدە ماللىرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا پەردازدىن چىقىپ ئىگىسىنىڭ قولىغا تېگەتتى. ئىمىنجان ئۇستا يېڭىچە ئاياغ پاسونلىرىنىمۇ ئىجاد قىلغانىدى. تۇرمۇشتا بۇ ئادەم نــاھــايــىتى ئاددىي ياشايتتى، چوڭ ـ كىچىك بىلەن يېقىشلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئابدۇۋەلى يۇرۇش ـ تۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇشتا

شۇ ئادەمدەك بولۇشنى، ناخشا ئېيتىشتا ۋە مۇزدۇزلۇق ھۈنىرىدە ئاشۇ ئۇستىدەك كامال تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

لېكىن، ئىمىنجان ئۇستامنىڭ تۇرمۇشتىكى يۈكى ئېغىر ئىدى. ئائىلىسى غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى. ئايالى ئاغرىقچان ئىدى. ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇ ئۆيىدە يەنە بىرنەچچە جۈپ كەپتەرمۇ باقاتتى. ئايالىنى داۋالىتىش بىلەن بولۇپ، ئۇ بەزىدە ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئىشقا كېلەلمەي قالاتتى. قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ قولىغا تېگىدىغان ئىش ھەققىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. كېيىنكى يىلغا كەلگەندە ئىمىنجان ئۇستىنىڭ ئايالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۇ بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىشقا كېلەلمەي قالدى. ئۇستامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان جۈپتىمۇ ئاخىر ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك، زاۋۇت ھېساباتچىلىرى ئىمىنجان ئۇستىنىڭ بويىنىغا بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى كونا- يېڭى قەرزلەرنى بىراقلا ھېسابلاپ ئارتىپ قويدى. شۇ ئىشلار ئېغىر كەلدىمۇ ياكى ئايالى بىلەن بولغان جۇدالىقنى كۆتۈرەلمىدىمۇ؟ ئىمىنجان ئۇستا ئاينىپ قالدى.

بىر كۈنى زاۋۇتتا «ۋاي ئىمىنجان ئۇستام چىقىپتۇ!» دېگەن گەپ تارقالدى. ھەممە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ تالاغا ئالدىرىدى. ئابدۇۋەلى يۈگۈرۈپ چىقىپ، زاۋۇت قورۇسىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئىمىنجان ئۇستام ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالاڭ ئاياغ تۇراتتى. مۈرىسىگە بىر كەپتەرنى، قولىغا يەنە بىر كەپتەرنى قوندۇرۇۋالغانىدى. بۇ سۈمباتلىق، ئاجايىپ ناخشىچى ئورۇقلاپ قارىداپلا كەتكەن بولۇپ، يىرتىق كىيىملىرىدىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۇنيادا ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ۋاپادار كەپتىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا بىردەم ناخشا ئېيتىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى؛ بىردەم

زاۋۇتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرىدىن تارتىپ چوڭ خوجايىنلىرىغىچە ھەممىنى بولۇشىغا تىللايتتى...

ئابدۇۋەلى ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. دۇكانلاردىن دۈپۈرلىشىپ چىققان ئۇستىلار زاۋۇت دائىرىلىرىنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا نارازى بولۇپ ۋارقىراپ غۇلغۇلا كۆتۈرۈشتى... ئابدۇۋەلى ئۆزىنى شۇ كۈنى بىردىنلا چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى؛ شۇ ئەمگەك، شۇ ھۈنەر، شۇ مۇشەققەتلەرنى تارتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ قىلغان سۆزلىرى، ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ مەنىسىنى ئۇ پەقەت شۇ كۈنىلا ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بۇ زاۋۇتتا ئىشلەشتىن كۆڭلى قالدى. ئاز ئۆتمەي ئۇ ھېساب - چوت قىلىشىپ زاۋۇتتىن چىقىپ كەتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

# تۈرمۈش قاينىمىدا

# توققۇزىنچى باب

# ناخشىچى يىگىت

ئابدۇۋەلى زاۋۇتتىن قول ئۈزۈپ چىققاندا، بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويۇپ قالغانىدى. توغرىكۆۋرۈكتە ئۇيغۇر ياشلىرىدىن باشقا تاتار، رۇس، خۇيزۇ يىگىتلىرىمۇ خېلى بار ئىدى، ئۇلار كۆپرەك گارمون تارتىپ جىر ئېيتىشاتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ بەزىدە ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ ئايدىڭ كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. شەنبە كەچلىكلىرى قىزىلكۆۋرۈك تەرەپتىن قايسىبىر رۇس يىگىتىنىڭ گارمون بىلەن:

سوبۇتا، سوبۇتا،
خاراشۇ ۋېچىرا[1]...

دەپ باشلىغان ناخشىسى ئاڭلىناتتى. مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىكى باغلاردىن تاتار باللىرىنىڭ:

ئاق قۇ كۆللەردە بولار،
بۇرنى سۇلاردا بولار.

---

[1] شەنبە — شەنبە، كۆڭۈللۈك كېچە...

یاش ۋاقتىڭدا كىمنى سۆيسەڭ،
كۆڭلۈڭ شۇلاردا بولار.

قولياغلىقىم يۇۋارغا
زەڭگەر كۆللەر تاپمادىم.
باشقالاردا چىن كۆڭلۈم يوق،
سېنى سۆيەم ئاپئاقىم.

سۆيەم سېنى، سۆيەم سېنى،
سۆيەم سېنى چەچەگىم.
سۆيەم جانىم بەغىر كەيىم،
سېين مېنىڭ كىيلەچەگىم.

دېگەن جىر ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلەتتى. ئاندىن باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە قىزلار پەيدا بولاتتى ـ دە، ئوغۇللارنىڭ جىرلىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ئاخىرىدا قىز ـ ئوغۇللار جەم بولۇپ ئويۇننىڭ داۋامى تانسىغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

لېكىن، ئابدۇۋەلىنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغىنى ئىلىنىڭ خەلق ناخشىلىرى ئىدى. ئۇ ئۆسكەن مۇھىت ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللىبۇرۇنلا خەلق ئاھاڭلىرى يېتىلىدىغان زېمىننى ھازىرلاپ بولغانىدى. بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا ياكى ئېيتقاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا جوزىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان دادىسى، گۈلزارلىق ھويلىدىكى قاسىم تاشچى، ھارۋىدىكى مەڭگەن ئۇستىدە قالپىقىنى قىرلاپ ئولتۇرغان دېھقان، قەپەسلىك ھارۋىدا كېتىپ بارغان مەھبۇس، قولىغا كەپتەرنى قوندۇرۇۋالغان ئىمىنجان ئۇستا كېلەتتى...

ئەمدىلىكتە ئابدۇۋەلى مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈنلەردە يىگىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولدى. مەھەللىدىكى بىرەر

يىگىت ئۆيلەنمەكچى بولغاندا، توي باشلىنىش بىلەن قىز-يىگىتنىڭ ئۆي ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بارلىق يۇگۇر-يېتىم ئىشلارنى يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئابدۇۋەلىنى ئۇلار دائىم توينى ناخشا-سازلار بىلەن قىزىتىپ بەرگۈچىلەر قاتارىغا ئاجرىتىشاتتى. توي كۈنى ئابدۇۋەلى نەغمىچىلەر توپىغا قېتىلىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ نەغمە-ناۋالار بىلەن «هاي-هاي ئۆلەن»گە ۋارقىراپ باراتتى.

هاي-هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن
گۈل قايدا بار، يارى-يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان
هەر جايدا بار، يارى-يار.
هاي-هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن،
ئار كېلەدۇ، يارى-يار.
بەرگى خازان توننى كىيىپ
بار كېلەدۇ، يارى-يار…

بىرقانچە باركاللىلار ئارقىدا «باركاللا! باركاللا!» دەپ ۋارقىرىشىپ قىزىتىپ ماڭاتتى.

قارا-قارا قاغىلار
خاماندادۇر، يارى-يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئارماندادۇر، يارى-يار.

ئېگىز-ئېگىز تاغلاردىن
قوي كېلەدۇ، يارى-يار.

ئۆلەن ئېيتىپ يىگىتلەر،
توي كېلەدۇ، يارى - يار.

ئۇسسۇلچىلار تويىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. تويىنىڭ داغدۇغىسى كوچىدىكى ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. قىز - جۇۋانلار دېرىزە پەردىلىرىنى قايرىپ مارىشاتتى، ھاسىغا تايانغان بوۋاي - موماي‌لار ياشلىق دەۋرىنى ئېسىگە ئېلىشىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىشەتتى.

قىزنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا قىز تەرەپنىڭ يول ئۈستىگە چاچاق قۇرۇپ كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلىرى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا قەنت - گېزەكلەر بىلەن چاي تارتاتتى. ئاندىن ئوغۇل تەرەپنىڭ يىگىتلىرى داپ - دۇمباق، چالغۇلىرىنى قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرىگە سۇنۇپ: «قېنى، نەغمە ئەمدى ھەرقايسىڭلاردىن بولسۇن» ياكى «ئەمدى پەيزىنى ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئاڭلايلى!» دەيدىغان گەپ ئىدى. قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرىگە يەنە رەخت، قولياغلىق، پۇل ئوخشاش سوۋغاتلار تاپشۇرۇلاتتى. ئوغۇل تەرەپ بۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرمەي قىزلىق مەھەللىگە ئۇسۇپلا كىرىدىغان بولسا جەزمەن جېدەل چىقاتتى.

قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن رەھمەت ئېيتىپ، ئوغۇل تەرەپنى نەغمە - ناۋا بىلەن مەھەللىگە باشلاپ ماڭاتتى. توي بولىۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا يىگىتلەر دائىرە بولۇپ تۇرۇپ سازنى ئۇسسۇل پەدىلىرىگە يۆتكەيتتى.

ئىزدىمەس كۆڭلۈم سېنى، ۋاي - ۋاي سەنەم،
بار ئىزدىگەننىڭ يارى بول، ۋاي - ۋاي سەنەم.
كىم سېنى يارىم دېسە، ۋاي - ۋاي سەنەم،
بېرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول، ۋاي - ۋاي سەنەم…

ئىككى تەرەپنىڭ يىگىتلىرى بىر - بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ھۈنەر كۆرسىتىشەتتى. نەغمىچىلەر بارغانسېرى قىزىشىپ ئۇسسۇل ناخشىلىرىدىن بەش - ئالتىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىپ بىراقلا توختايتتى. قىز تەرەپ «رەھمەت! » دېسە «رەھمەت! » دەپ يىگىتلەرنىڭ بېشىدىن چاچقۇ چاچاتتى.

قىزنى يۆتكەپ ماڭغاندا، قىز ئانىسىنىڭ ئېيتىدىغان قوشاقلىرى كىشىگە ناھايىتى مۇڭلۇق تېگەتتى.

كىچىككىنە قارا كۆز، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تىلى تاتلىق، شېرىن سۆز، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
بالام مەندىن ئايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
قاناتلىرىم قايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئون بەش ياشقا يەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئۇرسام ئۆيدىن كەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
شۇڭقارىمنى قاچۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام…

تويىنىڭ ئەتىسى يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرى بۇ تويغا ئاتاپ يىغقان بوسۇت ماللىرىنى[1]كۆتۈرۈشۈپ يىگىت ئۆيىگە بېرىپ «چۇنچۇن سالۋات» ئېيتاتتى.

چۇنچۇن سالۋات بەر مەھەممەت
ھەر كىشى سۆزلەر، ئىشكنى كۆزلەر.
ئوڭدا يىگىتلەر، سولدا جۇۋانلار،
ئويناڭلار، كۈلۈڭلەر.

① بوسۇت مال — ئۆيلەنگۈچى يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرى تويغا ئاتاپ توپلىغان ئۆي - جابدۇق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا سوۋغاتلار.

ھەرقانچە ئويۇن بولسا،
شۇنچە بولۇر،
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولماس.
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولسا،
كۆل تام بولماس.
كۆل بىلەن تام بولسا،
تۈۋى بوش بولۇر.
كۆيئوغۇل ئوغۇل بولماس،
كۆيئۇغۇل ئوغۇل بولسا،
كۆڭۈل خۇش بولۇر.
......
ئەللەر ھەر نېمە دەيدىكەن،
دېيەلمەيدىكەن.
ئۆتكەمىدە ئالغانلار
غەلۋىردە بېرەلمەيدىكەن.
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپالمىغىنى چۆجە خوراز.
تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر،
تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.
سۇلتانبەگنىڭ توي مەرىكىسىگە
ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز تۈك ھارىقى بىلەن،
توققۇز قارا باش قويى بىلەن،
توققۇز تاغار قەنت ـ گېزىكى بىلەن…

«چۇنچۇن سالۋات» ئېيتقان يىگىت بەزىدە ھودۇقۇپ، بېيىتلەرنى تاپالماي دۇدۇقلاپ كېتەتتى. مۇنداق چاغدا ئارقىدا تۇرغانلار پىخىلداپ كۈلۈشەتتى. چۇنچۇن سالۋاتنىڭ ئاخىرى:

يېتىپ ـ قوپۇپ ئۆلەن تارتىپ،
دەم ئالماي يەتكۈزۈپ كەلدى!

دەپ ئاخىرلاشقاندا كۆپچىلىك:

دېمى كەم بولمىسۇن!
بارىكاللا! بارىكاللا!

دەپ ۋارقىرىشاتتى ـ دە، كۆتۈرۈپ كەلگەن بوسۇتلىرىنى يىگىت ئۆيىگە تاپشۇرۇشاتتى. قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ قائىدە ـ يوسۇنلار ئابدۇۋەلىگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلاتتى. كەلگۈسىدىكى تىياتىر ئارتىسى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جانلىق تۇرمۇش دەرسى ئىكەنلىكىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى.

※ ※

بىر ەر يىلدىن كېيىن ئابدۇۋەلى يەنە دەڭدەرۋازا يېنىدىكى ئىلگىرى ئۆزى ئىشلىگەن قاتار دۇكانلارغا كېلىپ ئىشلىدى. بۇ دۇكانلارغا ئەمدى باشقا موزدۇزلار كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. ئابدۇۋەلى كىرگەن دۇكاننى ئېلاخۇن ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئوغۇللىرى باشقۇراتتى. ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ھاسان ئىش كېسەتتى، يەنە بىر ئوغلى — ئاتاقلىق دۇتارچى ياقۇپجان زاگاتوپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دۇكاندا يەنە قاسىمجان، ئابدۇقادىر، غوجاخمەت، ھېسامىدىن دېگەن موزدۇزلار بار ئىدى. ئابدۇۋەلى رەسمىي ئۇستىلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ سەندەل تىكتى.
بۇ يەردە ئابدۇۋەلىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم ھاسان بۆرە بولدى. ھاسان ئۇستا باتۇرلارغا خاس بەستى بار، كۆزلىرى يوغان، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئادەم بولۇپ، ئۇستا

ناخشىچىلاردىن ئىدى. بۇ كىشىنىڭ خاپا بولغىنىنى زادى كۆرگىلى بولمايتتى. بەزىلەر كىچىككىنە ئىشقا چىچىلىپ كەتسە:

— بولدى، بولدى، قويۇڭلار، بۇ جاھاننىڭ خاپا بولغۇچىلىكى بارمۇ! — دەپلا كۈلۈپ بېسىپ قوياتتى.

ئۇستاملار ھاسان بۆرە توغرىسىدا «ھاسان — ياش ۋاقتىدا نۇرغۇن كىچىكلەرنى كەچكەن، رۇس يېرىدە رۇس پادىشاھىغىمۇ ئەسكەر بولغان» دېيىشەتتى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەن بۇ ئادەمنىڭ كۆرگەنلىرى كۆپ، ئاڭلىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ تولىراق تارىخىي ناخشىلارنى ئېيتاتتى.

ئاتالىرىمىز ھالى يامان،
تەيپۇنەم زامانىدا.
بىر مەھەللىدە بىر قازان،
زالىملار زامانىدا.

بېگىملەر ئۆتۈپ كەتتى،
ئاتلىرىنى يورۇتۇپ.
زالىملارنىڭ ئالۋىنى —
يۇرتنى قويدى قۇرۇتۇپ.

مۇنداق چاغلاردا موزدۇزخانىدىكىلەر:

— هاي ھاسىنىكا، ئۆلمە! — دەپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى.

— ھەي ئۇكىلىرىم، سىلەر ئۇقمايسىلەر، — دەيتتى ھاسان ئۇستا، — بىلسەڭلار ھەربىر ناخشىنىڭ ئۆزى بىر تارىخ. ئاتا-بوۋىمىز ئىلىنى ئىلى قىلغۇچە ئاز جاپا تارتاتتى دەمسىلەر؟ مانا مۇشۇ ھوسۇل[1]ناخشىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېيتساق: بۇرۇن مانجۇ پادىشاھ ۋاقتىدا ئىلىدا ھەر يۈز ئۆيلۈكنى بىر يېزا

---

[1] ھوسۇل — دېھقانچىلىق بېجى.

قىلىپ، بىر ئائىلىگە تۆت خودىن، بىر يېزىغا تۆت يۈز خو ھوسۇل تاپشۇرۇشنى يۈكلىگەنىكەن. يېزىلار ۋەيران بولۇپ، ۋابا كېسەللى تارقىلىپ ئادەملەر ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر يېزىدىن شۇ بەلگىلەنگەن ئاشنى ئېلىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقان ئاشنىڭ باش - بۇرنىنى ساڭغا ئەكىرسە شازىچى، غەلۋىرچى، تارازىچىلىرى ساختا قىلىپ، تۆت خوغا مۆلچەرلەپ ئەكىرگەن ئاشلىقى ئىككى خوغىمۇ چىقىش قىلمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئالتە ئاي ياز جاپا چەككەن بىچارە دېھقان ئاخىرىدا قۇرۇق ئارا - گۈرجەكنى قۇچاقلاپلا قالىدىكەن.

ئاخشىمى ياتار چاغدا
سالغىلى كىگىز قېنى؟
بۇ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارنىڭ قىلغىنى.

دېگەن ناخشىلارنى ئاشۇ ئادەملەر زۇلۇم جانغا پاتقاندا ئېيتقان - دە!

— سادىركاملار شۇڭا قوزغىلىپ چىققان دېگىنە، ھاسىنىكا؟

— ھەببەللى، توغرا ئېيتتىڭ. ھۆكۈمەتنىڭ ھېلىقى ئۆي بېشىدىن ئالىدىغان تۆت خو ھوسۇلي كېيىن سەككىز خوغا، سەككىز خودىن ئون ئالتە خوغا، ئون ئالتە خودىن بىراقلا ئوتتۇز ئىككى خوغا يېتىپ بارغانىكەن. بىرەي دېسە دېھقاننىڭ بەرگۈدەك ئېشى يوق. بەرمىسە بېشى كېتىدۇ.

ئالۋان - ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

دېگەندەك ئىش بولغاندىن كېيىن، ئاخىر سادىر پالۋاندەك ئەزىمەتلەر قوزغىلىپ چىققانىكەن. ئايهاي، ئۇ چاغلاردا قالتىس جەڭلەر بولغان دەيدۇ!...

شۇنىڭ بىلەن هاسان بۆرە سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئۆز زامانىسىدىكى پالۋانلارنىڭ زالىملارغا قانداق تېتىغانلىقىنى هېكايە قىلاتتى.

— هە، ئۇ قوزغىلاڭلىرىڭنىڭ ئاخىرى قانداق بولدى هاسان؟— دەپ سورىدى ياشتا چوڭراق بىر ئۇستا.

— قانداق بولاتتى. پۇقرا قولىغا تىغ ئالسا، پادىشاهقا پادىشاھ چاپان ياپىدىغان گەپ ئىكەن. مانجۇ پادىشاھ بىلەن رۇس پادىشاهى گەپنى بىر قىلىپ، پالۋانلارنىڭ قان ئاققۇزۇپ قۇرغان هۆكۇمەتلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە رۇس پادىشاهى ئىلىنىڭ بىر تالاي يېرىنى بۆلۈپ چېگرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈۋالدى. نۇرغۇن دېهقاننى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۆچمەنلەرگە ۋېلىباي باش بولغانىكەن.

ۋېلىباينى باي دەيدۇ،
باي قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى
ئىلىدىن جۇدا قىلغان.

مانا بۇ ناخشىلار شۇ چاغدا چىققان. شۇ چاغدىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆرگەن كۈننى ئۇلار ئېيتقان مانا مۇنۇ ناخشىلاردىن بىلسەڭلار بولىدۇ.

ئىلىدىن كۆچۈپ چىقىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ
كۆن ئالماقمۇ تەس ئىكەن...

— ۋاڭ خولۇ دېگەن نېمە بىلەمسىلەر؟— دەپ سورىدى بىر كۆنى ھاسان ئۇستا موزدۇزلارغا قاراپ.

— ۋاڭ خولۇ دېگەن شۇ بىر شەنگەن، دارېنىنىڭ ئىسمىدۇر؟— دېدى ئابدۇۋەلى.

— ئايھاي! — دەپ كۈلۈپ كەتتى ھاسان ئۇستا، — مانا ئابدۇۋەلى سەن تېخى بالا جۇمۇ.

ياز بولسا قىلۇر غەمكىن،
ۋاڭ خولۇنىڭ ئالۋىنى.
ھاشارلارغا باش بولغان
زالىملارنىڭ يامىنى.

دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ ھە، ۋاڭ خولۇ دېگەنمۇ خەلقنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن بىر ئالۋان. بىر زامانلاردا ئىلىنىڭ جىياڭجۈنى كونا كۈرەدە تۇرىدىكەن. خۇدانىڭ غەزىپى تۇتقانمۇ، دەريا سۈيى شۇ كۈرە تەرەپكە يېتىپ، دولقۇنلاپ تۇرغان سۇ يارنى يىلمۇ يىل گۇمۇرۇپ، يارنىڭ ئۈستىدىكى كۈرە سېپىلىگە يېقىنلاپ قاپتۇ. بەگلەر سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ھەر يىلى سەھرا خەلقىگە شاخ ـ پاخال ھاشار سېلىپ سۇنى توسۇۋالىدىكەن. بۇ يەردە ھەر يىلى باھاردىن كۈزگىچە ئىككى مىڭغا يېقىن ھاشارچىلار

ئىشلەيدىكەن. قانچە بىچارىلەر ھالىدىن كېتىپ بېلىقلارغا يەم بولىدىكەن. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ ئالۋان تاكى سادىر پالۋان سوقۇشقىچە قىرىق يىل داۋاملاشقانىكەن. ئالۋان ھەر يىلى ئەتىيازدا باشلىنىپ كۈزگىچە داۋام قىلاتتىكەن. رەھىمسىز بەگلەر، «توختى ئاتلىقنى تاشلىسا تاشقىن توختايدۇ» دېگەن پەتىۋاغا ئېسىلىۋېلىپ ئاخىرىدا توختى ئاتلىقتىن بىرنى تۇرمەل بىلەن قوشۇپ دەرياغا تاشلاپ شۇ يىللىق ئالۋاننى بولدى قىلاتتىكەن.

دەريانىڭ سۇيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر
ھاشار بىلەن توسماقچى.

دەريانىڭ سۇيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار،
بىر خۇداغا يىغلايدۇ.

مانا بۇ ناخشىلارنى شۇ چاغدىكى ھاشارلار قان - قان يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان. ھەي، ئەلى دېھقانلىرىنىڭ تارتقان كۈنلىرىنى سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ - دە! ... ناخشا دېگەن يۇرەكنىڭ سۆزى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەممە دەيدىغان گەپ، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئاشۇ ناخشىلارغا پۈتۈۋەتكەن!

ناخشىلار توغرىسىدىكى بۇ گەپلەر ئابدۇۋەلىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش ئىشتىياقىغا تېخىمۇ ئوت ياقاتتى.

※ ※

ئابدۇۋەلى ھازىر مۇستەقىل ئىش تىكىپ، قىلغان ئىشىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان بولغانلىقتىن، شاگىرت ۋاقتىغا قارىغاندا خېلى ئەركىن ئىدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا ئۇستاملار بىلەن بىللە خالىغان يەرگە باراالايتتى. موزدۇزلارنىڭ مىجەزىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايتتى: بەزىلىرى ئىشتىن چۈشۈپ، چاپىنىنى قولتۇقىغا قىسىپ قاۋاقخانىلارغا بېرىپ تۆت سەر - يېرىم جىڭ قېقىۋېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىلىرى ئاز - تولا نەشە تارتىشاتتى.

ئەينى يىللاردا نەشە، ئەپيۇن دېگەنلەر بازاردا ئاشكارا سېتىلاتتى. تاكى 1934 - يىلى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» گە كەلگۈچە قىمارخانىلار، نەشە تارتىدىغان مەيدانخانىلار ئوچۇق تىجارەت قىلىپ كەلگەنىدى. تېرەكمازارنىڭ ئالدىدىكى مەيدانخانا ئەڭ كونا مەيدانخانىلاردىن ھېسابلىناتتى. تاقچىلىق مەھەللىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا «ئىلەك پۇچۇقنىڭ مەيدانخانىسى» دېيىدىغان بىر چوڭ تاماكا سورۇنى ئېچىلغانىدى. قارىدۆڭ ئاقسۇ مەسچىتى يېنىدىكى «ئاشىق ئاتام» دېگەن كىشى ئاچقان مەيدانخانا شەھەر بويىچە ئەڭ ئاۋات مەيدانخانىلاردىن ئىدى. ئاشىق ئاتام — ساقاللىرى مەيدىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ مەيدانخانىسىدا سازچىلارمۇ كۆپ بولاتتى. ئابدۇۋەلى بەزىدە ئۇستاملارغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە ساز تىڭشاش ئۈچۈن چىقىپ قالاتتى. ئېغىر ئەمگەكتىن ھالسىرىغان، ئىچى پۇشقان ئادەملەر بۇ يەرگە ساز تىڭشاپ، تاماكا تارتىپ پەيزى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىسىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولۇش ئۈچۈن يىغىلىشاتتى. ئادەتتە بۇ مەيدانخانىغا كىرگەنلەر چاينىڭ پۇلىغا بىر چىلىم تاماكىنىڭ پۇلىنىمۇ قوشۇپ تۆلەپ سورۇنغا بېرىپ ئولتۇراتتى. سورۇندا سازچىلار ساز قىلىشاتتى،

قاپاق چىلىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ توختىماي ئايلىنىپ تۇراتتى.

يەنە بەزى ئۇستاملارنىڭ كەيىپ ـ ساپا بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر جۇمە كۈنى خانىقادىن قالمايدىغان سوپىچاقلاردىن ئىدى. ئابدۇۋەلىمۇ بەزىدە ئۇلارغا ئەگىشىپ خانىقالارغا بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەينى يىللاردا تېرەكمازار، شەھەر ئىچى، سۇدەرۋازا قاتارلىق ئورۇنلاردا خانىقالار بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرەكمازار خانىقاسى چوڭ خانىقا ھېسابلىناتتى. ھەر جۇمە كۈنى بۇ خانىقالارنىڭ داش قازانلىرىغا ئونلاپ مالنىڭ گۆشى تاشلىناتتى. ئىخلاسمەن سوپى ـ ئىشان، ھاپىزلار قىزغىن زىكرى ـ سۆھبەت ئېلىپ باراتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئىلىدا تەسەۋۋۇپچىلىق دەسلەپتە ئارائۆستەڭ يېزىسىدىكى «خەلپەملەر مەھەللىسى» دىن باشلاپ ئەۋج ئالغانىكەن. گەرچە بۇ بىر دىنىي پائالىيەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا يەنە خەلقنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بىر زامانلاردا، ئالتە شەھەردىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە ئىمىن نەغمىچى دېگەن بىر ئۇستا سازەندە بولغانىكەن. ئۇ تولىراق خانىقالاردا نەغمە قىلىش بىلەن شۆھرەت تاپقانىكەن. بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى يازما خاتىرىلەردە: «بۇ چاغدا ئىمىن نەغمىچى دەپ بىرى نەغمىچى بار ئىدى. ئۇ ھەممە نەغمىلەرنى تامامىغا يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى. راۋاپ، قالۇن، ساتار، تەمبۇر، داپلارنى سادىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزھال، مۇشاۋرەك، ئوششاق، چەببىيات دېگەن مۇقاملارنى مۇسىقى ئاۋازلىرى بىرلەن ئىختىرا قىلىپ، شېكەر زابانلىرى بىرلەن غەزەلى نەۋائىلارنى ئوقۇپ، ساماغا چۈشۈپ، بىرقانچە سوپىلار ھوشىدىن كېتىپ، بۇ نەغمىلەردىن پەيزى پەتۇھاتلار بولۇشۇپ، يىغا ـ زار، دۇئا ـ تەلەپلەر بولۇر ئىدىلەر...» دەپ

يېزىلغان. ئىمىن نەغمىچى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زاماندىشى موللا روزى نەغمىچى سۆھبەتكە قاتنىشىپ، زىكرى ـ سۆھبەتنىڭ ئىمىن نەغمىچى زاماندىكى ھەشەمىتىنى يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ قالغانىكەن...

ئەمدىلىكتە، خانىقالاردا نەغمە ـ ناۋا قىلىدىغان ئىشلار بولمىسىمۇ، ھاپىزلار قۇلغوجا ئەخمەت، مەشرەپ، نەۋائى، فۇزۇلى، لۇتپى، نىزامىدىن ئاخۇنۇمغا ئوخشاش شائىرلارنىڭ ھەقىقەتكە، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىغا، ئۆلۇمنىڭ مۇقەررەرلىكىگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، كىشىگە چوڭقۇر بەدىئىي تەسىرات بېرەتتى؛ ئاڭلىغۇچىلارنى ھاياتنىڭ سىرى ئۇستىدە ئويلىنىشلارغا سالاتتى. ئەنە شۇنداق ھاپىزلار ئىچىدە يەركەنتتىن ئۆتكەن ئەمىردىن ھاپىز، ھەرەمباغلىق ئابزار خەلپە، شەھەر ئىچىلىك ئەختەم ھاپىز، تېرەكمازارلىق غۇلام ھاپىزلار ئاۋازىنىڭ سازلىقى، غەزەللەرگە توشۇقلۇقى بىلەن شۆھرەتلىك ئىدى. ئابدۇۋەلى بۇ ھاپىزلار ئوقۇغان غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ ئاھاڭىدىن ناھايىتى ھۇزۇر ئالاتتى... ھاپىزلار سۆھبەتتىن كېيىن، زىكرى سوقۇش قىزىپ، سوپىلار ھۇۋ تارتىشىپ، دۇگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىشىپ ساما سالاتتى. مۇنداق چاغدا ئابدۇۋەلىگە ئادەملەر بىلەن تەلڭ خانىقانىڭ ئۆزىمۇ پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كىمدۇر بىرلىرى جاۋغىيىدا كۆپۈكلەر قايىنىغان ھالدا چىرقىرايتتى، بەزى سوپىلار ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپ قالاتتى. بۇ يەردە دىن، ئەدەبىيات، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى... ئەنە شۇنداق تەلقىندىن كېيىن خانىقا ئۇمىچىغا ئېغىز تېگىشمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

ئابدۇۋەلى ئىش تىكىدىغان دۇكانغا دەڭدەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى «كونا گىر بازىرى» يېقىن ئىدى. كاسىپلار سودا ـ سېتىق ئۇچۇن كۆپرەك مۇشۇ بازارغا يۇگۇرەيتتى. بۇ قايناق بازارنىڭ

ئىچى ئۆزى بىر ئالامەت دۇنيا ئىدى. بۇ يەردە قاتار كەتكەن سودا
دۇكانلىرى، چايخانىلار، داڭلىق ئاشخانا، مانتىپەزخانىلار،
ئاشلىق - ئۇن بازىرى، داڭپۇزۇل ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باج
ئىدارىلىرىگىچە بار ئىدى. ساتىراشلار بىر چەتتىكى ئۈستى يېپىق
لەمپە ئاستىدىن ئورۇن ئالغانىدى، ھەربىرى ئۆزىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى تامغا خېرىدار يۈزىنى يېقىپ قارىمىغۇچە ئۆزىنى
تونۇيالمايدىغان خىرە ئەينەكتىن بىردىن ئېسىپ، كىچىككىنە
تاختاي ئۈستىگە ئۈستىرا - بىلەيلىرىنى تىزىشىۋېتەتتى.
غىچىلداپ تۇرىدىغان كونا ئورۇندۇقتا مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن
كاپىلىغۇچىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بولاتتى. بۇ ساتىراشلار ئىچىدە
ئاجايىپ گەپچى ئادەملەر بار ئىدى. يۇمشاپ كەتكەن ئالىقانلىرى
بىلەن بېشىڭىزنى سىلىق ئۇۋۇلاپ، ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر
بىلەن سىزنى ئۇخلىتىپلا قوياتتى. بەزىلىرى تىرناقلارنى ئېلىپ،
قولاق - بۇرۇننىڭ ئىچىگە پەرداز قىلاتتى. بۇ ساتىراشلارنىڭ
ئىچىدە يەنە بىر ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە بايلارنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ، خېنىملارنىڭ قېشىنى تېرىپ، غوجاملارنىڭ پۇت -
قوللىرىنى تۇتۇپ، غوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويىدىغانلىرىمۇ
ئۇچرايتتى. يەنە بەزىلىرىنىڭ ھۈنىرى يوغان ئامبۇر بىلەن
كېسەلنى ۋايدادقا سېلىپ چىش تارتقۇچە يېتىپ باراتتى.

گىر بازىرىنىڭ ئارقىسىدىكى تاقىچىلىق كوچىسىدىن
بولقا - بازغانلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى كېلەتتى. بۇ يەردە
قاۋۇل تۆمۈرچىلەر ھەرقانچە شاش ئاتلارنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە
دارغا تارتىپ تاقىلاپ بولاتتى. گىر بازىرىدىن تاقىچىلىققا
ئۆتىدىغان تار كوچىلارنىڭ بىرىدە قىمار مەيدانلىرى بار ئىدى.
مۇنداق قىمارخانىلار «چەنخۇ» دەپمۇ ئاتىلاتتى. چەنخۇ ئىگىلىرى
قىمارۋازلاردىن كىرىم قىلىپ، ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇراتتى.
ھەربىر قىمارخانىلارنىڭ يەنە بىر - ئىككىدىن گاڭگۇڭلىرى
بولاتتى. ئادەتتە ئۇلار قىمارۋازلارنىڭ بىر - بىرىنى بوزەك قىلىپ

كېتىشىنى نازارەت قىلىپ، قىمارخانىلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ ئۇنىڭ بەدىلىگە چوتار ئېلىپ جان باقاتتى.

گۆرۆلدەپ تۇرغان بۇ بازاردا كىمنىڭ باي، كىمنىڭ گاداي، كىمنىڭ پۇقرا، كىمنىڭ ئەمەلدار، كىمنىڭ شەھەرلىك، كىمنىڭ سەھرالىقلىقىنى كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار بېشىغا ئاق مالىخاي، ئۇچىسىغا بىقىنىدىن ئېتىلىدىغان كۆكلەك كىيىپ، بەلۋاغ باغلاپ يۈرەتتى؛ ئۆتۈك كىيگەنلىرى شالۋۇرىنىڭ پۇچقىقىنى ئۆتۈكنىڭ قونچىغا تىقىۋالاتتى، چوقاي ياكى پوپۇچ كىيگەنلىرى گوجەي ئورايتتى، يانلىرىغا چەندازا ئېسىشاتتى. شەھەرلىكلەر بېشىغا گۈللۈك ياكى گۈلسىز مانچىستىر دوپپا، ئۇچىسىغا تۈجۈركا - شالۋۇر، ياقىلىق پەشمەت چاپانلارنى كىيىشەتتى؛ ياشانغانلار ياقىسىز پەرىجە، ئاغلىق ئىشتانلارنى كىيەتتى. جەنۇبتىن چىققان كىشىلەرنى ئىچىگە كىيگەن ئاق يەكتەكلىرىدىن ئاجرىتىشقا بولاتتى. سودىگەرلەر بېلىگە دۈردۈن بەلۋاغلارنى باغلايتتى. ئىمام - مەزىن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر چاققان سەللىلەرنى يۆگەيتتى. ئۆلىما ئاخۇنۇم، قارىي - مۇپتىلارنىڭ سەللىسى مەرتىۋىسىگە قاراپ بىر - بىرىدىن يوغان بولاتتى.

ئابدۇۋەلى قولى ئىشتىن بوش بولسىلا بۇ قايناق بازارنى ئارىلاشنى، ئۇستاملار بىلەن بىللە بېرىپ كونا گىر ئىچىدىكى چايخانىلاردا ساز تىڭشاپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ھەربىر چايخانىلارنىڭ شۇ چايخانىنى ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان ئۆز سازەندىلىرى، قىزىقچىلىرى بولاتتى. قاينۇقلۇق[1] ئىسكەندەر شايىم دېگەن كىشى ئەنە شۇنداق چايخانا بەزمىچىلىرىدىن ئىدى. ئىسكەندەر شايىم ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، ساقاللىق ئادەم ئىدى، دۇتار چالاتتى، كونا ناخشىلارنى

① قاينۇق — ئىلى يېزىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى.

سەھرا قائىدىسى بويىچە يېقىملىق ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان «يەللەللى شايىگۈل، يىرەللى شايىگۈل» دېگەن ناخشىلىرى بار ئىدى. ئابدۇۋەلىنىڭ ئىپسىدە قېلىشىچە بۇ ئادەم ئېيتىپ يۈرىدىغان يەنە بىر ناخشىدا:

شاھىم - شاھىم، ھوي - ھوي،
شاھىم - شاھىم، ھوي - ھوي،
ھەر قەدىمىڭدە بەش سولكىۋاي،
چېمەندە خانىم، ھوي - ھوي...

دېگەن مىسرالار بار ئىدى.

شۇ يىللاردا مۇشۇ بازاردا پەيدا بولۇپ قالغان بىر راۋابچى بالا ئابدۇۋەلىنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. بۇ بالا قەشقەردىن چىققانىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بازاردىكى ھەممىسى ئۇنى «شاكىچىك» دەپلا چاقىراتتى. شاكىچىك قاراقاش، ئاق يۈزلۈك كەلگەن چىرايلىق بالا ئىدى. بېلىگە رومال باغلاپ، بېشىغا بادامدوپپا كىيىپ، پاكىز يۈرەتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇ قارىدۆڭ تەرەپتىكى مۇساپىرلار مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە يېتىپ - قوپاتتى، بەزىدە بازار ئىچىدىكى چايخانىلاردىمۇ قونۇپ قالاتتى. كۈندۈزلىرى بازاردا قوشاق قېتىپ راۋاب چېلىپ كۈننى ئالاتتى. كىچىكلىكىگە قارىماي ئۇ راۋابنى ناھايىتى چىرايلىق چالاتتى، شۇڭا بازاردا ھەممە كىشىنىڭ دېگۈدەك ئۇنىڭغا زوقى كېلەتتى. شاكىچىك سېيىت نوچى توغرىسىدىكى قوشاقلارغا ئۇستا ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى قوشاقلىرىنى مۇنداق باشلايتتى:

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ
سېپىل تېشىدىن.

شېرىن ـ شەربەت سۈيى بار
تۈمەن قېشىدىن.
چىقتى ئەلنىڭ ئوغلانى
نوچى بىر يىگىت.
مىسكىنلەرنىڭ قولدىشى،
ئىسمىدۇر سېيىت…

شۇنىڭ بىلەن، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئادەملەر ئورىۋېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردىن چىققان يېتىمچىلەر كۆپرەك بولاتتى.

— ھە، شۇنداق قىلىپ سېيىت نوچى بەگ ـ غوجاملىنى كۆزگە ئىلماي، شۇنچە يوغان قەشقەر شەھىرىگە سىغماي، ھەرقايسىلىرىدەك چاپانىنى دولىغا سېلىپ «ئاله شەھىرىگنى!» دەپلا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپ شاكىچىك راۋابنى دارانگشىتىپ يەنە قوشاق باشلايتتى:

قەشقىرىمدە ماتتەي
يارلىق چۇشۇردى.
سېيىت نوچىنى تۇتۇڭلار، دەپ
بۇيرۇق چۇشۇردى.
قەشقىرىمدە كۈن ئالماق
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك پەرۋاز قىلىپ
ئاقسۇغا يەتتىم.
راۋابىمنى ھەمراھ قىلىپ،
يەتتىم كۇچاغا.
ئالتە چېرىك بىر بولۇپ
ئالدى ئاراغا.

ئالتە چىرىك قاچقۇچە
تازا مۇشتلاشتىم.
قاراشەھەر دەرۋازىسىنى
پەشۋادا ئاچتىم...

كېيىن ئۇ ئىلىنىڭ بازىرىدىكى ئىشلار توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن قوشاقلارنى قوشقانىدى. شاكىچىك ئىلىدىكى مەشھۇر باي ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

ئاق قۇشقاچ ئاراسىدا
قارا قۇشقاچقا كۆز تەگدى.
قەشقەرلىكنىڭ ئىچىدە
باي ھاجىمغا كۆز تەگدى.
يىغلىمىسىلا ساۋۇتخان، يىغلىمىسىلا ئابلىزخان[1]،
ئەسلىي تەقدىر شۇنداقتۇر، تەقدىر ئىلاھ شۇنداقتۇر.
ئاسماندا يۇلتۇز تولا
بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟
ئىلىخودا باي تولا،
باي ھاجىمغا ئوخشامدۇ؟
يىغلىمىسىلا ساۋۇتخان، يىغلىمىسىلا ئابلىزخان،
ئەسلىي تەقدىر شۇنداقتۇر، تەقدىر خۇدا شۇنداقتۇر...

شاكىچىك بۇ قوشاقلىرىنى راۋاب بىلەن ئېيتىپ، ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ ئۆيلىرى، بازار ئىچىدىكى دۇكانلىرى ئالدىغىچە بېرىپ نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئالغانىكەن...
بۇ يىللاردا ئابدۇۋەلى يىگىرمە ياشتىن ھالقىپ تازا ياشلىق

① ئابلىزخان، ساۋۇتخان (ساۋۇتخان ئەپەندى) — ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى.

قۇرامىغا يەتكەنىدى. ياخشى - يامان، سېمىز - ئورۇق، باي ۋە گاداي ئوخشاش خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن تولغان ئەنە شۇ شەھەر بازارلىرىدىكى رەڭگارەڭ ئوبرازلار كەلگۈسى سەھنە ئارتىسىنىڭ خاتىرىسىگە ئورنىشىپ باراتتى. دەلدەڭلەپ كېتىۋاتقان مەستلەرنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى، گىدەيگەن بايۋەچچىلەرنىڭ ئاتقان پوللىرى، بازارغا ئوت - سامان ئەكىرىپ پۇل قىلالماي ئولتۇرغان دېھقاننىڭ ھەسرەتلىك چىرايى، ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالدا ئەرشكە چىقىپ كېتىۋاتقان چېكەرمەننىڭ شېرىن ئارزۇسى، تىلسىز تارىلاردىن ئاجايىپ سادالارنى يارىتىدىغان سەنئەتكارلارنىڭ نامرات تۇرمۇشى... ئابدۇۋەلىنى چوڭقۇر ئويلىنىشلارغا سالاتتى.

※ ※

بىر كۈنى ھاسان ئۇستا ئىش تىكىپ ئولتۇرۇپ ئابدۇۋەلىگە:

— ئابدۇۋەلى، ئەمدى سەن يىگىت بولۇپ قالدىڭ، بىكار ۋاقتىڭدا كۆرگەنلا يەردە لەلەڭشىپ يۈرمەي مەشرەپ ئەھلىگە قېتىلساڭ بولىدۇ. خەلقتە «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە...» دېگەن گەپ بار. ئۇ يەردە ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن ئۆگىنىسەن، — دېدى.

— تازا بەلەن گەپ بولدى، — دېيىشتى يەنە بىرنەچچە ئۇستاملار.

— مەنمۇ خېلىدىن بېرى شۇنداق قىلساممىكىن، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى ئابدۇۋەلى، — لېكىن، ئوتتۇز ئوغۇلغا قېتىلىشنىڭ قانداق رەسمىيەتلىرى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— بۇ ئوڭاي، — دېيىشتى ئۇلار، — ھاسىنىكام ئۆزى ساقا ئاتا بولۇپ بۇداقى مەشرەپكە باشلاپ بارىدۇ. «كۆپچىلىك،

بالىمىز ئابدۇۋەلى ئوتتۇز ئوغۇلغا قىتىلىپ تەلىم ئالسا» دەپ سېنى تونۇشتۇرىدۇ. يىگىتۋېشى، «بولىدۇ» دەپ ساڭا مەشرەپ قائىدىسى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرىڭ توغرىسىدا ئازراق تەلىم بېرىدۇ، شۇ.

ئابدۇۋەلى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. مۇنداق مەشرەپلەر قىش كۈنلىرى ئۆي - ئۆيلەردە، ياز - باھار مەزگىللىرىدە تاللىق، دەريا بويى، جىرغىلاڭ، لەڭزىبېشىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۈگمەنلەر ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى بىر - بىرىدىن كۆركەم ئىدى. ئۆرۈك پىششىقى مەزگىلىدە جېلىلىيۇزى، تۇرپانيۇزى، چۇلۇقايىلاردا ئۆرۈك سەيلىسى بولاتتى. بۇ تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى نەغمە - ناۋاسىز ئۆتمەيتتى. شەھەرنىڭ تىنچىقىدا تار دۇكاندا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ چارچىغان كاسىپلارغا بۇ سەيلىلەر تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

— كۆردۈڭمۇ ئابدۇۋەلى، — دەيتتى ھاسان بۆرە، — مانا مۇشۇنداق ھەر خىل مەرىكە، مەشرەپ - بەزمىلەرنىڭ ئۆزى خەلقنىڭ ناخشا - سازلىرىنى تاۋلاپ چىقىدىغان ئوچاق. ئىلىنىڭ بۇ سورۇنلىرىدا يېڭى - يېڭى ئاھاڭلار، يېڭى - يېڭى ناخشىچىلار، يېڭى - يېڭى سازەندىلەر يېتىلىپ قاتارغا قېتىلىپ تۇرىدۇ...

ھاسان بۆرە توغرا ئېيتقانىدى. ئابدۇۋەلى مەشرەپ ئەھلىگە قېتىلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئاجايىپ ساز ئۇستىلىرىنى، داڭلىق ناخشىچىلارنى ئۇچراتتى. ئۇ ئۆزى دېمەتلىكلەر بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالغاندا سازچىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ناخشىغا ياندىشاتتى. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. پات - پات ئۇنىڭ قۇلىقىغا، «ئاۋۇ ئابدۇۋەلى دېگەن موزدۇز ناخشىنى يامان ئەمەس

ئېيتىدىكەن ـ ھە! » دېگەن گەپلەر چۇشۇپ قالاتتى. ئۇستا چالغۇچى، ناخشىچىلار بار سورۇنلارغا داخىل بولۇپ قالغاندا ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشايتتى. ياخشى ئېيتىلغان ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا ئۇز ۇنغىچە ھاياجىنىنى باسالمايتتى. مۇنداق تەسىر قىلغان ئاھاڭلار ئۇنىڭ ئېسىدىمۇ ئوڭاي قالاتتى. بۇنداق مەشرەپلەردىن قايتقان كېچىلىرى ئۇ ئۇلتۇرۇشتىكى ئىلھامىنىڭ تەسىرى بىلەن مەھەللىسىگىمۇ ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلەتتى...

# ئونىنچى باب

# ئۇنتۇلماس ئۇستازلار

شۇ كەمنىڭ چوڭ سورۇنلىرىدا ئەڭ ھۆرمەتكە ئىگە كىشى ھاسان تەمبۇر ئىدى. ھاسان تەمبۇر شەھەر ئىچىلىك ئادەم ئىدى، تۆمۈر - تەرسەك ئېلىپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ئۇ دۇتار - تەمبۇرنى ناھايىتى چىرايلىق چالاتتى، ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا ھەممىدىن ئۇستۇن تۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا سازەندىلەرنىڭ كىرىمى ئاساسەن ئۆرۈم ئېلىشتىن كېلەتتى. ئادەتتە، توي - تۆكۈن ياكى مەشرەپلەرنىڭ ئاخىرى قىزىق بىر ئۇسسۇل بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ساھىبخانا بىر پەتنۇسقا رەخت، پۇللارنى قويۇپ، ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتى. ئاندىن سورۇندا ئولتۇرغانلارمۇ ئاتىغىنىنى چىقىرىپ ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ پەتنۇسقا تاشلايتتى. بەزىلەر پۇللىرىنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ دوپپىسىغا قىستۇرۇپمۇ قوياتتى. ئاخىرىدا يىگىتۋېشى پەتنۇسقا چۈشكەن پۇللارنى رەتلەپ، سازچىلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ تەقسىملەپ، قايتقاندا ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتى. سورۇنلاردا ئۆرۈم ئالمايدىغان بىردىنبىر سازچى ھاسان تەمبۇر ئىدى.

بەزى كەڭتاشا سورۇنلاردا ھاسان تەمبۇرمۇ ھاسان بۆرىگە ئوخشاش ناخشىلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ پۇچۇن خېنىم توغرىسىدا

مۇنداق دېدى:

— پۇچۇنخان ئىلى بەگلىرىدىن خوشنىزات ھاكىمبەگنىڭ ئىنىسى نۇرزاتبەگنىڭ قىزى بولىدۇ. پۇچۇنخان ناھايىتى كېلىشكەن، ئەقىللىق ئايال ئىكەن. دادىسى نۇرزاتبەگ ھايات ۋاقتىدا ئوردىغا ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنى ئالاھىدە تەربىيىلىگەن، كلاسسىك سازلارنىمۇ ئۆگەتكەنىكەن. خوشنىزات بېگىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى خالزاتخان ئىلىغا ھاكىمبەگ بوپتۇ. ئۇ كەملەردە بەگلەرنىڭ ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بىر بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان ئىشلىرى بارئىكەن. بىر قېتىم خالزاتخان بېيجىڭغا كېتىپ بېرىپ قۇمۇلغا چۈشۈپ، قۇمۇلنىڭ شۇ زامانلاردىكى ۋاڭى بىشىرۋاڭنىڭ كاتتا كۇتۇۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. خالزاتخان بىشىرۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كىچىك دادىسىنىڭ قىزى پۇچۇنخاننى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ۋەدە قىلىپتۇ. شۇ چاغدا قۇمۇل بىلەن ئىلىدا كاتتا توي بولغان دېيىشىدۇ. قۇمۇل بىلەن ئىلىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقىمىكىن، بىشىرۋاڭ ئۆزى ئىلىغا كېلەلمەي، نىكاھ ئۇنىڭ خەنجىرىگە ئوقۇلغانىكەن. پۇچۇنخېنىمنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا ياتلىق بولۇشقا مەيلى يوق ئىكەن. ئىلىدىن ئۇزىتىلغاندا ئۇ ھەسرەت چېكىپ:

خالزات تاغام چىقىپ مەنسەپ تەختىگە،
تۇتۇپ بەردى مېنى قۇمۇللۇق بەختىگە.
تاغام مېنى تۇتۇپ بەردى پاتقاق ۋاقتىدا،
ئاتام بولسا بېرەر ئىدى باھار ۋاقتىدا.
تاغام مېنى تۇتۇپ بېرىپ يامبۇ تاپامدۇ،
قۇمۇل ياقتا ئۆلۈپ كەتسەم قۇمدىن تاپامدۇ...

دەپ ناخشا ئېيتقانىكەن.

قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن پۇچۇنخان ئۆز يۇرتىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇيالماي ناھايىتى مىسكىن بوپتۇ، تولا ئويلاپ ئاغرىقچان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغلاردا ئىلىنىڭ ھارۋىكەشلىرى ئۇرۇمچىگە كىرا يۈك توشۇيدىكەن. ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق. بىچارىلەر:

ھارۋىكەش بولغان باللار
يات يۇرتلاردا پىيادە.
دەڭلەردە تولا يېتىپ،
راسخوتلىرى زىيادە.

بىز ئىلىدىن چىققىلى
ئاي تولۇپ يىلدىن ئاشتى.
جاپانى تولا تارتىپ،
يېشىمىز كۆزدىن تاشتى...

دەپ مىڭ مۇشەققەتتە ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارسا، سەيسىگە تۇتۇلۇپ قېلىپ، يەنە قۇمۇلغا ئادەم قوشۇشقا مەجبۇرلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇرۇمچىگە كىرگەندە،
دەڭدە داڭزىمغا ئالدى.
سەيسىدە تولا يۈرۈپ،
ھارۋىكەش قەرزدە قالدى.

توشۇدۇقا توشۇدۇق،
چېرىكىڭنى توشۇدۇق.

چېرىكنىڭ دەڭدە يېتىپ،
بىز تالادا ئۇششۇدۇق.

دېگەن بېيىتلار بىكار چىقمىغان بولسا كېرەك. مۇنداق بىچارىلەرنىڭ بەزىلىرى ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمەي ۋەيرانمۇ بولۇپ كېتىدىكەن.
بىر قېتىم، ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ قالغان ئىلى ھارۋىكەشلىرىدىن بىرنەچچىسى مۇساپىرلىق يېتىپ، ئىلىغا قانداق قايتىپ كېتىشنى بىلمەي باشلىرى قېتىپ:

ھارۋىنى يانداپ مېڭىپ،
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى.
ھارۋىكەشنى قۇرۇتقان
زالىملارنىڭ سەيسىسى.

ھارۋىكەشمۇ ھارۋىكەش،
يۇرگەن يېرى دەشتمۇ دەشت.
ئات ـ ھارۋىدىن ئايرىلىپ،
كېتەلمەيدۇ جاپاكەش...

دەپ دەردىنى ناخشا بىلەن چىقىرىپ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. باغدا شىپاڭدا ياتقان خېنىمنىڭ قۇلىقىغا بۇ ناخشا ئىشتىلىپ، بۇرنىغا يۇرتىنىڭ پۇرىقى پۇرىغاندەك بوپتۇ ـ دە، چاچراپ قوپۇپ، خىزمەتكارلىرىنى چىقىرىپ، ھېلىقى ھارۋىكەشلەرنى چاقىرىپ كىرىپتۇ. «نەدىن كەلدىڭلار؟ نېمە دەردىڭلار بار؟» دەپ سورىسا، ھېلىقىلار ئەسلي بايتوقاي

بىلەن ھېرۋەكتامنىڭ[1]دېھقانلىرى ئىكەن. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن پۇچۇنخېنىم ئۇلارغا قايتىپ كېتىشكە يېتەرلىك راسخوت بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېلىنى سېغىنغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارا مۇخنىڭ قاسىراقىدەك
گۇناھ مەندە يوق.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
ئېلىمنىڭ تېغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئايرىلىش دېغى...

دېگەن بېيىتلار بىلەن «قارا دەيدۇ» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى هارۋىكەشلەرمۇ ناخشىچى ئادەملەر بولغاچقا بۇ ناخشىنى بىر ئاڭلاپلا زېھنىگە ئېلىۋېلىپ، ئېلىغا ئەكېلىپ تارقىتىۋەتكەنىكەن...

— پۇچۇنخاننى شارابچى خېنىمنىڭ قىزى ئىدى دېگەن گەپ راستمۇ، هاسىنىكا؟ — دەپ سورىدى ئارىدا بىرەيلەن.

— توغرا! — دېدى هاسان تەمبۇر، — پۇچۇنخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى مېهرىبانۇم ئىكەن. «پۇچۇن» دېگەن ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ئوخشايدۇ، بۇ سۆز — ئۇلۇغ، ئېسىل دېگەن مەنىلەرنى بەرسە كېرەك. پۇچۇنخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئەسلىي ئىسمى سۇمانىخان ئىكەن. ئۇنىمۇ داڭلىق ناخشىچى ئايال ئىدى، دېيىشىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا قۇمۇل ئوردىسىدىن پۇچۇنخاننىڭ تويىغا

---

① بايتوقاي، ھېرۋەكتام — غۇلجا يېزىلىرىنىڭ ئىسمى.

كەلگەنلەر ئوردا رەسمىيىتى بويىچە مانجۇچە تونلارنى كىيىپ كەلگەننىكەن. سۇمانخان ئۇلارنى كۆرۈپ:

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر
خۇمدان ئوخشايدۇ.
قۇمۇلدىن كەلگەن بەگلەر
تۇڭگان ئوخشايدۇ...

دەپ قوشاق قاتقانىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، «جىنىم خېنىم» دېگەن ناخشىنى سۇمانخان قىزىنى قۇمۇلغا ئۇزاتقاندا، ئازابلىنىپ ئېيتقانىكەن... ئارزۇلۇق قىزىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، سۇمانخان ھەسرەتكە چىدىماي، شەھەردىكى داڭلىق نەغمىچى خوتۇنلارنى گۈلشەنباغقا يىغىپ، كېچە ـ كۈندۈز نەغمە قىلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بەزىدە ئۇ: «قېنى ھەسرەتنى كۆتۈرىدىغان بىرنېمە كەلتۈرۈڭلار» دەپ ئازراق شارابمۇ ئىچىپ قويىدىكەن. شۇڭا سۇمانخان ئېلى خەلقى ئارىسىدا «شارابچى خېنىم» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان...

— مانا بۇ يەردە يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ھاشىخان داڭلىق دەپ ئاڭلىغانمۇ سىلەر؟— دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى ھاسان تەمبۇر،— ھاشىخان داڭلىق ئېلاخۇن كۆككۆزنىڭ ئانىسى بولىدۇ. ئەسلى بۇ ئايال يەركەنتلىك ئىكەن. ناخشىنى قالتىس ئېيتىدىكەن. ئۇسسۇل دېگىنىڭلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزىدىكەن. شۇڭا «ھاشىخان داڭلىق» دەپ داڭقى بار ئىكەن. يەركەنتتىكى قازىي قۇرئان، باي ـ غوجاملار بۇ ئايالنىڭ ئەل ئىچىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن شۇنچە شۆھرەت تېپىپ كېتىشىنى ئېغىر ئېلىپ، يوق بەتناملار بىلەن ھۆكۈمەتكە چېقىپ سىبىرىيىگە پالاتقۇزۇۋېتىدىكەن. ھاشىخان كېيىن سىبىرىيىدىن قېچىپ بۇ ئېلى تەرەپلەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان. ھاشىخان

پـۇچـۇنخانىنىڭ ئانىسى سۇمانىخانىنىڭ ھۇزۇرىدىمۇ بولغانىكەن. سۇمانىخانىنىڭ:

هاراق ئىچتىم، بوزا ئىچتىم،
هاشىخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇ،
قەلىقە ياغلىق بىلەن.

دېگەن ناخشىسى ئەنە شۇ چاغدا چىققان.

يەنە بىر قېتىم هاسان تەمبۇر نودەر گاڭگۇڭ توغرىسىدا پاراڭ سېلىپ قالدى.

نودەر گاڭگۇڭ بەستلىك كەلگەن كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. كۆپىنچە، بېشىغا مالىخاي، ئۇچىسىغا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پەرىجە كىيىپ يۈرىدىكەن. نودەر گاڭگۇڭ شەھەر سېپىلى ئۈستىگە چىقىپ ناخشا ئېيتسا، شەھەر ئىچى ۋە سېپىل سىرتىدىكىلەر «ئاپىرىن!» ئېيتىپ ئاڭلايدىكەن، ئاياللار ئۆگزىلەرگە چىقىپ تىڭشايدىكەن، ئاۋازى شۇنچە جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئىكەن. نودەرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى: ئۇ تاش تونۇيدىغان ئادەم ئىكەن. سايغا قىيان كېلىپ قايتقاندا، سايدىن ئېسىل تاشلارنى تېرىپ چىقىپ سودىگەرلەرگە ساتىدىكەن. نودەر شەھەردىكى كەمبەغەللەر، خاڭلاردىكى ئىشلەمچىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىكەن. «گاڭگۇڭ» دەپ نامى بولسىمۇ ئوشۇقچە ئۇرۇش - جېدەلگە ئارىلاشمايدىكەن. ئەمما، ناھەقچىلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالماي جېدەلنى سېتىۋېلىپ، ھەقنى ھەق قىلمىغۇچە قويمايدىكەن.

— مانا شۇنداق مىجەزدىكى ئادەملەر ئۇ كەملەردە گېلاۋخۇي دېگەن بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشاتتىكەن. ئاڭلىسام، ئۆز ۋاقتىدا سېيىت نوچىنىمۇ

گېلاۋخوٗيغا ئەزا بولغان، دېيىشىدۇ. بىر زامانلاردا يەكەندە هاشىم دېگەن بىر چامباشچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ چامباشچىلىق هۈنەرلىرى بىلەن يەكەن، قەشقەر ئەتراپلىرىدا داڭ چىقارغانىكەن. ئادەملەر ئۇنى «هاشىم گېلاۋخوٗي» دەيتتىكەن. سېيىت نوچىنىڭ:

بولدى ماڭا يۆلەنچۈك گېلاۋخوٗي هاشىم،
چامباشچىلىقنى ئۆگەتتى ئۇ جان دوست ـ ئاداشىم.
گېلاۋخوٗيغا جەم بولدۇق دارىڭغا قارشى،
خىيانەتچى، پارىخور، زالىمغا قارشى...

دېگەن قوشاقلىرىغا قارىغاندا، ئۇنى گېلاۋخوٗيغا تونۇشتۇرغان ئاشۇ هاشىم چامباشچى بولسا كېرەك. قەشقەردىن سېيىت نوچى چىققاندا...

— پاھ، نېمە دەۋاتىسىز هاسىنىكا، — دەۋەتتى هاسان تەمبۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن هاياجىنىنى باسالماي، — سېيىت نوچىنىڭ قەدىمى ئىلىخوغىمۇ يەتكەنما؟!

— يەتمەي. سېيىت نوچىنىڭ:

ئىلىخوغا بارماڭلار، يولى خەتەردۇر،
زىمىستان قىش نەشتىرى جاندىن ئۆتەدۇر.
مۇساپىرلار، دەردمەنلەر يولدا ياتادۇر،
ئۆز يۇرتىغا كېتەلمەي غەمگە پاتادۇر.

ئىلى دەريا بويىدا چالدىم راۋابنى،
دەردمەنلەرگە قول سۇنۇپ ئالدىم ساۋابنى...

دېگەن قوشاقلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلەر؟... قەشقەردىن سېيىت

نوچى چىققاندا، شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرى گۈلشەنباغدا چاي قىلىپ، سېيىت نوچى بىلەن نودەر گاڭگۈڭنى چاقىرىشىپتۇ. مەقسەت — سېيىت نوچى بىلەن نودەرنى مۇشتلاشقا سېلىپ تاماشا كۆرمەك ئىكەن... شۇنداق قىلىپ، گۈلشەنباغقا چوڭ داش قازان ئېسىلىپ كاتتا چاي بوپتۇ. شەھەرنىڭ مەندۇرمەن دەپ يۈرگەن بايۋەچچىلىرى بىلەن نوچىلىق تەمەسىدە يۈرگەن تەلۋىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. ئاش تارتىلىپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىلىپ بىر مەھەل بولغاندا ھىلىقىلار ئېگىز ـ پەس گەپ قىلىپ سېيىت نوچى بىلەن نودەرنى بىر ـ بىرىگە دەيدەيگە سالغىلى تۇرۇپتۇ. سېيىت نوچى:

— بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ شەھىرىگە مۇساپىر. مۇساپىر دېگەننىڭ كۆڭلى سۇنۇق بولىدۇ. باشقىلار چېقىلمىغۇچە ھېچكىمگە چېقىلمايدۇ، — دەپ ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. نودەر گاڭگۈڭ...

— سېيىت نوچى بىزگە مېھمان. مېھمان بىلەن ئازارلىشىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس. بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتىشقان بولساڭ، مۇنۇ داستىخانغا كەتكەن پۇلۇڭنى مەندىن ھېسابلىۋال! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىكەن. پۈتۈن بايۋەچچىلەرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

سېيىت نوچى بىلەن نودەر گاڭگۈڭ باغنىڭ خالىي تەرىپىگە ئۆتۈپ تۆت تەرەپكە قۇم قاچىلانغان تۆت ئېغىر خالتىنى ئېسىپ قويۇپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ گۈمپا كۆرسىتىشىپ، ئاخىرىدا بىر ـ بىرىگە قايىل بولۇپ قۇچاقلىشىپ كەتكەنىكەن.

سۇ بويىدا ياش تاللار،
تال ئېگىلدى، پەس بولدى.
زالىملار زاماندا
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى.

سۇ بويىدا ياش تاللار،
ھەر تاللاردا مارجاتلار.
جاپانى تولا تارتىپ
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

— ئاڭلىدىڭمۇ ئابدۇۋەلى؟ مانا مۇشۇ «نودەركام ناخشىسى» دېگەن ناخشىنى ئاشۇ نودەر گاڭگۇك ئېيتىپ قالدۇرغان. ناخشىنىمۇ ئۆگەن. يەنە ھەربىر ناخشىنى ئۆگەنگەندە شۇ ناخشىنى كىملەرنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى ۋە بېشىغا نېمە قىسمەتلەر كەلگەندە ئېيتقانلىقىنىمۇ بىلىپ قوي! — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ھاسان تەمبۇر.

※ ※

ئاشۇ يىللار روزى تەمبۇرنىڭ تازا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقا يەتمىگەن بولۇپ، بېشىغا گۈللۈك مانچېستىر دوپپا كىيىپ، قارا پوتىنى مەھكەم باغلاپ، چەبدەس يۈرەتتى. قاپقارا بۇرۇتلىرى ئۆزىگە تازىمۇ ياراشقانىدى. روزى تەمبۇر قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ ناخۇل چەككەندە ئابدۇۋەلى ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى سىرلىق بىر ئالەم قوينىغا كىرىپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى. روزى تەمبۇر تازا ساز چېلىۋاتقاندا سازنى توختىتىپ تىرىڭلىتىپ پەدە تەڭشىگەن ئادەمنى كۆرسە ناھايىتى ئاچچىقى كېلەتتى. ئۆزى ساز قىلىۋاتقاندا تەمبۇرنىڭ سازى يېنىپ كەتسە، چېلىپ كېتىپ بېرىپ، پەقەت تەمبۇرنىڭ قۇلىقىنى بىرلا تولغاپ سازنى ئورنىغا كەلتۈرۈۋالاتتى. مۇنداق خىسلەتكە ئىگە سازچىنى ئابدۇۋەلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھايىتى كەم ئۇچراتتى. روزى تەمبۇرنىڭ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىشلىرىدا پەقەت ئۆزىگىلا

مەنسۇپ بولغان بىر خاسلىق بار ئىدى. روزى تەمبۇر قاتناشقان مەشرەپلەردىن قايتقاندا، ئەتىسى دۇكاندىكى موزدۇز ئۇستاملار روزى تــەمبۇرنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىشەتتى.

— روزى تەمبۇرنىڭ دادىسى — ئەزىم قاسساپ دېگەن ئادەم. بۇ كىشى ئەسلىي جەنۇبلۇق ئىكەن. كېيىن رۇس يېرىگە ئۆتۈپ چېلەكتە تۇرغانىكەن. روزى تەمبۇر ئەزىم قاسساپنىڭ چېلەكتىن ئالغان ئايالىدىن بولغان ئوغۇل، — دەپ ھېكايە قىلاتتى ھاسان بۆرە.

روزى تەمبۇر ئېسىنى تاپقاندىن كېيىن ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ سۈيدۇڭدە تۇرۇپ قاپتۇ. سۈيدۇڭ روسىيە بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىدىغان چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان ناھىيە بازىرى بولغاچقا ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ يەردىن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە رۇس يەرلىرىدىن ئۆتكەن ھەر خىل ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار شۇ چاغدىكى چوڭ ھاكىمىيەت جايلاشقان ئورۇن — كۆرەگە يېقىن بولغاچقا، كۆرەگە ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇيدىغان ھارۋىلار بېرىش ـ يېنىشتا سۈيدۇڭگە چۈشمەي ئۆتمەيدىكەن. بۇ يەردە چوڭ ـ چوڭ دەڭلەر، قاتارلىشىپ كەتكەن سودا دۇكانلىرى، خېرىدارلىرى بېسىق بولۇپ تۇرىدىغان داڭلىق ئاشخانا ـ چايخانىلار بار ئىكەن. بىرقانچە يەرگە نەشە تارتىدىغان، قىمار بولىدىغان مەيدانخانىلارمۇ قۇرۇلغانىكەن. سۈيدۇڭدىكى بۇتخانىلارنىڭمۇ ناھايىتى داڭقى بار ئىكەن. ھەر يىلى چاغاندا بۇتپەرەسلەر بۇتلارنى كۆتۈرۈپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، ياغاچ ئاياغ، گوتەي ئويۇنى، چاڭچىلە ئويۇنلىرى بىلەن سۈيدۇڭنى قىزىتىۋېتىدىكەن. بۇ ئويۇنلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرىمۇ ناھايىتى قىزىقىپ كۆرىدىكەن. سۈيدۇڭدىكى بۇ تاماشىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەتتا شەھەردىنمۇ ئادەملەر بارىدىكەن.

سۆيدۈڭنىڭ ئەنە شۇنداق ئاۋاتچىلىق بولۇپ تۇرغان كوچىلىرىنىڭ بىرىگە زۆھرە ئىسىملىك بىر كۇچارلىق ئايال چايخانا ئاچقانىكەن. بۇ چايخانا سۆيدۈڭ بويىچە ناھايىتى بازار تاپقانىكەن. چايخانا ئىگىسى ئايالنىڭ لەقىمى «جۇڭخازا» ئىكەن. دۇتارغا ئۇستىكەن. ئۇ «نىمپەدە» گە كۆپرەك چالاتتىكەن. شۇڭا بەزىلەر كېيىن «نىمپەدە» نى «جۇڭخازا» دەپ ئاتىشىۋالغانىكەن.

بىر كۈنى كەچتە جۇڭخازا بىر ياش يىگىتنىڭ تەمبۇر چېكىپ، تولىمۇ لەرزان ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەرھال ئادەم چىقىرىپ «ئاشۇ يىگىت قايسى ئۆيگە باردۇ بايقاڭلار» دەپتۇ. جۇڭخازىنىڭ ئادەملىرى روزى تەمبۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كىرىپ كەتكەن ھويلىسىنى كۆرۈۋېلىپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى چايخانىغا چاقىرىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ روزى تەمبۇر جۇڭخازا بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن بەزى كۇچا پەدىلىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ چايخانىدا ساز چېلىپ يۈرىدىكەن. بۇ چايخانىنىڭ سودىسى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن.

كېيىن، سۆيدۈڭدىكى موللا قۇتلۇقباي، ئابلەتباي دېگەن كىشىلەر تويلاشقاندا، بۇ تويغا غۇلجىدىن پاشا غوجام، مەنسۇرجان ئاقساقال قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى چىقىپتۇ. توي مەرىكىسىگە سۆيدۈڭدىكى ئابلا دۇمباق، ئابدۇرېھىم چاڭ دېگەندەك بىرقانچە ئەلنەغمىچىلەر قاتارىدا روزى تەمبۇرمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ. شۇ كۈنى روزى تەمبۇرنىڭ ناخشا - سازدىكى ماھارىتى شەھەردىن بارغانلارنى ھەيران قالدۇرغانىكەن. قايتىشتا ئۇلار روزى تەمبۇرنىمۇ ئۆزلىرى بىللە شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. روزى تەمبۇرنى شەھەردە تۇرۇپ قالسۇن دەپ جامائەت ئۇنىڭغا ئەمەت لوزۇڭنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپتۇ. روزى تەمبۇر شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ چالغان سازلىرىنى بىر ئاڭلاپلا،

بۇ كىشىنىڭ ساز ئىلمىدە يېتىشكەن ئالىم ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىغانىكەن. ئۇ ئاخۇنۇمنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، سازدا كەم يەرلىرىنى تولۇقلىغانىكەن...

— پاھ، ھېلىقى جۇڭخازا دېگىنىڭلار قالتىس ئايال ئوخشايدۇ - دە! ؟ — دېدى ئۇستاملارنىڭ بىرى بۇرۇتىنى تولغاپ.

— ھەي ھېسامىدىن، سېنىڭ ئەس - يادىڭ شۇ خوتۇندا قاپتۇ - دە! — دېدى ھاسان بۆرە، — چايخانا ئېچىپ دۇتار چالغان دېسەم، چاتاقراق ئايال بولسا كېرەك، دەپ قالمىغىن، جامالىنى پۇل قىلغان، دېسەڭ توغرا بولىدۇ. سۇيدۇڭنىڭ بايۋەچچىلىرى جۇڭخازىنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ چايخانىغا كېلىپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. جۇڭخازا دۇكانىنىڭ ئىچىدە — پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ دۇتار چالاتتىكەن. چايخانىنىڭ ئىشلىرىنى خىزمەتچىلەر بېجىرىدىكەن. شۇنچە يىل چايخانا ئېچىپ ھېچبىر بايۋەچچىگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماپتىكەن.

— ئۇنداقتا بۇ خوتۇن سۇيدۇڭگە قانداق كېلىپ قالغان بولغىيدى؟

— بۇ زاماندا پۇقرا دېگەن يىلتىزى يوق قامغاققا ئوخشايدۇ، تەقدىرنىڭ قۇيۇنى ئۇنى نەلەرگە تاشلىمايدۇ دەيسىلەر... جۇڭخازا ئەسلىي كۇچاردىكى بىر بارلىق ئادەمنىڭ ساھىبجامال قىزى ئىكەن. بۇ قىزغا ئاقسۇ دوتيىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، زورلاپ ئېلىپ ئاقسۇغا ئەكەتكەنىكەن. كېيىن دوتەي يۇرتىغا قايتىدىغان چېغىدا جۇڭخازىنىمۇ ئېلىپ مېڭىپ، قۇمۇلغا يەتكەندە ئاغرىپ ئۆلۈپتۇ. دوتەيدىن قالغان بىر قىسىم دۇنيانى ئېلىپ جۇڭخازا ئىلىغا قايتىپ كەلگەنىكەن.

— شۇ خېنىم ھېلىمۇ سۇيدۇڭدە بارمۇ؟— دەپ سورىدى

يەنە بىرەيلەن قىزىقىپ.

— جۇڭخازا بىرقانچە يىلىنىڭ ئالدىدا يۇرتىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، يولدا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئوخشاش رەڭدىكى توققۇز چىلان تورۇققا توققۇز قىزنى مىندۇرۇپ، ئۆزى كېلىشكەن بىر بوز ئارغىماققا مىنىپ، ئېگەر ـ جابدۇقنى خىللاپ، قىزىل دۇخاۋا كۆرپىلەرنى ياپقۇزۇپ، ئاتلارنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراقلارنى ئاسقۇزۇپ، ياللىرىنى تەكشى قىرقىتىپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە كەمچەت تۇماقنى سەل يانتۇ كىيىپ ئولتۇرۇپ، سۆلەت بىلەن ماڭغانىكەن. يەنە يولدا خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن تۆت مۇساپىرنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭغان دېيىشىدۇ... مانا، روزى تەمبۇرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى سۆزلەۋېتىپ گېپىمىز نەلەرگە كېتىپ قالدى ـ ھە! ؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى ھاسان ئۇستا.

روزى تەمبۇر ھەققىدىكى مۇنداق پاراڭلار ئابدۇۋەلىنىڭ بۇ ئۇستازغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. روزى تەمبۇر قاتناشقان مەشرەپلەرگە داخىل بولغاندا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلاتتى. تەمبۇرنىڭ نازۇك تارلىرىدىن ئېتىلگەن مۇڭلۇق كۈيلەر ئۇزاق كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمەيتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ روزى تەمبۇر بىلەن شەخسەن تونۇشۇپ قېلىشىغا كېيىن مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى.

توغرىكۆرۈكنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە داڭلىق باي بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىمۇ ناخشا ـ سازدىن ئايرىلالمايتتى. توغرىكۆرۈكتىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى داموللا جاللاپنىڭ ئوغلى جانى بىلەن ئابدۇۋەلىنىڭ ئوبدان تونۇشلۇقى بار ئىدى. جانىمۇ ئوبدان ناخشا ئېيتىدىغان يىگىتلەردىن ئىدى. بىر كۈنى جانى:

— ئابدۇۋەلى، يۇرە بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىز. ئاياللار چاي ئويناۋاتىدۇ، قىزىقچىلىق كۆرىمىز، — دېدى.

— داداڭنىڭ ئاچچىقى كەلمەمدۇ؟ — دېدى ئابدۇۋەلى ئەيمىنىپ.

— دادام تاغدا، قورقما، ئايالئارغا كۆرۈنمەيمىز، — دەپ ئابدۇۋەلىنى باشلاپ كەتتى جانى.

داموللا باينىڭ چوڭ بىر ساراي ئۆيىگە بۇگۇن شەھەردىكى مەشھۇر خېنىملار، بايلارنىڭ ئاغىچىلىرىدىن بولۇپ ئوتتۇز ـ قىرىقچە ئايال يىغىلغانىدى. ئابدۇۋەلى بىلەن جانى خوتۇنلارغا تۇيدۇرماي يان ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ دېرىزىدىن ئۇلارنىڭ ئويۇننى تاماشا قىلدى. شۇ تاپتا دامولللا باينىڭ قىزى رابىگۇل ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يىگىت رولىنى، شەھەر ئىچىلىك نىزام باينىڭ قىزى قىز رولىنى ئېلىپ بېيىت ئېيتىشىپ مېھمانلارنى كۇلدۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى:

توپ تېرەكنىڭ تۇۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
يار يولىغا سەپسېلىپ،
خوش ئوينىغان قارا كۆز.

دېسە، يەنە بىرى:

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇ لېيىتقان كاككۇكۇم.
ئۆز بېشىغا يار تۇتۇپ
مېنى ئۇنتۇغان كاككۇكۇم.

دەيتتى. يەنە بىرى:

ئېرىقىڭىز ئىچىدىن
ئۆرەك ئۆتەر قاراكۆز.
ئوتىڭىزدا بۇ ئۆمۈر
سۇدەك ئۆتەر قاراكۆز.

دېسە، يەنە بىرى:

ئەجەبمىغۇ چىرايلىق
ئۇنۇڭ تاغدا كاككۇكۇم.
ئۇنتۇمىساڭ تاپىسەن،
مېنى باغدا كاككۇكۇم.

دەپ جاۋاب قىلاتتى.

ئېيتىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۆردىكى مېھمانلار قاتارىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك بىر ئايال قولىغا دۇتارنى ئېلىپ، ئەرلەرگە خاس مەردانە ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇتارغا قول ئۇرۇشىمۇ ناھايىتى پىششىق ئىدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ئابدۇۋەلى ھەيران بولۇپ.

— بىلمەمسەن؟ — دېدى جانى، — ئەلاخان دۇتارچى دېگەن شۇ.

— ھە، ئاڭلىغان.

ئەلاخان دۇتارچى شەھەردىكى مەشھۇر ئايال نەغمىچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. خېنىملارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى. دۇتار شوخ پەدىلەرگە يۆتكەلگەندە نۇرىمان خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ، ئويناشقا چۈشتى.

نۇرىمان خانىم ھۈسەنباي ھاجىمنىڭ ئەڭ كىچىك خوتۇنى ئىدى. بۇ ئەسلىي جەنۇبلۇق بولۇپ، ناھايىتى خۇش پىچىم، گۈزەل ئايال ئىدى. ئۇ ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ئابدۇۋەلى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۆمرىگە كېلىپ تېخى ئۇ مۇنداق نەپىس ئۇسسۇل ئوينىغان ئايالنى كۆرمىگەنىدى. نۇرىمانخانىنىڭ ئۇستىدىكى ۋال - ۋال تۇگمىلىك ئەتلەس چاپىنى بەستىگە شۇنچە ياراشقانىدى. ئۇ مەيدان ئىچىدە ئېقىن سۇدەك سىلىق ماڭاتتى. گويا دۇتارنىڭ ساداسىدا ئۇستىخانلىرىمۇ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك يەلدىن تارتىپ قولىنىڭ ئۇچلىرىغىچە يېنىك

دولقۇن ھاسىل قىلاتتى...

ئاياللار بىردەم بىر - بىرىنى تارتىشىپ ئۇسسۇل قىلىشقاندىن كېيىن دۇتار توختىدى. چوڭ ئاياللار:

— رەھمەت ئەلاخان، قوللىرىڭغا دەرد بەرمىسۇن! — دېيىشتى.

— سىلىگىمۇ رەھمەت خېنىم، ئۇسسۇلنى بەك كېلىشتۈرۈپ ئوينايلا جۇمۇ! — دېدى ئەلاخان نۇرىمان خېنىمغا قاراپ.

شۇ چاغدا ئۆيگە جانىنىڭ ئانىسى پاتما ئاغىچا ھەدە كىرىپ:

— قانداقراق مېھمانلار، ھەرقايسىلىرىڭغا قارىيالمىدىم. ئولتۇرۇشۇڭلار كۆڭۈللۈك بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ كۆڭۈل سورىدى.

— رەھمەت ئاغىچا ھەدە، رەھمەت! — دېيىشتى مېھمانلار.

— مۇنۇ چوكانلىرىمىزنىڭ: روزى تەمبۇر، روزى تەمبۇر دەپ ئاڭلايمىز، پاتما ئاغىچا ھەدەم بىر چاقىرىپ ساز چالدۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئاڭلىساق بوپتىكەن، دېگەن بىر ئارزۇسى بار ئىكەن پاتما ئاغىچا، — دېدى ئەلاخان دۇتارچى.

— بولىدۇ خېنىملار، مېھمانلارنىڭلا كۆڭلى خۇش بولىدىغان بولسا... ھوي جانىم، قەيەردە سەن؟

— مانا مەن مەيەردە ئاپا!

— ئابدۇۋەلىمۇ بۇ يەردىكەنغۇ، روزى تەمبۇرنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىلەر؟

— بىلىمىز.

— جانى خادىك ھارۋىنى قاتقۇزۇپ، ئۆيدە مېھمان بار ئىدى، دادام چاقىرىۋاتىدۇ، دەپلا ئەكەل. پات بولۇڭلار.

ئابدۇۋەلى بىلەن جانى روزى تەمبۇرنى يەتكۈزۈپ كەلگەندە، ئاياللار ئولتۇرغان چوڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە تاۋار كۆرپىلەر سېلىنىپ، ئايرىم داستىخان راسلاپ قويۇلغانىدى. ئايالىلار ئولتۇرغان ئۆيگە تۇتىشىدىغان قوش قاناتلىق ئىشىك

ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىغا نېپىز پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى. بۇ خاس ھۇجرىدا روزى تەمبۇرگە ھەمراھ بولۇپ جانى بىلەن ئابدۇۋەلىمۇ ئولتۇرۇشتى. تاماقتىن كېيىن روزى تەمبۇر يەك نەپەس پەيزى قىلدى. ئاياللار ئولتۇرغان ئۆي جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى. باغلاردىن كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى. قايسىبىر ئايالنىڭ يېنىك ئۇھ تارتىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى... شۇ كۈنى ئابدۇۋەلى روزى تەمبۇرنىڭ نەغمىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پۇخادىن چىققۇچە ئاڭلىدى.

روزى تەمبۇر دەم ئېلىپ چاي ئىچىۋاتقاندا، ئاياللاردىن بىرى:

— روزەم، يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ئىككى يىگىتنىمۇ خېلى ئوبدان ناخشا ئېيتىدۇ، دەيدۇ جۇمۇ! — دەپ قالدى. بۇ ئەلاخان دۇتارچىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— قېنى ئاڭلايلى، — دېيىشىپ قىزىقتى باشقىلارمۇ.

ئابدۇۋەلى بىلەن جانى بىر-بىرىگە قاراپ قىزىرىپ كەتتى.

— قېنى، ئېيتىپ بېرىڭلار. مەن سازنى تەڭكەش قىلىپ بېرەي، قايسى ناخشىنى ئېيتىسىلەر؟ — دېدى روزى تەمبۇر.

— روزىكا، سىز باشلاپ بېرىڭ، بىز ئەگىشەيلى، — دېدى جانى.

يىگىتلەر تارتىنىپ، سەل تارتىشىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، روزى تەمبۇر بىر يۈرۈش ئىلى ناخشىلىرىغا باشلاپ ئېيتتى. جانى بىلەن ئابدۇۋەلى ئەگەشتى. دەسلەپتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋازى سەل ئېگىز-پەس بولغاندەك بولدىيۇ، بارا-بارا ئۇدارغا چۈشۈپ، ئۈچ ناخشىچىنىڭ ئاۋازى بىردەك بولۇپ كەتتى. ناخشا ناھايىتى جاراڭلىق ئوبدان ئېيتىلدى. ناخشا ئاخىرلاشقاندا روزى تەمبۇر:

— جايىدا! ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئاۋازى تازىمۇ ساپ ئىكەن. ھاراق-شارابتىن ئۆزۈڭلارنى نېرى تۇتۇڭلار، — دېدى.

بۇ ماختاشتىن ئابدۇۋەلىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك

بولدى.

ئاياللار يەنە نۇريمان خانىمنىڭمۇ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشۇيدى، نۇرىمان خانىم تارتىنىشىپ تۇرمايلا دۇتارنى قولىغا ئالدى بولغاي، ئىچكىرىكى ئۆيدىن دۇتار ئاۋازى بىلەن «ئولايىن» دېگەن ناخشا ئاڭلاندى. بۇ ناخشىنىڭ سۆزى مۇنداق باشلىناتتى:

ئولايىنىنەي، ئولايىن،
سايراپ شاخقا قونايىن.
يەش بېلىگىنى، ئاچ قوينۇڭنى،
بىر كېچە ھەمراھ بولايىن.
ئاق قەنت يەمسىز، شېكەرمۇ؟
سوم خەجلەمسىز، تىللامۇ؟...

بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى تولىمۇ چىرايلىق، ئۆزگىچە ئىدى. روزى تەمبۇر ناخشىنى شۇ يەردىلا دۇتارغا ئېلىۋالدى. كېيىنكى يىللارغا بارغاندا روزى تەمبۇر بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى قايتا ئىشلەپ، تەمبۇر بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان چىرايلىق بىر مۇزىكا قىلغانىدى.

ئاشۇ كۈنكى تونۇشۇشتىن كېيىن، روزى تەمبۇر ئابدۇۋەلىنى مەشرەپ ياكى باشقا سورۇنلاردا ئۇچرىتىپ قالسا «ھە، يېقىنراق كەلمەمسەن!» دەپ يېنىغا چاقىرىۋالىدىغان بولغانىدى.

※ ※

ئىلى مەشرەپلىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر ئۇستاز ئاق تېيىپ ھاجى ئىدى. ئۇ ئاق يۈزلۈك كەلگەن، ئاق چۇنچەندە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، پاكىز يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. «لەيلۇن»، «ھەي نادان» دېگەن ناخشىلارنى بەكمۇ كەلتۈرۈپ

ئېيتاتتى. ئاق تېيىپ ھاجىنىڭ ناخشىدىكى ماھارىتىنى ھاسان تەمبۇر بىلەن مەسۇم توقۇملارمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. ھاجىم چاقچاقچى، ئوچۇق ئادەم ئىدى؛ ناخشىنى ياخشى ئېيتىپلا قالماي «ئىلى سەنىمى» گىمۇ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئۇسسۇل قىلاتتى. شۇڭا، ئاق تېيىپ ھاجىم بار مەشرەپ يەنە ئالاھىدە قىزىيتتى.

بىر كۈنى دۇكاندا ئاق تېيىپ ھاجىنىڭ پارىڭى بولۇپ قېلىشۇىدى، شاگىرت باللارنىڭ بىرى:

— ئاق تېيىپ ھاجىم قايسى زامانلاردا ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىشىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاق تېيىپمۇ بىزگە ئوخشاش كۈننى كۈنگە ئاران ئۇلاپ كېتىپ بارغان كاسىپ، — دەپ چۈشەندۈردى ھاسان بۆرە، — ئۇنىڭ - بۇنىڭ كىيىم - كېچىكىنى تىكىپ ماشىنىچىلىق قىلىپ كۈن ئالىدۇ. نەدىمۇ ئۇنىڭ ھەج قىلغۇدەك پۇلى بولسۇن دەيسىلەر؟ !... ئىلىدىن غەنىدىن باي باشلىق بىر تۇركۈم بايلار ھەرەمگە ماڭغاندا «زېرىكىپ قالىمىز، يولدا ناخشا ئېيتىپ، كۈلدۈرۈپ ماڭىدىغانغا ئاق تېيىپنىمۇ ئېلىۋالىلى» دېيىشىپ، ئاق تېيىپنىمۇ قاتارغا قوشۇۋالغانىكەن. ئۇلار ھەج سەپىرىدىن قايتىپ ئەنجان ئەتراپىغا كەلگەندە ئاق تېيىپ «مەن مۇشۇ يەردە ئاز كۈن تۇراي» دەپ ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ كەملەردە، ئەنجاندا چايخانا بەزمىلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىكەن. ئاق تېيىپ ھاجىنى قىزىقتۇرغىنىمۇ شۇ بولسا كېرەك. باشقىلار ئاچچىقى كېلىپ قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئاق تېيىپ ھاجى شۇ يەردە بىر زامان ماشىنىچىلىق قىلىپ كۈن ئېلىپ، كەچلىكلىرى چايخانىلاردا بەزمە تىڭشاپ، ئۆزبېكلەرنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ قايتقانىكەن. «پەرەنجە» دېگەن ناخشىلارنى ئىلىغا شۇ ئاق تېيىپ ئەكېلىپ تارقاتقان...

※ ※

شۇ يىللاردا چاڭچىلىكەشلىك، خەنزۇلارنىڭ گوتەي، ياغاچ ئاياغ ئويۇنلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. گوتەي، ياغاچ ئاياغ ئويۇنلىرى چاغان ـ بايراملاردا كوچىلاردا ئوينىلاتتى. چاڭچىلە ھەربىر بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا قۇرۇلغان سەھنىلەردە قويۇلاتتى. مۇنداق بۇتخانىلار شەھەرنىڭ ھەربىر دەرۋازىسى ئىچىگە دېگۇدەك بىردىن سېلىنغانىدى. خەنزۇ بازىرى، توپىدەڭلەردىمۇ بار ئىدى. ئۇ كەملەردە غۇلجا شەھىرىدىكى ھازىرقى ئۇچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا چىڭخۇاڭمياۋ، يۇئەيۋاڭمياۋ دەپ ئىككى بۇتخانا؛ دولانا دەرۋازىسى تەرەپتە فاڭشىڭمياۋ بۇتخانىسى؛ سۇ دەرۋازا تەرەپتە خوشىڭمياۋ بۇتخانىسى؛ توپىدەڭدە لوگۇاڭمياۋ بۇتخانىسى؛ خەنزۇ بازىرى تەرەپتە گۇەندىمياۋ، نياڭنياڭمياۋ بۇتخانىلىرى بولۇپ، جەمئىي سەككىز بۇتخانا بارئىدى. چاغان ـ بايراملاردا بۇ بۇتخانىلارنىڭ ئالدى تاۋاپ قىلىپ كۇجە كۆيدۇرگىلى كەلگەنلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ھەر خىل يايمىچىلار ۋە سەھنە قۇرۇپ ئويۇن قويىدىغانلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بايلار ياكى ھۆكۇمەت ئەمەلدارلىرى چاڭچىلىكەشلەرنىڭ ھەربىرى مەيدان ئويۇننى كۆتۈرە ئالاتتى. سەھنىنىڭ ئىككى يېنىغا قۇراشتۇرۇلغان ئۈستى يېپىق، ئالاھىدە ئورۇنلاردا غوجا مەنسەپدارلار كۇتۈۋېلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا گازىر ـ پۇرچاق، خاسىڭغا ئوخشاش يېمەكلىكلەر تۆكۈپ قويۇلاتتى. چايچىلار ئوتتۇرىدا شاپاشلاپ يۇرۇپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا چاي قۇيۇپ تۇراتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار ئوتتۇرىدىكى مەيداندا قىستىلىشىپ، ئۆرە تۇرۇپ ئويۇن كۆرەتتى. مۇنداق ئويۇنلارنى يالغۇز خەنزۇلارلا ئەمەس، باشقا مىللەت ئادەملىرىمۇ قىزىقىپ كۆرەتتى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن خەنزۇ چاڭچىلىرىدە رول ئالىدىغانلارمۇ چىققانىدى. شۇ

زامانلاردا، خەنزۇچە سۆزگە ناھايىتى كامىل توختاخۇن دېگەن بىر تۇرپانلىق كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ خەنزۇلارنىڭ چاڭچىلە ئويۇنلىرىدا باتۇرلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىپ، ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرغانىكەن. خەنزۇلار ئۇنى «چيەنتۇ باتۇر» دەپ ئاتاشقانىكەن. ئۇرۇمچىدە داۋۇت دېگەن بىر ساتىراش يىگىت چاڭچىلە ئارتىسلىرىنىڭ چېچىنى ياساپ قويىدىغان، كېلىپ كېتىپ يۇرۇپ ئاخىرىدا قابىل بىر چاڭچىلە ئارتىسى بولۇپ چىققانىكەن. داۋۇتمۇ ئىلىغا كېلىپ چاپچال قاتارلىق جايلاردا ئۆمەك تەشكىللەپ خېبىي باڭزا ئېيتقانىدى.

گوتەي ئويۇنىدا بەش ـ ئالتە مېتىر كېلىدىغان يوغان بىر چەنزىگە كىچىك ئۇسسۇلچى قىزلاردىن بىرقانچىسىنى مەھكەم باغلاپ، چەنزىنى تىك قىلىپ بىر جازىغا ئورنىتىدىغان گەپ ئىدى. جازىنى بىرقانچە ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭاتتى ياكى ھارۋىغا ئورنىتىپ سۆرىتەتتى. بېلىنىڭ تۆۋىنى چەنزىگە ماتاپ باغلانغان قىزلار ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ، تۆۋەنگە چېلىنىۋاتقان داقا ـ دۇمباق، جاڭ ـ جۇڭلارغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايتتى.

ئىلىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك دوتىيىنىڭ بىر يالغۇز ئوغلى بولىدىغان. ئۇ كىچىكىدىن شوخ ئۆسكەن نېمە ئىدى. دودەنلىك قىلىپ ئوشۇق ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئوشۇقىنى خاڭسىر قىلىپ قاچاتتى، جاڭزا ئويناۋاتقانلارنىڭ جاڭزىسىنى تارتىۋالاتتى، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقانلارنىڭ لەگلىكىنى ئولجا قىلىۋېتەتتى. ئىشقىلىپ، دائىم جېدەل تېرىپلا يۇرەتتى. ئۆزىنىڭ لەگلەك ئۇچۇرغۇسى كەلسە ئون تاختا قەغەزدە بىراقلا لەگلەك ياسايتتى. ئۇنىڭ بۇ لەگلىكىنىڭ قۇيرۇقلىرىمۇ بىر ـ ئىككى مېتىر پەرەڭدىن بولاتتى، بىرقانچە ئەسكەر ئاران كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. بۇ لەگلەكنى ئۇ قارىدۆڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىككە ئاچىقىپ، ئىككى ئات قوشقان كالاسكىدا ئولتۇرۇپ ئۇچۇراتتى. كىچىكىدىن شۇنداق غەلىتە قىلىقلىرى بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى: «ساراڭ

شويى» دېيىشەتتى. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ كۆچى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپمۇ ئوقۇغان، ئۆز ئالدىغا ئەسكەرمۇ ئالغانىدى.

بىر يىلى، گوتەي ئويۇنى ئوينىلىدىغان مەزگىلدە، شۇ ساراڭ شويىنىڭ كاللىسىغا، «مۇشۇ ئويۇنغا باشقا مىللەتلەرنىڭ سازلىرىنى چالدۇرۇپ باقسا قانداق بولار!؟» دېگەن خىيال كىرىپ قالسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاپاشلاپ يۈرۈپ بىر گارمونچى بىلەن بىر تەمبۇرچىنى تېپىپ كەپتۇ. بۇ ئويۇنچىلار تويى موزدۇزلارنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. تاماشا كۆرگۈچىلەر كوچىغا پاتماي قالغانىدى. ئابدۇۋەلى ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ ھەيران قالدى. گوتەي جازىسىنى چوڭ بىر ھارۋا سۆرەپ كېتىپ باراتتى. ئۇسسۇلچى قىزلار باغلانغان چەنزە ياغاچىنىڭ ئاستىدا — ئادەتتە داقا-دۇمباق، جاڭ-جۇڭ چالغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندا بىر گارمونچى بىلەن تەمبۇرچى ئولتۇراتتى. گارمونچىنى ئابدۇۋەلى بىر قاراپلا تونۇدى. ئۇ نۇر ئاقساقالنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى — مامازا ئىدى. مامازا توغرىكۆۋرۈكتىكى رۇس، تاتار بالىلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا، گارمونغا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. مامازىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تەمبۇر چېلىۋاتقان مۇنۇ كىشى كىمدۇر؟

— ھوي ئابدۇۋەلى، ئاشۇ تەمبۇرچىنى تونۇمامسەن؟ — دېدى موزدۇزلارنىڭ بىرى، — ھۇسىيىن تەمبۇر دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!

— ھۇسىيىن تەمبۇر!؟

ھۇسىيىن تەمبۇرمۇ ناھايىتى شۆھرىتى بار چالغۇچىلاردىن ئىدى. ئابدۇۋەلى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئۇستىلاردىن كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. تەمبۇر بىلەن گارموننى تەڭكەش قىلىشمۇ كەم ئۇچرايتتى. گوتەي

ئويۇنغا گارمون بىلەن تەمبۇر چالغاننىمۇ كىشىلەرنىڭ بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. لېكىن، مامازا بىلەن ھۆسىيىن تەمبۇر ھېچقانداق چاندۇرماي، گارمون بىلەن تەمبۇرنى خەنزۇلارنىڭ گوتەي ئويۇنىغا چالىدىغان پەدىلىرىگە ئۇستىلىق بىلەن كەلتۈرۈپ، ھاۋادىكى ئالىيېشىل كىيىنىپ، مەڭزىلىرىنى بويىۋالغان قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالماقتا ئىدى. تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى مامازا بىلەن ھۆسىيىن تەمبۇرنىڭ ماھىرلىقىغا ھەيران بولسا، بەزىلىرى گوتەي ئويۇنىغا تەمبۇر بىلەن گارمون چالدۇرغىنىغا كۈلۈشۈپ: «ساراڭ شويى راستىنلا ساراڭ ئىكەن جۇمۇ!» دېيىشەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇۋەلى ھۆسىيىن تەمبۇرنى مەشرەپ سورۇنلىرىدا پات - پات ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولدى. ھۆسىيىن تەمبۇر تەمبۇرگە ناخۇل چېكىشتە پەقەت ئۆزىگىلا خاس پۇراققا ئىگە ئىدى. ئۆسەك ئاھاڭلىرىغا ناخۇن بىلەن تەمبۇر سىمىنى ئېلىپ تارتىپ ئالدىرىماي چالغاندا، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ قولىغا بېرەتتى.

# تۆتىنچى قىسىم

# سەھنە ھاياتى

# ئون بىرىنچى باب

# قايسى ناخشىنى ئېيتاي

توغرىكۆۋرۈك ئۆستىڭىنىڭ سۈيى بايكۆلدىن باشلىناتتى. بۇ سۇ قىزىلكۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدىكى — ئۈچتېرەك دېگەن جايدىكى سازلىقتا كەلگەندە كۆپىيىپ، بىر سەكرەتمە ھاسىل قىلىپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. 1928 - يىللار ئەتراپىدا بولسا كېرەك، بايكۆلنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ، ئۈچتېرەكتىكى كۆپتۈرمىنى بۇزۇپ، شەھەرگە بىراقلا بېسىپ كىردى. شۇ قېتىمقى سۇ ئاپىتىدە توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ توپا تام ئۆيلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئابدۇۋەلىلەرنىڭ ئائىلىسى «ئۈچدەرۋازا» مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ مەھەللىنىڭ «ئۈچدەرۋازا» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب: مەھەللىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولدا بىر زىنىنەت دەرۋازىسى بار ئىدى. دەرۋازا خەنزۇ بىناكارلىق شەكلىدە ئەگمە لەمپىلىك قىلىپ، نەقىشلەپ، ھەشەمەتلىك ياسالغانىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە كىچىك ئىككى ئۆتۈشمە ئىشىكى بار ئىدى. شۇڭا ئادەملەر بۇ ئۈچ ئىشىكلىك دەرۋازىنىڭ يېنىغا چۈشكەن مەھەللىگە «ئۈچدەرۋازا» دەپ نام بەرگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ئەتراپتا ئىچكىرىدىن چىققان بىر خەنزۇ ئايال تۇرغان بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن باي ئۆتكەنىكەن، لېكىن بالا - چاقىسى يوق ئىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ نام - نىشانىنىڭ

يېتىۋېپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چوڭ يولغا بۇ دەرۋازىنى ياساتقانىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: بۇ دەرۋازىنى ياساتقان ئايال مانجۇ ئىكەن، ئۇ كۇرەدە تۇرىدىكەن. ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۇرە بىلەن غۇلجا شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولغا بۇ زىننەت دەرۋازىسىنى خاتىرە قىلىپ سالدۇرغانىكەن. ئەينى يىللاردا بۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئۈستىگە نۇرغۇن خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغان بىر خاتىرە تاشمۇ كۆزگە چېلىقاتتى...

ئۇ كەملەردە ئىلىغا قار قېلىن چۈشەتتى، سوغۇقمۇ ناھايىتى قاتتىق بولاتتى. ھەر يىلى سوغۇق راسا كۈچەيگەندە، «پالانچى بازاردىن چىققۇچە قۇلىقىنى ئۈششۈتۈپ قويۇپتۇدەك»، «خاڭنىڭ يولىدا مانچە ھارۋىكەش توڭلاپ قاپتۇدەك» دېگەندەك ۋەھىمىلىك گەپلەر تارقىلاتتى. يىراقتىن شەھەرگە كىرگەن يولۇچىنىڭ ساقال- بۇرۇتلىرىنىڭ ئۈچىدا مۇز قېتىشىپ، ئېتىنىڭ ئۈستىنى قىرو قاپلاپ كېتەتتى. قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا غەللە- پاراق تۆكۈلى ياكى ئاز - تولا ئاشلىقىنى پۇل قىلغىلى شەھەرگە كىرگەن بىچارە دېھقانلار كەچكە يېقىن بالىلىرىغا دەپ ئالغان بىر - ئىككى جىڭ تاڭگازىنى بەلۋېغىغا مەھكەم تۈگۈپ، ھەسرەتلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قايتاتتى.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
كەمبەغەلگە كۈن نەدە؟
مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە،
كىيگىنىم كۆلا، جەندە.
ماڭا كەلگەن بۇ دەردنى
كىملەر قىلدى بەخشەندە؟!...

سوغۇقنىڭ كۈچىدىن كېچىلىرى ساينى ياقىلاپ پەنجىم[1] يولى بىلەن خاڭغا ماڭغان هارۋىلارنىڭ هەسرەتلىك غىچىلداشلىرى ئابدۇۋەلىنىڭ يېڭى ئۆيلىرىگىچە ئېنىق ئاڭلىناتتى.

يىللار ئەزەلدىن شۇنداق ئەندىشىلىك بولغايتىمكىن ياكى ئابدۇۋەلى چوڭ بولغانسېرى تۇرمۇشنىڭ ئەندىشىسىنى هېس قىلىۋاتامدىكىن، ئىشقىلىپ، كېيىنكى يىللاردا ئۇ موزدۇزلار ئاغزىدىن كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى بىر ئۇستام «قۇمۇلدا غوجىنىياز هاجىم كۆتۈرۈلۈش قىپتۇ، ئىچكىرىدىن چىققان گا سىلىڭ[2] دېگەن تۇڭگان بىلەن بىرلىشىپتۇ» دېسە، يەنە بىر كۈنلەرگە كەلگەندە بىرى: «غوجامنىياز بىلەن گا سىلىڭ سوقۇشۇۋېتىپتۇدەك» دەيتتى.

— بۇ گا سىلىڭ دېگىنى تېخى ياشلا بالىمىش، — دەپ هېكايە قىلاتتى بەزىلەر، — كىچىكلىكىدە باقماي ناهايىتى قارام نېمىمىش، ئارقىسىغا لەكمىڭ ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ جەڭ قىلارىمىش...

— ئۇنداق بولسا، تېخى بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن غورەككەن دەڭلا، — دەيتتى يەنە بىرەيلەن.

— خۇدايىم ئۆزىگە ئامانەت دەيتتى، — هاسان بۆرە، — پۇقراغا جاهاننىڭ تىنچ بولغىنى ياخشى ئىدى.

بۇ يىللار — نوۋگورت[3] بىلەن ئۈچدەرۋازىغا بايلار بەس-بەستە ئۆي سېلىپ، چوڭ كوچىغا دۇكانلار چۈشۈپ ئاۋاتلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. ئابدۇۋەلىگە بۇ ئادەملەرنىڭ هېچبىر غەم-ئەندىشىسى يوقتەك كۆرۈنەتتى. بۇ مەهەللىلەردىكى هاللىق ئۆيلەردە تونجى قار بىلەن تەڭلا قارلىق تاشلاش ئويۇنى باشلىنىپ

① پەنجىم — ئىلى يېزىلىرىنىڭ بىرى.
② گاسىلىڭ — ما جۇڭيىڭنى ئادەتتە خەلق «گا سىلىڭ» دەيتتى.
③ نوۋگورت — رۇسچە «يېڭىشەھەر» مەنىسىدە، ئۈچدەرۋازىنىڭ قارشىسىدىكى بىر مەهەللە ئىسمى.

كېتەتتى.

ئول خۇدانىڭ رەھمىتىدىن
يەر يۈزىگە ياغدى قار.
بەرىكە ـ شادلىق بىللە كەپتۇ،
يەنە ھەمراھ ئىپتىخار.
بىر ـ بىرىگە قارلىق تاشلاش
تا قەدىمدىن بارۇ بار.
خاپا بولماڭ بۇ ئويۇنغا
كۆڭۈل تارتتى سىزگە يار.
قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.
تۇنجى قار ياغدى بۈگۈن
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق...

دېگەن قارلىق قوشاقلىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە تاشلاپ قويۇشاتتى. قارلىق چۈشكەن ئۆيدىكىلەر قارلىق تاشلىغان كىشىنى سېزىپ قالسا، تۇتۇۋېلىپ يۈزىگە قازاننىڭ كۈيىسىنى سۈرتۈپ رەسۋا قىلاتتى؛ قارلىق تاشلانغىنىنى بىلمەي قالغان بولسا كۆپچىلىككە چاي ياكى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان گەپ ئىدى.

سوغۇق تازا كۈچەيگەندە بايلار باش كۆۋرۈكتىن ئۇچەدەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈشەتتى. نەقىشلىك ئېگەر ـ جابدۇقلار، چۆرىسىگە چۇچا تۇتۇلغان مەخمەل يوپۇقلار يېپىلغان ئاتلار ئۈستىگە قاما جۇۋىلارنى كىيىپ، يۇڭ شارپىلارنى يۆگەپ، دەستىسىگە كۈمۈش نەقىشلەر قويۇلغان قامچىلارنى تۇتقان بىر ـ بىرىدىن سۆلەتۋاز بايلار مەنمەنلىك بىلەن غادىيىشىپ ئولتۇراتتى. يۈگۈرۈك ئاتلار، يورغا ئاتلار ئايرىم ـ

ئايرىم قويۇپ بېرىلەتتى. كۈننىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي بەيگىدىن كەلگەن ئاتلاردىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلەتتى... يەنە ئىككى ئات قېتىلغان ياسىداق چانىلارمۇ چېپىشقا سېلىناتتى. بەيگە تاماشىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپقا نۇرغۇن ئادەم توپلىناتتى. بۇنداق ئويۇن چۈشتىن كېيىن باشلىنىپ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋام قىلاتتى. رۇسلار بۇ ئويۇننى «كاتاسا» دېيىشەتتى.

يەنە بىر كۈنلەرگە كەلگەندە: «ئۈرۈمچىدە شېڭ دۇبەن دېگەن بىرى تەختكە چىقىپتۇدەك. گا سىلىڭ مەن پادىشاھ بولىمەن، دەپ يېڭى دۇبەن بىلەن سوقۇشۇۋېتىپتۇدەك. كۈرەدىكى جاڭ سىلىڭمۇ① گا سىلىڭ بىلەن ئىتتىپاق بولۇپتۇدەك. ئىلىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئۈرۈمچىنى ئالىمىز، دەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ مېڭىپتۇ...» دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئۇستاملار كۈرەدە تۇرىدىغان بۇ جاڭ سىلىڭ توغرىسىدىمۇ ناھايىتى قىزىق گەپلەرنى قىلىشاتتى. بەزىلىرى: «بۇ ئادەمنىڭ ئىككى قۇلىقى مۈرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرىدىكەن، بېشى كالىنىڭ بېشىدىن يوغان ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇنىڭ ماجياڭ ئويناشتا ناھايىتى ئامىتى بار ئىمىش. ماجياڭ ئويناپ ئۇتتۇۋالغان يەتتە - سەككىز خوتۇنى بار ئىكەن» دېيىشەتتى.

مۇنداق ئەندىشىلىك گەپلەر كۆپەيگەنسېرى سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى تاقاپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈشكە باشلىدى. پاراكەندىچىلىك غۇلجا شەھىرىگىمۇ يېتىپ، ئوق ئاۋازى بېسىلمايدىغان بولۇپ قالدى. «چۆچەك تەرەپتىن سوۋېتنىڭ ئەسكەرلىرى كىرىپتۇدەك» دېگەن گەپلەر ئۇلغايدى. خەلق ئۇلارنى «تارباغاتايسكىلار» دەيتتى. ئابدۇۋەلى بىلەن يېقىن قوشنا ئولتۇرىدىغان ھاسان بۆرە ھويلىدا تۇرۇپ ئوق ئاۋازىغا

① جاڭ سىلىڭ — جاڭ زىخېڭ (جاڭ پېيۈەن).

قولاق سېلىپ «ئابدۇۋەلى مانا بۇ ئورۇسلارنىڭ ئوقى. مانا ماۋۇسى تۇڭگانلارنىڭ... بۇ ئىشقا ئورۇسلار ئارىلاشتىمۇ، بۇنىڭ ئۇ يېقى خۇداغا ئامانەت!» دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى. ئاز ئۆتمەي: «تارباغاتايىسكىلار شەھەرنى توپقا تۇتۇپتۇ. زەمبىرەكنىڭ بىر ئوقى توپىدەڭگە، يەنە بىرى تۇڭگان مەسچىتى ئەتراپىغا چۈشۈپتۇ... جاڭ سىلىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ...» دېگەن گەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن جاھان سەل تىنچىپ قالغاندەك بولدى.

1934- يىلى كىرىشى بىلەن خەلق ئارىسىدا ياخشى خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

— شىڭ دۇبەن دېگەن ناھايىتى ئادىل ئادەم ئىمىش، — دەيتتى بەزى موزدۇزلار، سىرتتا ئاڭلىغان گەپلىرىنى دۇكاندىكىلەرگە يەتكۈزۈپ، — ئەمدى ئۇرۇش - جېدەل بولمايدۇ. ھەممە مىللەت بابباراۋەر بولىدۇ. سوۋېت بىلەن ئىتتىپاق بولىمىز، يامان ئەمەلدارلار جازالىنىدۇ، دەپتىمىش...

— خۇدايىم خانىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن.

— ئەمدى چىراغ پۇلى تۆلەيدىغاندىن قۇتۇلىدىغان ئوخشىمايمىزمۇ؟ — دېدى بىر ئۇستا چاقچاق قىلىپ.

ھەممە كۇلۇشۇپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا كەچتە شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە پانار يېقىپ قويۇلاتتى. پانار ئىسچىدىكى شام ئۆزى تۇرغان تۇۋرۇكنىڭ ئەتراپىنى ئارانلا يورۇتۇپ، بىر - ئىككى سائەت كۆيۈپلا ئۆچۈپ قالاتتى. ئەمما، ھۆكۈمەتنىڭ مەھەللە - كوچىلارغا قويغان ئادەملىرى ھەر كۈنى دېگۇدەك ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ «چىراغ پۇلى» دەپ كىشىلەرنى بىزار قىلىۋېتەتتى.

راست دېگەندەك جەمئىيەت كەيپىياتىدا كۈندىن - كۈنگە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن جانلىنىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. «شىڭ دۇبەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرىمەن، دەپ ئۇرۇمچىدە ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي

ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپتۇدەك، جايلاردا شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلسا بىر قىسىم خىراجەتنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالغۇدەك...» دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئۇ يىللاردا ئىلغا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر، چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا بېرىپ كېلىپ توختاپ قالغان ئىلغار زىيالىيلار خېلى توپلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاكتىپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىلىدا «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تېزلا قۇرۇلدى. ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە تېيىپ ھاجى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە مەتيۇسۇپ ھاجى، سۇلتان ئاخۇنلار، مەسئۇل كاتىپلىققا قاسىمجان قەمبىرى سايلاندى. ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىكىگە ھېكىمبەگ خوجا، مۇتائەلى خەلىپە، ھۇسىيىنبەگ، رەھىمجان سابىر ھاجى، غاپپار ۋېلىباي، قاسىم مىراب، بورتالادىن ئۇمىد ھاجى، سۇيدۇڭدىن شايى ئاخۇن، جالالىدىن يەھيارى قاتارلىق جەمئىيەتتە تەسىرى بار كىشىلەر بەلگىلەندى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلىرىنى ئاساس قىلىپ مەھەللە - مەھەللىلەردە نۇرغۇن سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى تەشكىللىنىپ، بۇ ئورۇنلار جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. ھەر كۈنى كەچلىكى مەكتەپ دەرۋازىلىرىدىن ئالدىراش كىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇ يەردە چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى، سەنئەت گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق بىر روھىي ئازادلىقنىڭ بولۇشىنى كۈتكەن خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش قىزغىنلىقى بەكمۇ ئۈستۈن ئىدى.

«ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» يېنىدا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يەنە «سانايىنەپىسە» قۇرۇلدى. «سانايىنەپىسە»نى قۇرۇش كوللېگىيىسى تەركىبىدە: تېيىپ ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەھيارى، مەرۇپ سەئىدى، مەمتىلى ئاقساقال، ئەخمەتجان تۇردى، نەزەرخان خوجا، قاسىم قىسمىتى، خۇدابەردى

تالىپ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. «سانايىنەپىسە» قۇرۇلۇشى بىلەن ئىلگىرى مەھەللە ـ مەھەللە، مەشرەپ ـ سورۇنلاردا چېچىلىپ يۈرگەن روزى تەمبۇر، ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللام، چالغۇچى مەرۇپ ناسىرى، ھۈسيىن تەمبۇر، ئابدۇنەبى ماناپوف، غېجەكچى تېيىپ ئاخۇن، نۇرمەھەممەت ناسىرى، مەتتايىر، غوپۇر، دۇتارچى سايىت ئاخۇن قاتارلىق نۇرغۇن قابىلىيەتلىك سەنئەتچىلەر بۇ سەنئەت تەشكىلى ئەتراپىغا كۆچ بولۇپ توپلاندى. سانايىنەپىسىگە يەنە جەمئىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلاردىن يېڭى ئارتىس قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، روزى تەمبۇر قاتارلىق ساز ئۇستىلىرىنىڭ ئىسگە موزدۇز ئابدۇۋەلىمۇ كەلگەنىدى.

بىر كۈنى دۇكانغا ياشقىنە بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

— ئابدۇۋەلى دېگەن موزدۇز بالا مۇشۇ دۇكاندا ئىشلەمدۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— مانا مەن، نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دېدى ئابدۇۋەلى قولىدىكى تىكمۇاتقان ئىشىنى بىر تەرەپكە قويۇپ.

— سىزنى روزى تەمبۇر ئەتە ئەتىگەندە سانايىنەپىسىگە بىر كەلسۇن دەيدۇ.

— مېنى؟! نېمە قىلىدىغاندۇ...

— سانايىنەپىسىگە ئادەم ئېلىۋاتىدۇ. ھەرقاچان سىزدىنمۇ ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ باقامدىكىن.

— ئىمتىھان!؟— سەل تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى ئابدۇۋەلى.

— ئىمتىھان دېسە چۆچۈپ كەتتىڭغۇ. سېنى بىر ـ ئىككى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆرۈپ باقىدۇ شۇ، بولدى، بولدى، سىز كېتىۋېرىڭ، ئابدۇۋەلى ئەتە بارىدۇ،— دېدى ھاسان بۆرە ھېلىقى يىگىتكە قاراپ.

ئاندىن موزدۇزلار غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى.

— مانا بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ بىر ئارتىس چىقىدىغان

بولدى ـ دە!

— ئىمتىھان ئالسا قايسى ناخشىنى ئېيتساڭ بولار، ئابدۇۋەلى؟

— ۋادەرىخادىنلا چۈش.

— ئەۋرىشىمنى ئېيتامسەنيا؟

— باشتا يېنىكرەك ناخشىلاردىن باشلىغىنى ياخشى...

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي بىز موزدۇزلارنى شەرمەندە قىلىپ يۈرمە يەنە.

— نېمە دېگىنىڭ، بۇ كۈنىنىڭ ياشلىرى ھەرقانچە ناخشا ئېيتسا مۇشۇ ئابدۇۋەلىچىلىك ئېيتار. قالغان كەم يەرلىرى بولسا كېيىن ئۆگەنمەمدۇ!

— يا ئەمدى، ھودۇقۇپ كېتەمدىكىن دەيمىنا...

موزدۇزلار بۇ يېڭىلىق ئۈستىدە خېلى ئۇزاق تالاشتى، ھېسامىدىن ئۇستام بۇرۇتىنى تولغاپ:

— ئابدۇۋەلى، سەھنىگە چىقىپ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر ناخشا ئېيتىدىغان بولساڭ، قىزلارمۇ ئارقاڭدىن ئەگىشىپ كېتەلمەي قالىدۇ ـ دە! — دەيتتى.

شۇ كۈنى ئابدۇۋەلىنىڭ قولىمۇ ئىشقا بارماي قالدى. ئەتىسى ئۇ سانايىنەپىسە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشقان قورونى ئىزدەپ سوراپ تېپىپ بارغاندا، چوڭ بىر ئۆيگە تام ياقىلىتىپ قويۇۋەتكەن ئورۇندۇقلاردا بىرمۇنچە كىشى ئولتۇراتتى. ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن يىغىلغان ياشلاردىن بىرنەچچىسى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشاتتى. ئابدۇۋەلى ئۆي ئىچىگە قاراپ ئەيمەنگەندەك بولدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى كاستۇم ـ بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، گالستۇك تاقىغان، بەزىلىرى ئادەتتىكىچە كىيىنگەن يېشى چوڭ ئادەملەر ئىدى. «موزدۇز ئابدۇۋەلى كەلدىمۇ؟» دەپ چاقىرغاندا ئۇ ھاياجاندىن يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

— خوش، سەن ساز چالامسەن، ناخشا ئېيتامسەن؟

— ناخشا ئېيتىمەن.

— ناخشاڭنى باشلا...

— قايسى ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرنەچچەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىلىدىغان ناخشاڭ جىق ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئۆزۈڭ خالىغان بىرنى ئېيتىپ باقە!

ئابدۇۋەلى چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭدىكى قورقۇش كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ، كۆز ئالدىغا نېمىشقىدۇر تېرە زاۋۇتىنىڭ هويلىسىدا قولىغا كەپتەرنى قوندۇرۇۋېلىپ، ئېچىنىشلىق قىياپەتتە تۇرغان ئىمىنجان ئۇستام كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئاشۇ ئۇستام ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلارنىڭ بىرىگە باشلىدى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈلاپ بىرنەچچە ناخشىنى بىراقلا ئېيتىۋەتتى. بۇ موزدۇزنىڭ ناخشىسىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغانلار ناهايىتى هەيران بولدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ساپ، جاراڭلىق، ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى ئېلىشى خېلىلا پىششىق ئىدى.

شۇ چاغ باهارمۇ، يازمۇ؟ شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ؟ پەسلىنىڭ قايسى ۋاقتى، هەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكى ئابدۇۋەلىنىڭ ئېسىدە يوق. ئەمما داڭلىق ئۇستازلار ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرغان ئاشۇ مىنۇتلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا هازىرمۇ تۇنۇگۈنكىدەكلا تۇرۇپتۇ. شۇ سائەتلەردىن باشلاپ ئابدۇۋەلى ئارتىسلىق هاياتقا قەدەم قويدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# جۇنۇن

سانايىنەپىسىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتچىلىرى شائىر ۋە ئارتىس قاسىمجان قەمبىرى، يازغۇچى زىيا سەمەدىلەر ئىدى. قابىل ئارتىس جالالىدىن يەھيارى ئۆمەكنىڭ تۇنجى رېژىسسورى بولغانىدى. داڭلىق چالغۇچى روزى تەمبۇر مۇزىكا يېتەكچىسى ئىدى. سانايىنەپىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلەردىن يەنە ھاسان تەمبۇر، تېيىپ ئاخۇن، ھىزدۆلەت، تۇرسۇن تېيىپ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. سانايىنەپىسىنىڭ ئارتىس ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملىرى جەمئىيەتتىكى مۇئەللىملەر، ئىشچى - خىزمەتچى، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۆمەكنىڭ مەخسۇس تەيىنلەنگەن خادىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك مائاش ئالمايتتى. تۇرمۇشتا باشقا كىرىمى يوق، قىيىنچىلىقى بار سەنئەتچىلەرگە ئويۇن قويۇپ قىلغان كىرىمدىن ياكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقا پۇللىرىدىن ئاز - تولا ياردەم قىلىناتتى. ھېچقانداق ھەق ئالمىسىمۇ قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. كۈندۈزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ئوقتىنى قىلىپ، كەچتە سائەت بەش - ئالتىگىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا جەم بولۇپ سائەت ئونلاردىن ئاشقۇچە رېپېتىتسىيە قىلىشاتتى.

سانايىنەپسە باشتا خەلق ناخشا - سازلىرى، ئۇسسۇل،

ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان لەپەرلەر، جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان كىچىك كومېدىيىلەرنى ئوينىدى. بۇ يىللار تېخى غۇلجا شەھىرىدە كۆلۈب يوق ئىدى. تەييارلانغان ئويۇنلار ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى[1]، گۈلشەنباغ ۋە شەھەردىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مەيدانلىرىدا سەھنە ياساپ ئوينىلاتتى. ھەر يىلى «ئاپرېل بايرىمى» دا[2] ئالتۇنلۇقتىكى تاللىقتا ئويۇن كۆرسىتىلەتتى. 1935 - يىلى داموللا جاللاپنىڭ قورۇسىدا «ئىچكۈلۈك نەتىجىسى»، «ئۆيلىنىش» دېگەن ئەسەرلەر ئوينالدى.

ئارتىسلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە سەھنىگە لازىملىق بۇيۇملارنى بايلارنىڭ ئۆيلىرى، سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدىن ئارىيەت ئەكېلەتتى. يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئارتىسلار ئۆزلىرى ئۆيلىرىدىنمۇ ئەكېلەتتى... دېكوراتسىيە ئىشلەش ئىشلىرىمۇ تېخى ناھايىتى ساددا ئىدى. ئاق رەختكە سىزىلغان ئاددىي كۆرۈنۈشلەر سەھنىنىڭ ئارقا ۋە يان تەرەپلىرىگە تارتىپ قويۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا پەردىنى ئېچىپ - يېپىشمۇ ناھايىتى قىزىق بولاتتى. پۇشتەك چېلىنىشى بىلەن بىر ئادەم پەردىنىڭ بىر چېتىنى تۇتۇپ سەھنىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. بەزىدە پەردىنىڭ سىيرىلغۇچى ماڭماي خېلى ئاۋارىچىلىكلەرگە سالاتتى؛ بەزىدە پەردە تارتقۇچى پۇتلىشىپ سەھنىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يىقىلىپ چۈشىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى... مەيلى قانداقلا بولمىسۇن قويۇلۇۋاتقان نومۇرلار سەنئەتكە تەشنا خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولاتتى. ئويۇن مەيدانى ھەر دائىم تاماشىبىنلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. ئارتىسلار ھەر قېتىمقى ئويۇندىن ھاياجان بىلەن قايتىشاتتى. كېچىلىرى ئۇلار سەھنىدىكى قىزغىن ھەرىكەتلەر،

---

① ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى — ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسى.

② «ئاپرېل بايرىمى»— 1933 - يىل 12 - ئاپرېل كۈنى ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ جىن شۇرېن تەختتىن چۈشتى. شېڭ شىسەي ھوكۇمەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەريىلى 12 - ئاپرېل كۈنىنى خاتىرىلەشنى بېكىتكەنىدى. بۇ ئاتالمىش «ئاپرېل بايرىمى» ھېسابلىناتتى.

تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى، سەھنە ئارقىسىدا تۇرغان رېژىسسورنىڭ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى...

※ ※

ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوف دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىدى. ئۇ ئەرەبچە، رۇسچە تىللارنى بىلىدىغان، يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقان، بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. چەت ئەلدىن غۇلجا شەھىرىگە دەسلەپكى مەتبەئە ماشىنىلىرىنى ئەكىرگەنىدى. يېڭىلىق تەرەپدارى بولغاچقا مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۇنى «ھۈسەيىنبەگ كالتە قۇيرۇق» مۇ دېيىشەتتى. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن ھۈسەيىنبەگ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، سانايىنەپىسنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر سەنئەتچى ئىدى. كلاسسىك ئىلى سەنىمىگە ئويناشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، 1935 - يىلى ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللەتلەر قۇرۇلتىيى ئاچتى. بۇنىڭغا جايلاردىكى چوڭ بايلار، ئەمەلدارلار، خەلق ئىچىدىكى تەسىرى بار كىشىلەرنى چاقىرغانىدى. ھۈسەيىنبەگ شېڭ شىسەينىڭ مانا مۇشۇ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، قايتىش يولىدا ئۈتەيدە ماشىنا ۋەقەسى بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ كىشىنىڭ خەلق قەلبىدە قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن غۇلجا شەھىرىنى زىلزىلىگە سالدى. قاسىمجان قەمبىرى، تېيىپزات خەلپىتىم، زىيا سەمەدى، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار ھۈسەيىنبەگ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ

شېئىر، ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. سانايىنەپىسە ھۆسىيىنبەگنىڭ ھاياتىنى بىر سەھنە ئەسىرى قىلىپ يېزىپ، دەرھال سەھنىلەشتۈردى. رېژىسسورلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئويۇن رەسمىي باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىلىشى، ناخشىدىن كېيىن پەردە ئېچىلىپ، ئاندىن ئويۇن باشلىنىشى كېرەك ئىدى. ناخشىغا سېلىنىدىغان سۆز:

كەتتى بۇگۈن ئارىمىزدىن
ھۆسىيىنبەگدەك بىر قەھرىمان.
بار ئۆمرىنى ۋەتەن ئۈچۈن،
خەلق ئۈچۈن پىدا قىلغان...

دېگەن مەزمۇنلاردا يېزىلدى. ناخشا «جۇنۇن» ئاھاڭىغا سېلىنىدىغان بولدى.

تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى سەھنىگە كۈچلۈك مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى سەھنە ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپتە ئېيتىلىدىغان بۇ ناخشا ناھايىتى ئوبدان ئورۇندىلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا، ناخشا ئۈچ كىشىگە ئۆگىتىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئابدۇۋەلى ئىدى. سانايىنەپىسىگە كىرگىنىگە بىرەر يىلدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ئابدۇۋەلى تېخى سەھنىگە چىقىپ باقمىغانىدى. ئادەم چاقىرىپ كېلىدىغان، ئېلان چاپلايدىغان، دېكوراتسىيىگە لازىم نەرسىلەرگە ياردەملىشىدىغان يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلاتتى. بۇ يېڭى ۋەزىپە ئۇنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم ھاياجانلاندۇردى. دۇكاندا ئىش تىكىۋاتقاندا قولى ئىشتا بولسىمۇ، خىيالى شۇ «جۇنۇن» دا ئىدى.

— ھاسىنىكا، جۇنۇننى بىر ئېيتىپ بېرىڭە! — دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى ئۇ.

ھاسان بۆرە ئالدىرىماي ناخشا باشلايتتى:

ئارپا، بۇغداي سامانىنى
سەلكىن ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشنى
ئۆلۇم ئايرىيدۇ.

— ياقۇپچىنىكا، مۇشۇ ناخشىنى سىز بىر ئېيتىپ بېقىڭە، — دەيتتى ئۇ يەنە.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆز ياشىم ئاندىن…

— نېمە بولدى، ساڭا بۈگۈن «جۇنۇن» نىڭ ئىشقى چۈشۈپتىغۇ؟ ماڭا قارا، بۇنى ساڭا مەنمۇ بىر ئېيتىپ بېرەي، — دەپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ ھېسامىدىن ئۇستاممۇ ئاخىرىدا «جۇنۇن» نى بىر قېتىم ئېيتتى.

ھەممىسى ئوخشاشلا «جۇنۇن» بولسىمۇ، يەنە ھەركىمنىڭ ناخشا ئېيتىشىدا ئۆزىگە خاس بىر پۇراق بار ئىدى. ئابدۇۋەلى ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىشىدىكى بۇ ئۆزگىچىلىكلەرگە دىققەت قىلاتتى. ھاسان بۆرىنىڭ ئاۋازىدىكى تەمكىنلىكلەرگە دىققەت قىلاتتى. ھاسان بۆرىنىڭ ئاۋازىدىكى تەمكىنلىك، ياقۇپجان دۇتارنىڭ ئاۋازىدىكى مۇڭ، ھېسامىدىن ئۇستامنىڭ ناخشا سۆزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئەپچىللىكى ئۇنى جەلپ قىلاتتى…

جالالىدىن يەھيارى ھېلىقى ئۈچ ناخشىچىنى ئېيتقۇزۇپ

كۆرۈپ، ئىسكىلەنمەيلا ئابدۇۋەلىنى تاللىۋالدى... ئويۇن باشلىنىدىغان كۇنى مەيدانغا ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن توپلانغانىدى.

— قانداق، يۈرىكىڭ دۈپۈلدەۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى سەھنىگە چىقىش ئالدىدا جالالىدىن يەھيارى ئابدۇۋەلىدىن.

— سەل قورققاندەك بولۇۋاتىمەن.

— ھۆسىيىنبەگنى كۆرگەنمۇسەن؟

— كۆرگەن.

— ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئىچىڭ ئېچىشىدىغاندۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ھە، سەھنىگە چىققاندا تۆۋەندىكى ئادەملەرگە قارىۋالما، نەزىرىڭنى تاماشىبىنلارنىڭ ئۈستىدىن ھالقىتىپ يىراقلارغا تاشلا، كۆڭلۈڭدە مەرھۇم ھۆسىيىنبەگنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر ئېچىنىش بولسۇن. باشقا ھېچنېمىنى ئويلىما، شۇ چاغدا ناخشىنى ھودۇقماي، ياخشى ئېيتالايسەن.

ئابدۇۋەلى سەھنىگە چىقىپ، تۆۋەندىكى داۋالغۇپ تۇرغان غايەت زور ئادەم دېڭىزىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز جىددىيلىككە چۆمۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ساز تەڭكەش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچىسى سەيدۇللام بىللە چىققانىدى. سەيدۇللام كامالچىنى ئىسكىرىپكا قىللىرى ئۈستىگە قويۇشى بىلەن ئېچىنىشلىق بىر سادا كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا ئابدۇۋەلىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەممە نېمە ئۆچكەندەك بولدى ـ دە، ناخشا باشلىۋەتتى.

كەتتى بۈگۈن ئارىمىزدىن
بىر قەھرىمان.
ئۆچتى چىراغ خەلقىمىزنى
باستى پىغان...

پۈتۈن مەيدان چىۋىننىڭ ئۇچقىنى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆكتى. ھەممە ئادەم ئاشۇ ناخشچى بىلەن بىردەك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئايال ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئارقىدىنلا پۈتۈن مەيداننى يىغا - زار قاپلاپ كەتتى... ناخشا ئاخىرلىشىشى بىلەن يېشى توختىغان بىر ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە سەھنىگە چىقىپ ئابدۇۋەلىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، «رەھمەت ئوغلۇم!» دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

شۇ كۈنى «جۇنۇن» ئاھاڭىنى ئورۇنداش بىلەن ئابدۇۋەلى بىردىنلا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە تونۇلدى.

※ ※

ئابدۇۋەلىنىڭ ئاكىسى ئابدۇلئەزىزمۇ مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ياخشى ناخشىچىلىرىدىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئىنىسىنىڭ سانايىنەپىسگە قاتنىششىغا قارشى ئىدى. ئۇ سازەندىچىلىك بىلەن ئارتىسلىقنى — ئۆزۈم ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلىك غۇرۇرى بار ئادەمگە ياراشمايدىغان چاكىنا ئىش، دەپ قارايتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇۋەلىنى قاملاشسا - قاملاشمىسىمۇ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ بىكار پايپاسلاپ يۈرەمدىكىن دەپ ئىچى پۇشاتتى. ھۆسىيسىنبەگ نامىغا ئويىنالغان ئويۇننى كۆرۈشكە بارغان ئابدۇلئەزىز ئۆز ئىنىسىنىڭ ناخشىسىنى، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى مەيداندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ جارۇللايوفلار ئائىلىسىدىن ھەقىقىي بىر ناخشىچىنىڭ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

ئەتىسى كەچتە ئابدۇلئەزىز ئىنىسىنى ئۆيىگە تاماققا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن ئۇ ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى. ئۆزىگە يېڭى تىكتۈرۈپ تېخى كىيمىگەن

كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى ئېلىپ:
— ئۇكام، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، كۆپىنىڭ ئالدىدا چىرايلىقراق كىيىپ يۈرەرسەن، — دەپ ئابدۇۋەلىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.
بۇ ئىش ئابدۇۋەلىنىڭ سانايىنەپىسىدە تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولدى. شۇ يىلى ئابدۇلئەزىز ئۆزى يول مېڭىپ ئىنىسىنى ئۆيلىدى. بۇ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئابدۇۋەلىگە، «ئارتىسلىق ھاياتىدا ھېسسىياتتا ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتمىسۇن» دەپ قىلغان چوڭ غەمخورلۇقى ئىدى. دېمىسىمۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوف تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئاكىسى ئاتا بولۇپ قوشۇپ قويغان شۇ ئامىنە بىلله ئۆتتى.

※ ※

موزدۇزلاردا «مۇشۇكنى پەش، توخۇنى تاخ دېگۈچە بىر بېخىدىن قالىسەن» دېگەن گەپ بار. موزدۇزخانىلاردىكى بىز تىلغا ئالغان ئۇستاملارنىڭ ئادەتتە ئاغزى ناخشا بىلەن پاراڭدا بولسىمۇ، قولى ئىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمايتتى. ئىشنى بازارغا ئۇلگۈرتۈش ئۈچۈن بەزىدە ئۇلار چىراغ يورۇقىدا كېچىلەپمۇ ئىشلەپ كېتەتتى. كېچە ـ كېچىلەپ رېپېتىتسىيىگە قاتنىشىپ، يەنە كۈندۈزى كۈن بويى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەش ئابدۇۋەلىنى خېلىلا ئالدىرىتىپ قويدى. ۋاپۇرۇش بازىرىدىكى سودىگەرلەر زاكالەت بېرىپ قويغان ماللىرى ۋاقتىدا قولىغا تەگمىسە، دۇكانغا كېلىپ دوق قىلىپ ئۇستاملارنى تەڭلىكتە قويۇشتىن يانمايتتى. ئابدۇۋەلىنىڭ بازاردا ئۇقەت قىلىدىغان دوستلىرى بىر كۈنى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ:
— ئابدۇۋەلى، ھەم سانايىنەپىسىگە قاتنىشىپ، ھەم دۇكاندا ئىش تىكىپ بىر ئۆينى باقمىقىڭ تەس. بازاردا بىز بىلەن ئوقەت قىل. تاپقىنىمىز تەڭ بولسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇۋەلى سانايىنەپىسىگە قاتنىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا موزدۇزلۇق كەسپى بىلەنمۇ خوشلاشتى. ئەمدى ئۇ كۇندۇزلىرى بازاردا ئابلىز[1]، ياسىن ئاخۇن، مەمتىمىنقارى دېگەن بۇرادەرلىرى بىلەن شېرىك دەللاللىق قىلىدىغان بولدى. ھەر كۇنى ئەتىگەنلىكى ياكى كەچكە يېقىن ئۇلار تاشلەپكىدىكى مىرقاسىم ھاجىمنىڭ سارىيى، دەڭدەرۋازىدىكى سۇلتان باينىڭ سارىيى، تۇڭگان ساراي، خەنزۇ بازىرىدىكى ئىچكىرىدىن مال ئاچىقىدىغان سودىگەرلەر چۈشىدىغان دەڭلەر، تەختى مەھەللىسىدىكى خوتەن سارايلىرىنى ئارىلاپ، بۇ يەرگە چۈشكەن سودىگەرلەرنىڭ قانداق مال ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇلارغا نېمىلەرنىڭ لازىملىقىنى ئۇقۇشاتتى؛ ئاندىن يەنە بازار ئارىلاپ، دۇكانلارغا قانداق مال لازىملىقىنى تىڭتىڭلايتتى. سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى دۇكانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، سودىگەرلەرگە كېرەكلىك ماللارنى بازاردىن تېپىپ بېرىپ ئوتتۇرىدىن پايدا كۆرۈشەتتى. ئىلگىرى سىرتتىن ماتا، چەكمەن، پاختا، چاي، دورا ـ دەرمان، گىلەم، كۇچار ئەلتېرىسى، قۇرۇق مېۋىلەر كېلەتتى. سودىگەرلەر بۇ يەردىن چەم، خۇرۇم، تېرە، ھەر خىل ئاياغ كىيىم ۋە سوۋېتتىن كىرگەن گەزمال، قەنت ـ گېزەك، سەرەڭگە قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ مېڭىشاتتى. ئابدۇۋەلى بازاردىكىلەرگە «ناخشىچى موزدۇز» دېگەن نام بىلەن تونۇش بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئوقىتى راۋانلىشىپ، موزدۇزلۇق قىلغانغا قارىغاندا تۇرمۇشى ئوڭشىلىپ قالدى.

ئۇ چاغلاردا سارايدىن ئالغان ماللارنى دۇكاندارلارغا ئۆتكۈزۈشتە مالدىن پايدا ئالغان بولسا دۇكانداردىن چاي پۇلى ئالمايدىغان قائىدە بار ئىدى. ھەم پايدا ئېلىپ، ھەم چاي پۇلى ئالسا «ھارام» بولىدۇ، دېيىلەتتى. لېكىن «چاي پۇلى ئالمىساق، دۇكاندار: بۇ مالدىن كۆپ پايدا ئالغان ئوخشايدۇ،

[1] ئابلىز ئابباسوف — ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئاكىسى.

دەپ گۇمانلىنىپ قالىدۇ» دەپ بەزىدە ھەم پايدا كۆرۈپ، ھەم چاي پۇلى ئالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا، ئابدۇۋەلى شېرىكلىرى بىلەن، «ھارامنى ھارامغا خەجلەيمىز» دەپ قاۋاقخانىغا بېرىپ ئاز ـ تولىدىن ئىچىشىپمۇ قوياتتى. بەزىدە مۇنداق ئولپەتچىلىككە كەچلىكى ئابدۇۋەلى بىلەن بىللە ساناپىنەپىسىدە ئىشلەپ، كونىدۇزى كونا گىلەم بازىرىدا ئوقەت قىلىدىغان زىكرى ئەلپەتتامۇ ئارىلىشىپ قالاتتى. شۇڭا زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئابدۇۋەلىنى كۆرسە:

— بۇگۇن ھارامدىن تاپاۋەت يوقمۇ؟ — دەپ قويىدىغان چاقچىقى بار ئىدى.

زىكرى ئەلپەتتا دراملار ئوينالغاندا بەزى مۇھىم روللارغا چىقاتتى. بەزىدە مۇزىكانتلار قاتارىدا مۇزىكا چالاتتى. ئۇ دۇتارنى سالماقلىق بىلەن قول ئۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا چالاتتى. بولۇپمۇ ئۇنى كلاسسىك سازلارغا قۇلىقى ئىنتايىن پىششىق ئىدى. بەزىدە ئابدۇۋەلى بىلەن زىكرى ئاز ـ ئازدىن ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئىلىنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتەتتى.

— قارا، ئابدۇۋەلى، — دەيتتى زىكرى، — مانا بۇ بازاردىكى ئېلىپساتار، ھۈنەرۋەن، ئىشلەمچىلەرنىڭ تولىسى ئالتە شەھەردىن كەلگەن مۇساپىرلار، بۇ ئادەملەر ئىچىدە ئۆز يۇرتىدىكى زۇلۇم، ناھەقچىلىكلەرگە چىدىماي تۇغۇلغان يەرلىرىنى تاشلاپ چىققان دەردمەنلەر، ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان نوچىلار، جاھانكەزدىلەر، سوپى ـ ئىشان دېگەندەك ھەممە ئىقلىمدىكى ئادەملەرنى تاپالايسەن. ھەي، ئىلىخو دېگەن ئاجايىپ بىر ئاسمىنى كەڭ يەر جۇمۇ!...

— قەشقەرنىڭ لەۋەن ئاھاڭلىرى، كۇچارنىڭ شوخ پەدىلىرى ئىلىغا چىققاندا ئىلى ناخشىلىرىنىڭ تەسىرى ئارىلىشىپ، باشقىچە پۇراقتا ئىگە بولۇپ قالىدىغىنىنى دېمەمسەن، — دەيتتى

ئابدۇۋەلى.

— شۇنداق، — دەيتتى زىكرى، — ئىلىدىكى ئېتىز، داللارنىڭ بىپايانلىقى، مەھەللىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىقى ئىلى ناخشىلىرىنىڭ كۈچلۈك، جاراڭلىق، مەردانە ئېيتىلىدىغان شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىلى خەلقى ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، تالاي تارىخىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولغاچقا، ناخشىلىرىمىزدا جەنۇب ناخشىلىرىغا قارىغاندا مۇھەببەتتىن ئىجتىمائىي مەزمۇنلار كۆپرەك، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «كۆچ - كۆچ ناخشىسى»، «سادىر پالۋان ناخشىلىرى» خەلقنىڭ شۇ كۈلپەتلىك تارىخىنىڭ خاتىرىلىرى ئەمەسمۇ؟...

# ئون ئۈچىنچى باب

# ھەقىقىي غېرىب

1936 - يىلىغا كەلگەندە سەنئەت ئىشلىرىدا خېلىلا چوڭ يۈكسىلىشلەر بولدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ كۇلۇب — «ئۇ قا ق كۇلۇبى»① ياسىلىپ چوڭ تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. 30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە يەنە «رۇس كۇلۇبى»، «خەنزۇ كۇلۇبى»، «ئۆزبېك كۇلۇبى»، «تاتار كۇلۇبى» قاتارلىق كۇلۇبلار ئارقا - ئارقىدىن سېلىندى. بۇ كۇلۇبلاردا ھەر مىللەتنىڭ كونسېرت، دراممىلىرى ئوينىلىشتىن باشقا يەنە كىنو فىلىملىرىمۇ قويۇلىدىغان بولدى.

30 - يىللارنىڭ بېشىدا غۇلجىدا قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان گېنېراتور پەيدا بولۇپ، سەييارە كىنو قويۇش بارلىققا كەلگەندى. كىنوچىلارنىڭ ھېيت - بايرام كۈنلىرى ئادەملەر كۆپرەك يىغىلىدىغان مۇقىم ئورۇنلاردا كىنو قويىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۇرە قاتارلىق جايلاردا سەييارە كىنو قوياتتى. كىنو قويۇشنىڭ ئالدىدا داقا - دۇمباق، سۇنايلىرىنى چېلىپ تاماشىبىنلارنى يىغاتتى. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى

---

① «ئۇ قا ق كۇلۇبى» نىڭ دەسلەپكى نامى «مىللەتلەر كۇلۇبى» ئىدى. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يوق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ بۇ كۇلۇبنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. بۇ ئىش ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت «كۇلۇبنى سېتىۋېلىڭلار!» دېگەن يولسىز تەلەپنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئۆيۈشمىلىرى پۇل چىقىرىپ كۇلۇبنى قايتا سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۇلۇب نامى «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى» (ئۇ قا ق كۇلۇبى) غا ئۆزگەرتىلگەندى.

شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە بىر يازلىق كىنوخانا ياساپ، سىرتقا بېلەت سېتىپ كىنو كۆرسەتتى. لېكىن، ھەممىسىلا ھەرىكەتلىك رەسىملەرنى كۆرسىتىدىغان ئاۋازسىز فىلىملار ئىدى. ھەر مىللەت خەلقى يەنىلا ئۆز مىللىتىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، دراممىلىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى.

بۇ كۈنلەردە ھەر كۈنى كەچلىكى كىشىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ، ئويۇنخانىلارغا قاراپ ئالدىراپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھەربىر مەيدان ئويۇننىڭ بېلىتى ھەش-پەش دېگۈچە سېتىلىپ بولاتتى. خەلقنىڭ كەيپىياتىدا يېڭى بىر روھلىنىش بارلىققا كەلگەنىدى. مۇشۇ يىللاردا سانايىنەپىسە «پېرىخون»، «قانلىق داغ»، «ئارشىن-مال ئالان»، «نۇزۇگۇم»، «پەرھاد-شېرىن»، «رابىيە-سەئىدىن»، «جاھالەتنىڭ جاپاسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئەسەرنى ئوينىدى.

ئابدۇۋەلىنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە رول ئېلىشى دەسلەپتە ئادەتتىكى روللارغا چىقىش بىلەن باشلاندى. «ئۆيلىنىش» ئەسىرىدە ئۇ ياردەمچى يىگىتلەر رولىنى ئالدى، «باي ۋە مالاي» دراممىسىدا ئادەتتىكى ئامما قاتارىدا سەھنىدە كۆرۈلدى، «قانلىق داغ» دا ئۇ بىر يايىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ جالالىدىن يەھيارىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. جالالىدىن يەھيارى بىلەن قاسىمجان قەمبىرى ئابدۇۋەلىنىڭ ئۇسۇشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار ئاۋاز، ھەرىكەت، تەن قۇرۇلۇش جەھەتتە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بۇ ياشنىڭ سەھنىدىكى ئىستىقبالىنى مۆلچەرلەپ يەتكەنىدى. ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئابدۇۋەلى بارا-بارا ئاساسلىق روللارنى ئېلىشقا ئۆتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوينالغان «ئۆز مۇھىت»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «چاقىرىلمىغان مېھمانغا سوۋغات»، «پارتىزان قىزى» دېگەن

سەھنە ئەسەرلىرىدە ئۇ «ياپون گېنېرالى» ، «پارتىزانلار باشلىقى» غا ئوخشاش ئاساسلىق رولالارغا چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى چاغلاردا چاقچاق قىلىپ، «جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا بىزمۇ قاتناشقان» دەپ قوياتتى.

※ ※

30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ سانايىنەپىسە «غېرىب - سەنەم» نى تەييارلاپ سەھنىگە ئاچىقتى. ئادالەتنى، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى كۈيلەيدىغان بۇ ئەسەر شۇ تەڭداشسىز زاماندا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «غېرىب - سەنەم» ۋەقەسى بۇنىڭدىن ئىلگىرى تولىراق خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئىچىدە ئاغزاكى ئېيتىلىپ يۈرەتتى. غۇلجىدا توختىقارى دېگەن بىر دۇتارچى ئادەم ئۆتكەنىدى. ئۇ ھەر جۇمە كۈنى بازاردا «غېرىب - سەنەم» ، «لەيلى - مەجنۇن» ، «پەرھاد - شېرىن» غا ئوخشاش ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىلىرىنى ناخشا - ساز بىلەن بايان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەر قېتىم ئاز دېگەندە بىرەر يۈزدەك ئادەم توپلاشقان بولاتتى.

«شۇنداق قىلىپ، شاھى ئابباس غېرىبنى باغدات شەھىرىگە پالىغاندا، سەنەم ياقىلىرىنى چاك ئېتىپ يىغلاپ، غېرىبقا قاراپ شۇنداق دەپتۇلەر، — دەپ دۇتارىنى قولىغا ئالاتتى توختىقارى:

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ سەن باغدات شەھىرىگە،
يارىم سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئاندىن غېرىب سەنەمگە قاراپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

مېنى كەتتى دېبان مالال بولمىغىن،
كۆپ يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ھەرگىز سولمىغىن،
ئامان بولسام سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن...»

ئەلقىسسە، غېرىب ئاشىقىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولۇپ، بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتلەرگە ھەيران بولۇپ، يات يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ، بىر كۈنلەردە، تاغۇ دەشتلەردە شەيخ جونەيدىل باغدادىغا ئۇچراپتۇ. جونەيدىل باغدادى غېرىبنى سىنىماق بولۇپ شۇنداق سوئال سوراپتۇ:

ئول نېمەدۇر ئېگىلۇر ۋە لېكىن سۇنماس،
ئول نېمەدۇر مۇشكۇلات - جاپادىن قورقماس.
ئول نېمەدۇر يالقۇنلار ئوتى بېسىلماس؟
ئوتلۇق ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب بۇ ئۇستازغا مۇنداق جاۋاب قىلىپتۇ:

چىن ھەقىقەت دۇنيادا ئېگىلۇر سۇنماس،
ئىشق ئەھلى جاپادىن - ئۆلۇمدىن قورقماس.
ئاشىق تىغى كېسەر تاغنى بىسى قايرىلماس،
ماڭا ئۇستاز بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر...

ھەزرىتى جۇنەيدىل باغدادى غېرىبتىن بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، «مەنزىلىڭگە ئۇلاش، مۇرادىڭغا يەت!» دەپ دۇئالار قىلىپتۇ...

ئەلقىسسە، بۇ كۈنلەردە شاھ سەنەم غېرىبنى كۆرمەككە تەشنا بولۇپ، مۇنداق غەزەللەر ئوقۇيدىكەن:

ئۈچۈردۈم شۇڭقار قۇشۇمنى ھېچبىر يەردە دېرىكى يوق،
ھەسرەت بىلەن ئول سەييارنى تاپماغۇنچە قارارىم يوق.
قاچتى بۇ دۆلەتنىڭ قۇشى، ئاختۇرارمەن يازۇ قىشى،
دېرىكىنى بىلمەس كىشى، بۇ مەنزىلدە تۇرارىم يوق.
مەن ئېيتارمەن يارىم كەلسە، كېلىپ غەمكىن كۆڭلۈم ئالسا،
شۇم رەقىبلەر تۇيار بولسا، ئىككىمىزنى قويارى يوق...

توختىمقارى غېرىب ـ سەنەم قىسسىسىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىپ، ئاخىرىنى ناھايىتى چىرايلىق نەغمە ـ مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرەتتى ـ دە: «ياراتقان ئىگەم دۇنيادىكى ھەممە ئاشىق ـ مەشۇقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزگەي!» دەپ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇراتتى.

مەشھۇر ئەلنەغمىچىمىز روزى تەمبۇرمۇ «غېرىب ـ سەنەم» رىۋايىتى ۋە ناخشا ـ سازلىرىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى. سانايىنەپىسە خادىملىرى روزى تەمبۇرنىڭ بايانىغا ئاساسەن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى خاتىرىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. ئاندىن قاسىمجان قەمبىرى، زىيا سەمىدى، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قاتنىششى بىلەن «غېرىب ـ سەنەم» سەھنە ئەسىرى دۇنياغا كەلدى. ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى بۇ ئەسەرنىڭ ناخشا ئاھاڭلىرىنى ئىشلەپ مۇقىملاشتۇرۇشتا كۆپ ئەجىر سىڭدۇردى. كوللېكتىپنىڭ

ئەقىل ـ پاراستتى بىلەن بۇ ئەسەر شۇ دەۋردە ئوينالغان سەھنە كىتابلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

دەسلەپتە غېرىب رولىغا قاسىمجان قەمبىرى، سەنەم رولىغا قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئايالى رازىيە خانىم چىقتى. ئۇ چاغلاردا «غېرىب ـ سەنەم» توققۇز پەردە، ئون كۆرۈنۈشلۈك قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ ئىككى كېچە ئوينىلاتتى. بالا ۋاقتىدىكى غېرىب رولىنى ئەخمەتجان، مەتۋاقى كامال قاتارلىق ئارتىسلار ئالغانىدى. سەنەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى رولىغا ھەجەربۈۋى، سۇلتانقىز قاتارلىق ئارتىسلار چىقاتتى. ئابدۇۋەلى دەسلەپتە شاھى ئاباسنىڭ تەختى يېنىدا تۇرىدىغان بىر لەشكەرنىڭ رولىنى ئالدى. بۇ قاراۋۇل ھەرقانداق شارائىتتا كىرپىكمۇ قاقماي، دەھشەتلىك تۇستە بۇتتەك قېتىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئابدۇۋەلى بۇ رولنى كېلىشتۈرۈپ ئويناپ چىقتى. ئاز ئۆتمەي، جالالىدىن يەھيارى غېرىب رولىغا ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى تاللىۋالدى. «غېرىب ـ سەنەم» قىسسىسىنى ئابدۇۋەلى موزدۇزلار ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدى؛ بۇ سەھنە ئەسىرىگە سىڭىنغان بېيىت ـ ئاھاڭلارغىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقى پىششىق ئىدى. شۇڭا بۇ رولنى ئۇ ناھايىتى تېز ئۆزلەشتۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غېرىب رولىنى ئالغۇچى ئەڭ ياخشى ئارتىسلاردىن بولۇپ كۆزگە كۆرۈندى.

ئابدۇۋەلى ئىلگىرى ئىشلىگەن موزدۇزخانىدا پات ـ پات ئۇنىڭ پاراڭلىرى بولۇپ تۇراتتى.

— ئاخشام ئابدۇۋەلىنىڭ غېرىبىنى قانداق قاملاشتۇرغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەيتتى ھاسان بۆرە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ.

— ھە، قانداقراق بولدى؟ — دېيىشەتتى ئويۇنغا بارالمىغانلار.

— ئۇنىڭ كىيگەن كىيىمى، تەقى ـ تۇرقى،

ھەرىكەتلىرىنىڭ قاملاشقىنىنى دېمەمسىلەر. ئويۇن قىزىغاندا كولۇبتا ئولتۇرغىنىمنى ئۇنتۇپ، ئابدۇۋەلى بىلەن بىللە ئورنىدىن پالىنىپ، دەشت ـ باياۋانلارغا چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم.

— خۇدايا توۋا! شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ موزدۇزلار ئارىسىدىنمۇ بىر ئارتىس چىقتى ـ ھە!

— چىققاندىمۇ ئۇنداق ـ مۇندىقى ئەمەس، ھەقىقىي ئارتىس دېگىنە!

— ئاخشام مەن كولۇبنىڭ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — لېكىنزە، ئابدۇۋەلىنىڭ ھەربىر سۆز، ناخشا، ھەربىر تىنىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، خۇدا يامان كۆزدىن نېرى قىلسۇن، ئۇنىڭدىكى نېمىدېگەن ساپ ئاۋاز ـ ھە! ؟

بارا ـ بارا ئويۇن ئەپىشكىلىرىدىكى «غېرىب رولىدا — ئابدۇۋەلى جارۇللايوف» دېگەن سۆزلەر ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۇچىگە ئىگە بولىدىغان بولدى. «غېرىب ـ سەنەم» كۆپىنچە «ئۇ قا ق كولۇبى» دا ئوينىلاتتى. بۇنداق كۇنلەردە بېلەت تۇگىشى بىلەن ئېلىپساتارلارنىڭ قولىدىكى بېلەتنىڭ باھاسى بەش ـ ئون ھەسسە ئۆرلەپ كېتەتتى. كولۇبنىڭ ئالدى تاماكا ـ قەغەز، شىمىشكە ـ پۇرچاق ساتىدىغانلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، بېلەت ئىزدەپ يۇرگەنلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. تەنزىچىلەر، كاۋاپچىلارنىڭ قارا چىرىغىدىن كۆتۇرۇلگەن قويۇق ئىس كىشىلەر بېشى ئۇستىدىن ئەگىيتتى.

«ئۇ قا ق كولۇبى» شۇ يىللاردا غۇلجىدىكى ئەڭ زامانىۋى كولۇب ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدا سەھنە، سازەندىلەر ئورنى، گىرىمخانا، كىنو ئاپپاراتى قويۇلىدىغان ئۆي، توك باشقۇرۇش ئورنى، دەم ئېلىش ئۆيلىرىگىچە بار ئىدى. كولۇبقا مىڭدىن

ئوشۇق ئادەم سىغىدىغان بولۇپ، ئويۇن كۆرگۈچىلەر بىلەت نومۇرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. كۇلۇب تەرتىپىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قويغان مەخسۇس خادىملار باشقۇراتتى. كۇلۇبنىڭ ئالدىنقى زالىدا كىيىم - كېچەك ساقلايدىغان بۆلۈمچىلەر بار ئىدى. خانىملار، بايۋەچچىلەر ئۈستىدىكى ئېغىر كىيىملىرىنى شۇ يەرگە تاپشۇرۇپ كىرىشەتتى. ئۇ چاغلاردا تېخى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. دەسلەپتە سانايىنەپىسە كېچىسى ئەرلەرگە ئويۇن قويسا، كۈندۈزى ئاياللارغا ئوينىدى. كېيىن، كۇلۇبنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلارنى مەخسۇس ئاياللارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئاجراتتى. ئاياللار شۇ تەرەپتىكى خاس ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىشاتتى.

شۇ دەۋردە سانايىنەپىسە بىر ئايدا ئون - يىگىرمە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى. ئابدۇۋەلى غېرىب رولىدا ئوينىغانسېرى پىشىپ باردى. بىر قېتىم «غېرىب - سەنەم»نى كۆرگىلى كەلگەن شەھەرنىڭ چوڭ مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرى — ساۋۇت داموللام ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ئابدۇۋەلىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ:

— ئابدۇۋەلى، بىز ئەسلىي غېرىبنىڭ قانداقراق ئادەملىكىنىمۇ كۆرمىگەن. ئەمما، سىنىڭ مېڭىش - تۇرۇشۇڭ، قەددى - قامىتىڭ، ناخشىلىرىڭغا قاراپ: ھەرقانچە غېرىب بولسىمۇ شۇنچىلىك بولغىيدى دەپ قالدىم. رەھمەت ئوغلۇم، سەن ھەقىقىي غېرىبنىڭ ئۆزىكەنسەن! — دېدى.

بۇ — ئەنە شۇ يىللاردا غېرىب - سەنەم ئويۇنىنى كۆرگەن بارلىق تاماشىبىنلارنىڭ باھاسى ئىدى. ئابدۇۋەلىنىڭ خەلق ئىچىدە «موزدۇز ناخشىچى» دىن «ئابدۇۋەلى جارۇللايوف» دېگەن تولۇق نام بىلەن شۆھرەت تېپىشىمۇ شۇ چاغلاردىن باشلاندى.

※ ※

«غېرىب — سەنەم» نىڭ غۇلجا شەھىرىدە پەيدا قىلغان داغدۇغىسى بەزى ناھىيىلەردىكى سەنئەتچىلەرگىمۇ ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا سۈيدۇڭ ناھىيىسى «غېرىب - سەنەم» نى تەييارلاپ، غېرىب رولىغا چىقىدىغان مۇۋاپىقراق ئارتىس تاپالماي، غۇلجا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ياردەم سورىغاندا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف دېكوراتسىيە خىزمەتچىسى شېرىپ دېگەن كىشىنى ئېلىپ سۈيدۇڭگە يېتىپ باردى. ئاز تەييارلىقتىن كېيىن سۈيدۇڭ سانايىنەپىسە خىزمەتچىلىرى ناغرىلارنى چېلىپ، ناھىيە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، «غېرىب - سەنەم» نىڭ ئوينىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. غېرىب رولىغا شەھەردىن كەلگەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ناھىيە خەلقى تەۋرەپ كەتتى.

بۇ ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا سۈيدۇڭدىكى سەنئەتچىلەر كۆپ كۈچ چىقاردى. سەنەم رولىغا مەلىكەم، ھەسەن ۋەزىر رولىغا ئىسمايىل (شاۋجۇ)، قۇرئەنداز رولىغا ئابدۇرېھىم يۈسۈپلەر چىقتى. ئەينى يىللاردا سۈيدۇڭدە نامى بار ھوشۇر سەتەڭ دېگەن كىشىمۇ روللاردا بولغانىدى. ۋارىسكام دېگەن كىشى دېكوراتسىيىنى بېزەش ئۈچۈن گۈل - يوپۇرماقلارنى قەغەزدە ماھىرلىق بىلەن قىيىپ چىقىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنىدى... ئويۇن بىر ھەپتە داۋام قىلدى. بۇ بىر ھەپتىدە «غېرىب - سەنەم» نى كۆرۈش قىزغىنلىقى سۈيدۇڭگە كۆچكەندەك بولۇپ قالدى.

※ ※

لېكىن، بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. 1937 - يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپت -

بەشىرىسىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. شۇ يىللاردا ئىلىنىڭ چوڭ خۆكۈمرانى چيۇ زۇڭجۇن ئىدى. چيۇ زۇڭجۇن شېڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى، ئىلى گارنىزونىنىڭ قوماندانى ئىدى، شۇڭا ئۇنى ھەممە «چيۇ سىلىڭ» دېيىشەتتى. شۇ چاغلاردا چيۇ سىلىڭ ئىلىغا ھەممىگە باب كېلىدىغان — ھەم تىياتىر، چاڭچىلە، كىنولارنى قويغىلى بولىدىغان، ھەم تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزگىلى، چوڭ يىغىنلارنى ئاچقىلى بولىدىغان كاتتا بىر كۇلۇب سالماقچى بولۇپ، كونا دوتەي يامۇلى (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇش سېلىشنى باشلىغان بولسىمۇ، كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغاچقا بۇ قۇرۇلۇشمۇ توختاپ قالدى. گۇمانخور شېڭ شىسەي ئۆز قېيناتىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىشپىيونلىرىنى سېلىپ قويغانىدى. ئاخىرىدا سېلىنماقچى بولغان بۇ كۇلۇب ئۈچۈن ھەر مىللەت بايلىرى ئىئانە قىلغان پۇللار ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ، بۇ ئىشمۇ يوق بولدى.

بارا - بارا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك تېررورلۇق ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئىلغار تىجارەتچىلەر، بايلار، «خائىن» دېگەن بەتنام ئاستىدا تۇركۇملەپ قولغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تېيىپ ھاجى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەرمۇ گۇمان بىلەن قولغا ئېلىندى. ئۇيۇشمىنىڭ مال - مۈلكى ۋە مىللەتلەر كۇلۇبى («ئۇ قا ق كۇلۇبى» ) مۇسادىرە قىلىندى. خەلقنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىيەت - مائارىپ، سەنئەت ئىشلىرى سوغا چىلاشقىلى تۇردى. كېيىن، ئامىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن ھۆكۈمەت مىللەتلەر كۇلۇبىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، يولسىزلىق بىلەن سېتىپ بېرىش شەرتىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇن

مىلىي خو ئاشلىق، قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسى ئون مىلىي تۇياق قوي چىقىرىپ كۆلۈبنى قايتۇرۇۋالدى. ئەمما، جەمئىيەتنى ئەنسىزچىلىك، تۇتقۇن قىلىش قاپلاپ كەتكەچكە سەنئەت ئىشلىرى بارغانسېرى سۇسلاپ كەتتى.

1939 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى غۇلجا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۈرۈمچىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن غۇلجىدىن سەيدۇللام رەخمىتۇللا، مەرۇپ ناسىرى، مەتتاھىر ھەسەن، ئىسمايىل قاتارلىق بىر قانچە قابىل ئارتىسلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتكەندى. يەنە شىڭ شىسەي تۇتقۇن قىلغان قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم قابىل زىيالىيلارمۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغانىدى. بۇلار ئۈرۈمچىدىكى ئابدۇكېرىم رازىيوف، ئابدۇگۇل، سىراجىدىن زەپەر، ياسىن ھەسەن، قەمبەرخانىم قاتارلىق كۈچلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى سەنئەت ئىشىنى خېلى ئوبدانلا جانلاندۇرغانىدى.

1942 ـ يىلى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفقا ئۈرۈمچىگە بېرىشكە توغرا كەلدى. ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى ـ ئىلى يولىدا تولىراق ھارۋىكەشلەر قاتنايتتى. بىرەر ماشىنىنى كۆرۈپ قالسا ئاتلار ئۈركۈپ تۇرالمايتتى. يوللار ئىنتايىن يامان ئىدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مىلىي تەسلىكتە بىر قارا ماشىنا بىلەن ئۇقۇشۇپ، يۈكنىڭ ئۈستىدە چايقىلىپ ئولتۇرۇپ، بەش ـ ئالتە كۈن دېگەندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىۋالدى. «نەنمېن» ئەتراپىدىكى بىر سارايغا چۈشتى. ئەتىسى يۇيۇنۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كوچىغا چىقىپ، ئۈرۈمچىدە «غېرىب ـ سەنەم» نىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ خەۋەر «ئىلىنىڭ غېرىبى» نى ھاياجانغا سالدى. باشقىلارنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» نى قانداق ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈش قىزغىنلىقىدا ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا

ئويۇن قويۇلۇۋاتقان كۇلۇبنى سۇرۇشتۇرۇپ تېپىپ باردى.

ئويۇن روزى ھاجىنىڭ مەسچىتى يېنىدىكى چوڭ كۇلۇبتا ئوينىلىۋاتاتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف كەلگەندە ئالىلبۇرۇن بېلەت سېتىلىپ بولغانىدى. ئۇ كۇلۇب ئالدىدا تەقەززا بولۇپ ئۇياق - بۇياقـقا مېڭىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز ئالدىدا مەرۇپ ناسىرىنىڭ قىزى رىزىۋان پەيدا بولۇپ قالدى. رىزىۋان:

— ۋاي ئابدۇۋەلىكامغۇ سىز، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— تۈنۈگۈن كېلىشىم. بۇ يەردە «غېرىب - سەنەم» نى ئويناۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كېلىۋىدىم. قارىماسىز بېلەت تۈگەپتۇ.

— بولدى يۈرۈڭ، ئىشىكتىكىلەر مېنى تونۇيدۇ.

ئۇلار كىرگەندە ئويۇن باشلىنىپ بولغانىدى، غېرىب رولىنى سىراجىدىن زەپەر، سەنەم رولىنى پەرىدە ئويناۋاتاتتى. ئابدۇۋەلى كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرۈپ قالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ غۇلجا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇچەدەرۋازىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف لۇتپۇللانى ئۇچەدەرۋازىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرىدا جىلتىسىنى بوينىغا ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان بالا ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ بىلەتتى. كېيىن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا پات - پات كېلىپ سانايىنەپىسىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ تۇرغانىدى... لۇتپۇللا شەپكىسىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، ھەدەپ بىرنېمە يېزىۋاتاتتى. ئۇ جارۇللايوفنى كۆرۈپ، يېنىدىكى بوش ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ سالاملاشتى - دە:

— ئابدۇۋەلىكا، قاچان كەلدىڭىز؟ ئۇرۇمچىنىڭ ئويۇننى غۇلجىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭا قانداقراقكىن، — دېدى.

— نېمە يېزىۋاتىسىز؟— دەپ سورىدى جارۇللايوف.

— «غېرىب - سەنەم» توغرىسىدا مۇلاھىزە يېزىۋاتىمەن. نەگە چۈشتىڭىز؟ ماقالەم پۈتكەندە سىزگە ئوقۇپ بېرىمەن. سىز غېرىب رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىغان ئارتىسقۇ...

سەھنىدە مەرۇپ ناسىرى جونەيدىل باغدادى رولىنى ئويناۋاتاتتى. ئابدۇگۇل قاراقچىلار باشلىقى رولىغا چىققانىدى، ئابدۇكېرىم رازىيوف شاھى ئابباس رولىدا ئىدى... ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ئابدۇۋەلى جارۇللايوف سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشتى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئۇرۇمچىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئەتراپقا يېيىلىپ كەتتى. كىشىلەر: «غۇلجىنىڭ غېرىب بولۇپ چىقىدىغان ئاتاقلىق ئارتىسى كەپتۇدەك، ناخشا ئېيتىدىغان بولسا ئاۋازى كۇلۇبنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك» دېيىشەتتى. بەزىلەر: «ئاشۇ ئارتىس غېرىب رولىغا چىقىپ بىر ئويناپ باقسا، كۆرسەك بوپتىكەن» دەپ تەلەپمۇ قىلىشتى... شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى جارۇللايوفنى چاقىرىپ سۆھبەتلىشىپ غېرىب رولىغا چىقىپ بىرنەچچە مەيدان ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇرۇمچىدە دەسلەپ غېرىب رولىغا قاسىمجان قەمبىرى چىققانىكەن. قاسىمجان قەمبىرى تۇرمىدىن چىقىپ قەمبەرخانىمغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، قەمبەرخانىم بۇ ئويۇندا «غېرىبنىڭ ئانىسى» رولىنى ئالغانىكەن. گەرچە بۇ سەھنىدىكى ئادەتتىكى بىر رول ئېلىش مەسىلىسى بولسىمۇ، بۇ ئىش جەمئىيەتتىكى بەزى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ پىتنە تېرىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇلار: «ئەر - خوتۇن تۇرۇپ، بىرى بالىسى، بىرى ئانىسى بولۇپ سەھنىگە چىقسا قانداق بولىدۇ. مۇنداق ئەر - خوتۇننىڭ نىكاھى دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ قاسىمجان قەمبىرىنىڭ غېرىب رولىنى ئېلىشىغا قاتتىق قارشىلىق قىلغان. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف غېرىب رولىغا چىقىشقا ماقۇل بولدى. ئەمما ئۇ: «ئۈرۈمچىدە غېرىب - سەنەمنى يەتتە پەردە سەككىز كۆرۈنۈشلۈك كونا كىتابى بويىچە ئويناۋېتىپسىلەر. ئاھاڭ، ناخشىلىرىنىمۇ تولۇقلىمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. دېكوراتسىيىلەرنىمۇ ئازراق ئۆزگەرتسەك بولغۇدەك. بىر ئاي تەييارلىق ۋاقىت بەرسەڭلار، ئاندىن ئوينىساق» دېگەن تەلەپنى قويدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئويۇننى باشقىدىن تەييارلاشقا قوشۇلدى. ئەمما تەييارلىق ۋاقتىنى ناھايىتى ئۇزۇن كۆردى. خېلى تالاش - تارتىشتىن كېيىن، تەييارلىق ۋاقتى ئاخىر ئون بەش كۈنگە توختالدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ مەسلىھەتى بىلەن غېرىب - سەنەم ئويۇنىغا مۇھىم تولۇقلاشلار ئېلىپ بېرىلدى. زىكرى ئەلپەتتانىڭ غۇلجىدا «غېرىب - سەنەم»گە ئىشلىگەن ئاھاڭلىرى ئېلىنىپ، ناخشا - سازلارمۇ بىرقەدەر مۇكەممەللەشتى. جارۇللايوف غېرىب رولىغا چىقىپ، بۇ ئويۇن قايتا ئوينالغاندا، تاماشىبىنلار «غېرىب - سەنەم»نىڭ ھەقىقەتەنمۇ جانلىق، تەسىرلىك چىققانلىقىنى كۆرۈشتى. جارۇللايوف ئۈرۈمچىدە يەنە بىر قېتىم شۆھرەتكە ئېرىشتى. شۇ قېتىم ئۇ ئۈرۈمچىدە سوغۇق چۈشكۈچە تۇرۇپ قالدى.

جارۇللايوف 1943 - يىلى باھاردا تەكلىپ بىلەن ئۈرۈمچىگە يەنە باردى. بۇ قېتىم ئۇلار «غېرىب - سەنەم»دىن باشقا «ئارشىن - مال ئالان»، «پەرھاد - شېرىن» ئەسەرلىرىنىمۇ قايتا تەييارلاپ قويدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئەسقەر، پەرھاد روللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ ئۈرۈمچىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ جارۇللايوفنىڭ سەھنىدە رول ئېلىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ماقالە يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان

قىلدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ يەنە غۇلجىغا قايتتى. ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن جارۇللايوف قايتىپ بارالمىدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

# ئىنقىلاب يىللىرىدا

گەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكىلى تۇردى. 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن پۇقرالارغا شىنجاڭ بويىچە ئون مىڭ ئات ئىئانە قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئېتى يوقلارنىڭ شۇ چاغدىكى شىنجاڭ پۇلىغا يەتتە يۈز يۈەندىن پۇل تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ ئېغىر سېلىق ئىـــلى، چۆچەك، ئالتايدىكى نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، ئۈنىڭسىزمۇ باشقا سېلىقلارنىڭ تۈرى يىگىرمە نەچچە خىلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كەتتى. 1944 ـ يىلى نىلقا تاغلىرىدا ئاخىر ئىـــنقىلاب ئوتى ياندى. بۇ يالقۇن ئۇلغىيىپ، تېزدىن غۇلجا شەھىرىگە تۇتاشتى. ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى ئوپۇر ـ توپۇرچىلىقتا سانايىنەپىسنىڭ پائالىيەتلىرى توختىدى. پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن خەلقنى تەشۋىش ۋە جىددىيلىك ئۆز قوينىغا ئالغانىدى.

— خوش، ئابدۇۋەلى، ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورايتتى بازاردىكى بۇرادەرلىرى.

— ئـۈرۈمـچـىـدىـمـۇ پالانچىنى قولغا ئاپتۇ، پوكۈنچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق. كۈندۈزى قارىساڭ يەنە ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئوقىتىنى قىلىۋاتقان...

— ھە، ھەرقانداق شۇملۇق بولسا كېچىسى قىلىدۇ ـ دە،

بۇ ئەبلەخلەر… مانا، ئىلقىدا يۇرىكى بار ئەرلەردىن بىرقانچىسى چىقىپتۇ، دەيدۇ.

شەھەردىكى ھەربىر مەھەللە ـ كوچىلاردا ھەربىر ئائىلە بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىدىغان تۇزۇملەر ئورنىتىلغانىدى. كىمنىڭ ئۆيىگە بولمىسۇن يىراق ـ يېقىندىن بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادىرى كېلىپ قونىدىغان بولسا، چوقۇم گەيجاڭ (مەھەللە باشلىقى) لارغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، رۇخسەت ئالىدىغان گەپ ئىدى. ئىلقىدىن قوزغىلىپ چىققان ئىنقىلابچىلار ئۇستىدە ھۆكۇمەت: ئىلقىدىن چىققان ئالتە ئوغرىنىڭ ئۆتۇكىدىن تارتىپ باش كىيىمگىچە خۇددى كېپەننى كىيىۋالغاندەك ئاپئاق ئىكەن؛ بۇ ئوغرىلار كۇندۇزى كۆرۈنمەي كېچىسى پەيدا بولىدىكەن؛ قەيەرگە ئوغرىلىققا چۇشسە بۇلاپ ـ تالاپ ھېچنېمىنى قويمايدىكەن؛ ئادەملىرىنىڭ ماڭسا سايىسى، يول يۇرسە ئىزىمۇ قالمايدىكەن… دېگەندەك خىلمۇخىل ئىغۋالارنى تارقىتىۋەتكەنىدى.

بازار ئىچىدە خەلقنى ئىتتىپاق بولۇپ ئەكسىيەتچى ھۆكۇمەتكە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان تەشۋىق ۋەرەقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاز ئۆتمەي، ئىلقىدىن چۇشكەن پارتىزانلارنىڭ توپادەڭدىكى تۇرمىگە ھۇجۇم قىلىپ، قامىلىپ ياتقان بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر شەھەرگە پۇر كەتتى. ئەمدىلىكتە شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ تېگىپلا كەتسە پارتلاپ كېتىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

بىر كۇنى، سەھەر ۋاقتىدا جارۇللايوفنىڭ دەرۋازىسىنى بىرى ئۇردى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا قولىدا ئاپتومات تۇتقان ئىككى ـ ئۇچ كىشى تۇراتتى. سالامدىن كېيىن ئۇلار ئىچىشكە سۇ

سورىدى.

— ئاسماندىن چۈشتۈڭلارمۇ، نەدىن كەلدىڭلار؟ قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار!

— ئالدىرايمىز، — دەپ هويلىغا كىرىپ توختىدى ئۇلار، هەربىرى گۈپۈلدىتىپ بىر - ئىككى چۆمۈچتىن ئۇسسۇزلۇق ئىچىشتى.

جارۇللايوف ئابدۇكېرىم ئاباسوفنى كىچىك چېغىدىنلا تونۇيتتى. ئاباسوف بالا ۋاقتىدا هۈسەينىيە مەكتىپىدە[1] بىر مەزگىل ئوقۇغانىدى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئويۇن قويغاندا ئۇ لەپەرگە چىقاتتى. ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىدىمۇ غۇلجىغا كەلسىلا سانايىنەپىسىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتى. «ئۆز مۇهىت» ئوخشاش سەهنە كىتابلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى سەنئەت ئۆمەككە ئابدۇكېرىم ئاباسوف يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ئاكىسى ئابلىز، جارۇللايوفنىڭ يېقىن ئادىمى ۋە بازاردا بىللە ئوقەت قىلىدىغان شېرىكى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭ دادىسى هاشىم ئاقساقال شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن غۇلجىدا قولغا ئېلىندى. ئارقىدىنلا ئابدۇكېرىم ئاباسوف ساۋەنگە پالاندى. مانا شۇ چاغلاردا ئابلىز بىلەن جارۇللايوف ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغانلاردىن ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا خەت - خالتا ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. خوش، ئۇلار بۈگۈن بۇ قاق سەهەردە نەدىن پەيدا بولۇشقاندۇ؟!...

— بىز خائىن لىۇ بىندېغا خەلقنىڭ هۆكۈمى — ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىپ كەلدۇق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان خىيالنى سەزگەندەك، — سىز ئىنقىلاب قىلىشنى خالايدىغان تونۇشلىرىڭىز بولسا باشلاپ چويۇن زاۋۇتىغا بارارسىز. شۇ يەرگە توپلاشماقچىمىز.

---

[1] هۈسەينىيە مەكتىپى — هازىرقى غۇلجا شەهەرلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشتى - دە، قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق تېز كۆزدىن غايىب بولدى. جارۇللايوف، «لىيۇ بىندې ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن گەپنىڭ تەسىرىدە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. «شۇ لىيۇ بىندې راستتىنلا ئۆلگەن بولسا - ھە!»

لىيۇ بىندې گومىنداڭنىڭ ناھايىتى تەسىرى چوڭ ساقچى ئەمەلدارى ئىدى. ئۇ «قالايمىقانچىلىق»لارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن غۇلجىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنى قولىغا ئېلىپ غۇلجىغا كەلگەنىدى. كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ لىيۇ بىندې ئىككى قوللۇق ھىيلىگەرلىك ۋاستە قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن خەلقنى باستۇرۇش ئىشىغا قول سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي زاتلارنى، خەلق ئىچىدە تەسىرى بار شەخسلەرنى ھەدەپ ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ تېخىمۇ رەزىل شۇملۇقلارنى پىلانلاپ يۈرگەنىدى. لىيۇ بىندې ئەسلىي غۇلجىلىق خۇيزۇ ئىدى. ئىلىدىكىلەر ئۇنى «مۇخەممەر»مۇ دېيىشەتتى. ئۇ كۈندۈزى دىنىي زاتلارغا نەزىر بېرىپ، خەتمىقۇرئان قىلدۇرسا، كېچىسى زىيالىيلارنى چاقىرىپ ھاراق زىياپىتى ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، سانايىنەپىسىدىكى بىر قىسىم مۇھىم كىشىلەرنىمۇ ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى. لىيۇ بىندېنىڭ پارتىزانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك ئىش بولدى...

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مەھەللىسىدىكى يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەم بىلەن چويۈن زاۋۇتىغا يېتىپ بارغاندا، بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن نۇرغۇن ئادەم توپلىشىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئۇزۇن بولمىغان قاسىمجان قەمبىرى، مەھەممەتجان مەخسۇم، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف.

قاتارلىق كىشىلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. گومىنداڭچىلارنىڭ بىر ئايروپىلانى شەھەر ئاسمىنىدا پەسلەپ ئۇچۇپ، «ئالتە ئوغرىغا ئەگەشمەڭلار» دېگەن تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى دەممۇدەم تاشلاپ تۇراتتى. پارتىزانلار ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار يېزىپ چىققان، «بىز ئوغرى ئەمەس، توغرا···» دېگەن تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقاتماقتا ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا: بىر قىسىم پارتىزانلارنىڭ ھازىر پىلچى خاڭ، سۇيدۇڭ تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلىپ باشكۆۋرۈك ئەتراپىغا توپلانغانلىقى، بۇ يەردە ھازىر شۇ پارتىزانلار بىلەن قوشۇلۇپ باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر بولۇنماقتا ئىدى. راست دېگەندەك، شۇ كېچىدىلا بۇ پىلان ئورۇندىلىپ، باش ساقچى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىشىمۇ ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن سانايىنەپىسىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ ياشلىرى قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە قېتىلدى. يېشى ئوتتۇز بىلەن قىرىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىلەر شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ياشتا چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئۆي ـ ئۆيىگە تارقىلىپ، كۈندىلىك تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئىنقىلابچىلار شەھەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، تېزدىن ئامانلىقنى ساقلاش ساقچى ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەخىمجان سابىرھاجىيوف، ماسكالوپ ۋە كېيىن نەبىجان قاتارلىق كىشىلەر بولغانىدى. شەھەردىكى تۆت ئورۇنغا ساقچى شۆبە ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. زىيا سەمىدى، نايۇپجانلار خەنزۇ بازىرىدىكى ساقچى شۆبە ئىدارىسىنى باشقۇردى؛ قازانچىدىكى ساقچى شۆبە ئىدارىسىگە ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئاسىلقان، ئابدۇقادىرلار مەسئۇل بولدى؛ شەھەر

ئىچىدىكى ساقچى شۆبە ئىدارىسىگە چۆچەكتىن كەلگەن توختى ئەلىموف، تۇرسۇن بايۋەچچىلەر رەھبەرلىك قىلدى؛ دەڭدەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ساقچى شۆبە ئىدارىسىدە ئابلا زاكىروف، ئەزىز قاراباشوف، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلار مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆتىدى.

ئامانلىقنى ساقلاش ئەترىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا تېخى ھەيرانباغ، ئايروپورت، لياڭشاڭلاردا گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرى جان تالىشىۋاتقان بولۇپ شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدە ئىشلىنىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ساقچىدىكىلەر دائىم شەھەر خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، خەنزۇ پۇقرالارغا «دەخلى قىلىنمىسۇن» دېگەندەك مەزمۇندىكى يەڭ بەلگىلىرىنى تارقىتىپ بېرىش، ئوغرى، بۇلاڭچى ۋە شەھەر ئىچىدە ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن دۈشمەن جاسۇسلىرىغا زەربە بېرىش ئوخشاش ۋەزىپىلەر بىلەن كېچە ـ كۈندۈز ئالدىراش بولاتتى.

تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بەزىدە ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكېلىدۇ. سەھنىدە شۆھرەت قازانغان «غېرىب» ئەمدىلىكتە تولۇق ساقچى فورمىسىنى كىيىپ، ناچالنىك ئۇنۋانى بىلەن 1944 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ ئۇنىڭ سەنئەت ئىشى بىلەن ئۆتكەن پۈتۈن ھاياتىدىكى كىچىككىنە قىستۇرما ۋەقەلىكتەك بىر ئىش بولدى. ئەمما، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ھايات سەھنىسىدىكى بۇ رولنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئالدى. ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفقا بۇ مەزگىلدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپات ۋە مېداللارنى بەردى.

※ ※

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن، كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، سانايىنەپىسنى قايتا تەشكىللىدى. بۇ سەپكە يەنە قازاق، ئۆزبېك، تاتار، شىبە ئوخشاش ھەر مىللەت ئارتىسلىرىمۇ قېتىلىپ، سانايىنەپىسنىڭ ئىسمى — «ئىتتىپاق تىياتىرى» بولدى. ئاساسلىق ئارتىسلارنىڭ ھەممىسىگە رەسمىي مائاش بەلگىلەندى. سەھنە جاھازلىرى ۋە ئارتىسلارنىڭ سەھنە كىيىملىرى تولۇقلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك باشقىلاردىن ئارىيەت ئەكېلىنىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىلدى.

دەسلەپتە ئابدۇۋەلى جارۇللايوف تىياتىرغا قايتىپ كېلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە: سەھنىلەردە كىتابلاردىكى قەھرىمانلارنى دوراپ ئارتىسلىق قىلغاندىن كۆرە، قورال تۇتۇپ، ئىنقىلابقا بىۋاستە قاتنىشىش ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئىتتىپاق تىياترىنىڭ تەشكىللىنىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئابدۇۋەلىنى چاقىرتىپ سۆھبەت ئېلىپ باردى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى ئەخمەتجان ئەپەندى بىلەن ئىلى گېزىتخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە كۆرۈشتى. ئەخمەتجان ئەپەندى بېشىغا مانچىستىر قىزىل دوپپا كىيگەن بولۇپ، كىيىملىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى.

— ئاڭلىدىم، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ساقچىدا يامان ئەمەس ئىشلەپسىز. يەنە داۋاملىق ئىشلەپ قېلىش ئارزۇيىڭىز بار ئىكەن.

— شۇنداق ئەپەندىم.

— يېقىندا، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن تۈزۈشكەن بىتىمدا،

«مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش» دېگەننى ئالاھىدە بىر ماددا قىلىپ كىرگۈزدۇق. قوراللىق ئۇرۇش تۈگەيدۇ، لېكىن خەلقنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ... بۇنى چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن جارۇللايوف؟

— چۈشىنىمەن ئەپەندىم.

— ھەببەللى، سىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ساقچىنىڭ گېنېرالى بولغىنىڭىزدىن، سەھنىنىڭ ئاددىي ئارتىسى بولغىنىڭىز ئەھمىيەتلىك. سىزنىڭ ساقچىدىكى ئورنىڭىزغا ھازىرلا باشقا بىرەيلەننى يۆتكەپ كېلىپ تولۇقلاشقا بولىدۇ. ئەمما، خەلقنىڭ سىزدەك بىر ئارتىسنى يېتىشتۈرمىكى ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس...

بۇ گەپلەر جارۇللايوفقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ شۇ كۈنىلا ئىتتىپاق تىياتىرىغا بېرىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

بۇ قېتىم تىياتىرغا يەنە ھۇسەنجان جامى قاتارلىق نۇرغۇن ياش كۈچلەرمۇ كېلىپ قوشۇلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تۈزگەن تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى سەنئەتچىلەر ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ۋەزىيەتتە سىراجىدىن زەپەر، ئابدۇگۇل، ھۆرىيەت، قادىر رازى، ئابدۇكېرىم رازىيوف، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، ھۆرنىيازخان، ئەزىزەم قاتارلىق بىر تۈركۈم سەنئەتچىلەرنى ئۈرۈمچىدىن ئۈچ ۋىلايەتكە جەلپ قىلىپ ئەكېلىپ ئىتتىپاق تىياتىرىنى كۈچەيتتى.

ئىتتىپاق تىياتىرى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن ئاتاقلىق رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ سۇنۇقى تومۇرغا مېڭىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ھەممە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىندى... قايتا تەشكىللەش بولغاندا سىراجىدىن زەپەر تىياتىر باشلىقى بولدى. ئابدۇۋەلى

جارۇللايوف، ئابدۇگۇل، ئابدۇكېرىم رازىيوفلار كەسپىي بۆلۈمگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ يىللاردا مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇللاردا كۆپلىگەن يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. تىياتىر ھال سوراش ئۆمەكلىرى تەشكىللەپ بورتالا، جىڭ، كەڭساي، شىخو، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىغا ئويۇن قويدى. شۇ يىللاردا نىمشېھىتنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» ئەسىرى، «غېرىب ـ سەنەم»، «قانلىق داغ»، «غۇنچەم»، «گۇلنىسا»، «باي ۋە مالاي»، «ئارشىن ـ مال ئالان»، قازاقچە «بوز يىگىت»، «قالىڭ مال»، «قىزچىبەگ»، «شۇغا»، «ئىرتارغىن» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوينالدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن يەنە ئاساسلىق روللارنى ئالدى. ئۇ ئىجرا قىلغان «جۇنۇن»، «قارا دەيدۇ»، «دەردىڭ يامان»، «ئالتۇنۇم» دېگەن خەلق ناخشىلىرى فرونتتىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ چاغدىمۇ بەزى جەڭچىلەر تۆۋەندىن خەت چىقىرىپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ناخشىلارنى ئورۇنداپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

# بەشنچی قسم

# سەپەر

1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەن ئىلى «ئىتتىپاق تىياتىرى» رەسمىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىياتىر بولۇپ قۇرۇلدى. شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ئىدارە - مەكتەپلەردىن مەھەللىلەرگىچە سەنئەت كورۇژوكلىرى تەشكىللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشىدىكى قاينام - تاشقىنلىق يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تىياتىر ئەينى يىللاردىكى «يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى» ئوخشاش ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ جايلارغا بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى. ھۇسەنجان جامى مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «ئازاد زامان»، ئابدۇنەبى ماناپوف ئىشلىگەن «ئاشۇ باغ»، «ئىشلە ئىشچان دېھقانلار» دېگەندەك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناخشا - سازلار بارلىققا كەلدى. تىياتىر يەنە «قانلىق داغ»، «غۇنچەم»، «گۇلنىسا»، ماناپ قادىرنىڭ «زومىگەرلەر خەلق قولىدا» دېگەنگە ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىدى. بۇ دەۋردە ئابدۇۋەلى جارۇللايوف سەھنە كىتابلىرىدا داۋاملىق رول ئېلىش بىلەن يەنە رېژىسسورلۇق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. تۆۋەنگە بېرىپ ئويۇن قويغان چاغلاردا ئۇ ئېيتقان «ئورما ناخشىسى» دېھقانلار ئەڭ سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ناخشا بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف 1951 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە يەنە ئەھمىيەتلىك بىرقانچە سەپەرلەردە بولدى.

## ئون بەشىنچى باب

# مۇقام ئۇستازى بىلەن بىللە

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. ئون ئىككى مۇقام — خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئەسىرلەر مابەينىدىكى سەنئەت تارىخى، بەدىئىي دىتى، تەپەككۇرى، مۇزىكا تۇيغۇسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان مۇزىكا قامۇسى، شۇنداقلا ئۇ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ، بىر دەملىك قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، مىللىتىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل كۈيى جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەر، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە سىزىپ قالدۇرۇلغان ساز ئەسۋابلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، سازەندە، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئاجايىپ ئوبرازلىرى خەلقىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىنىڭ ناھايىتىمۇ يىراقتىن باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئاھاڭلارنىڭ مەيدانغا كېلىش دەۋرى ئىسلام دىنى ۋە بەلكى بۇددا دىنلىرىدىنمۇ ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئون ئىككى مۇقام ئاشۇ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلق ئاھاڭلىرى ۋە ھەربىر دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر كۈيچىلەرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ توپلاپ، رەتلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق مول بايلىقنىڭ ئۆز ئاھاڭ تەرتىپلىرى بويىچە رەتلىنىپ، تولۇقلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە

قىلىپ تۇرغۇزۇلۇشى — مىللىتىمىزنىڭ مۇستەھكەم بىرلىككە، پاراۋانلىققا، ئۆزۈن يىللىق تىنچلىققا ئىگە بولغان بىر دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ۋە بۇ خىزمەتنىڭ ئەنە شۇ دەۋردە ئورۇندالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئون ئىككى مۇقامدەك مۇنداق بىر چوڭ مۇزىكا قامۇسىنى تىكلەش ئۈچۈن خەلق بىلەن ھاكىمىيەت تەڭ قاتناشماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى... يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئون ئىككى مۇقام مىللىتىمىزنىڭ بارلىق خەلق ئاھاڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىردىنبىر قامۇسمۇ ئەمەس، بۇ قامۇس ئىچىگە كىرمىگەن نۇرغۇن ئاھاڭلار يەنە خەلق ئىچىدە چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ كۈي بايلىقىنىڭ ناھايىتىمۇ مولluقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇقام — شەخسلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يەككە ئولتۇرۇپ ئورۇندايدىغان سازى ئەمەس، ئۇ چوڭ بىر كوللېكتىپنىڭ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساستا كىرىشتۈرۈلگەن مۇزىكا تەرتىپى. ھەربىر مۇقامنىڭ باشلىنىش مۇقەددىمە قىسمى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە تېكىستلەر بىلەن سالماقلىق، مۇڭلۇق ئېيتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەنە شۇ چوڭ سورۇندىكى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى يىغىش، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى مۇزىكا دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇقام ئۆزىنىڭ سىرلىق تىللىرى بىلەن تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم يېڭىلىنىپ، بارغانسېرى شوخ پەدىلەرگە، كوللېكتىپ ئورۇندىلىدىغان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاھاڭلىرىغا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ يەنە مەرغۇللىرى، چۇشۇرگىسى بولىدۇ. بۇ ھال بىزگە خۇددى كىرىش سۆزى، باب، خاتىمىلىرى تولۇق يېزىلغان مۇكەممەل بىر ئەدەبىي ئەسەرنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىنىڭ پارچىلىنىشى، چوڭ ـ كىچىك

يېغىلىقلار، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى، قۇملۇقلارنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ تارىم ۋادىسىدىكى نۇرغۇن بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى يىراقلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىشى قاتارلىق خىلمۇخىل تارىخىي ھادىسىلەر تەسىرىدە مىللىتىمىزنىڭ سەنئىتى بەزىدە روناق تېپىپ گۈللەندى، بەزىدە ئاجىزلاپ كەتتى... بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەيران قىلىشى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە مىللىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى جۇشقۇن دەۋرى ئۆتۈپ، ئون ئىككى مۇقام يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خەۋپنى دەرھال تونۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە قول سالدى. 1950 ـ يىلى سەنئەت ئەربابى، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بايقاپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. بۇ بايقاش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىنتايىن قىممەتلىك بايقاش ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى 30 ـ يىللاردا ئىلىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە سانايىنەپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ئەينى يىللاردا ئىلىدىكى ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ھۇسيىن تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى ئورۇندىغان مۇقام ئاھاڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، مۇقام ئاھاڭلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يېتىلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بۈيۈك بىر مۇقام سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىنىڭ تۇنجى بېتىنى ئېچىپ بەردى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. سەيپىدىن ئەزىزى دەرھال تەستىق سېلىپ، تۇرداخۇن ئاكا باشلىق

سەنئەتكارلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇش بىلەن يەنە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى نوتىغا ئېلىش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى كومپوزىتور ۋەن تۈڭشۇنى ياردەمگە چاقىردى.

بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاددىي بىر قورۇدا ئېلىپ بېرىلماقچى. 1951 - يىلى ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش خىزمىتىگە قاتنىششقا غۇلجىدىن روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوفمۇ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلدى. بۇ يەردە جارۇللايوف جەنۇبىي شىنجاڭدىن چاقىرتىلغان ئاتاقلىق مۇقامچى تۇرداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇرئاخۇن بىلەن تونۇشتى. سەنئەتچىلەرنىڭ يېتىپ - قوپۇشى، تاماقلىنىشى ۋە ئۈنئالغۇغا ئاۋاز بېرىشى ئۈچۈن ئاشۇ قورو ئىچىدە ئالاھىدە ئۆيلەر ھازىرلانغانىدى، مەخسۇس بىر ئاشپەز ئۇلارنىڭ تامىقىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۈنئالغۇغا ئېلىش، نوتىغا خاتىرىلەش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ۋەن تۈڭشۇ باشلىق ئۈچ - تۆت مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرى ھازىر بولدى. تەرجىمە ۋە تېكىستلەرنى خاتىرىلەش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئايدۇكېرىم خوجايوف، تېيىپجان ئېلىيوف، ئارتىس ئايىمجان قاتارلىق يولداشلارمۇ قاتناشتى.

1880 - يىللىرى ئەتراپىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى مۇھەممەت موللا (كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم) غۇلجىدا تۇرغان قىرىق يىلدىن ئوشۇق ئۆمرى ئىچىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۇرۇپ، ئىلىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان قىسمىنى بىرقەدەر كەڭ تارقاتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى مۇقامچىلىق يەنىمۇ راۋاجلانغانىدى. مۇھەممەت موللىنىڭ شاگىرتلىرىدىن مەتىمىن ئاخۇن مۇقامچى، ھاسان تەمبۇر، ھۈسيىن تەمبۇر، بارات تەمبۇر، روزى تەمبۇر، جامى ئاكا،

ئابلا تەمبۇر قاتارلىق مەشھۇر نەغمىچىلەر مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېيتىشتا ئۇنىڭغا يەنە ئىلى ناخشىلىرىنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ، بۇ ئاھاڭلارنى تېخىمۇ يېقىملىق، شوخ قىلىپ، يېڭىچە تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. جارۇللايوف ئۆز ئۆمرىدە ئەنە شۇ ساز ئۇستىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى كۆرگەن. بۇ قېتىم تۇرداخۇن ئاكا ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

تۇرداخۇن ئاكىنىڭ يېشى شۇ چاغلاردا يەتمىشتىن ھالقىغانىدى. ئۇ دۈگىلەك يۈز، ئوتتۇرا بوي، ساقاللىق كەلگەن، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. مىجەزى ئوچۇق، پاراڭچى كىشى ئىدى. شۇ قېتىم ئۇ ئۈرۈمچىگە يەكەندىن كەلگەنىدى. تۇرداخۇن ئاكىنىڭ پاراڭ سېلىپ بېرىشىچە: ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۇستا سازەندە ئىكەن. تۇرداخۇن ئاكا ياش ۋاقتىدا ساز ئۆگىنىشكە ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان، ئۆگەنگەنلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن كۆپ يۇرتلارنى ئارىلاپ، نۇرغۇن ئۇستىلارنى كۆرگەنىكەن. ئۇ ساقلاپ كەلگەن ئون ئىككى مۇقام تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئەنە شۇنداق بىر ئۆمۈر چەككەن رىيازىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى تۇرداخۇن ئاكا بىلەن روزى تەمبۇرنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئۇسلۇبىدىكى ئېيتىشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم لېنتىغا ئېلىندى. شۇ چاغدا روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئورۇندىشىدا لېنتىغا ئېلىنغان مۇقام ئاھاڭلىرى ئون ئىككى مۇقەددىمە، يىگىرمە ئىككى داستان، يىگىرمە ئىككى مەرغۇل، قىرىق تۆت مەشرەپ بولۇپ جەمئىي يۈز نەغمە ـ ئاھاڭ ئىدى؛ تۇرداخۇن ئاكا ئورۇندىشىدا لېنتىغا ئېلىنىدىغان ئومۇمىي نەغمە سانى بولسا ئىككى يۈز ئەللىكتىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ چاغدىكى ئۈنئالغۇنىڭ شەكلىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئورنىغا غالتەككە ئورىلىدىغان سىم ئىشلىتىلەتتى. تۇرداخۇن ئاكا مۇقام ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئوغلى

ھوشۇرئاخۇن يېنىدا ئولتۇرۇپ داپ بىلەن تەڭكەش قىلاتتى. ئۇلار بىر ـ ئىككى سائەت چېلىپ، دەم ئېلىشقا ئولتۇرغاندا روزى تەمبۇر ئېيتاتتى، بۇ چاغدا جارۇللايوف داپ بىلەن تەڭكەش قىلاتتى ۋە مۇقامنىڭ داستان قىسمىدىكى ناخشىلارغا قوشۇلاتتى.

تۇرداخۇن ئاكا تۇنجى قېتىم ئۇنىئالغۇدىن ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ:

— بۇمۇ بىر كارامەتكەن جۇمۇ! شۇنچە ياشقا كەلگۈچە خەلققە ناخشا توۋلاپ بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزۈم ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن...، — دېدى.

تۇرداخۇن ئاكىنىڭ سۆزلىرى ئەنە شۇنداق ئاددىي ۋە مەنىلىك ئىدى. بىر كۈنى جارۇللايوف:

— تۇرداخۇنكا، مۇشۇ مۇقام دېگەننىڭ مەنىسى زادى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىۋىدى، تۇرداخۇن ئاكا:

— ئابدۇۋەلى، مۇقام دېگەن ئالتۇن قوزۇق، روھىي ئوزۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىئالغۇغا ھەر كۈنى تۆت ـ بەش سائەت ناخشا بېرىلەتتى، ئاندىن دەم ئېلىش بولاتتى. بۇ چاغدا، تەگرىتېغىنىڭ ئىككى ئېتىكىدىن كەلگەن بۇ مەشھۇر نەغمىچىلەر قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى تۇرداخۇن ئاكا روزى تەمبۇرنىڭ تەمبۇر چېلىشىغا زوقى كېلىپ:

— ئوغۇل بالا، سىلى بۇ ھۈنەرنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇھەممەت موللامدىن، — دەپ كاۋۇشاڭ ئاخۇنۇم توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەردى روزى تەمبۇر.

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان. مەھەممەت موللامنى سازدا كامالەتكە يەتكەن ئادەم، دەپ ئاڭلىغان، — دەپ تەستىقلىدى تۇرداخۇن ئاكا، — ئىلىلىقلارنىڭ مۇھەممەت موللامنى «كاۋۇشاڭ ئاخۇنۇم» دەيدىغىنىمۇ قىزىق گەپكەن ـ ھە؟...

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە: ئىلگىرى قەشقەرلىق مۇقامچىلاردىن ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم ـ سېلىم، يەكەنلىك مۇقامچى سېتىۋالدى دېگەن كىشىلەر ئۆتكەن. مۇھەممەت موللىنىڭ ئاتىسى ئەمەت موللا ئەنە شۇ ھېلىم ـ سېلىملارغا تۇغقان كېلىدۇ. ئۆزىمۇ كاتتا چالغۇچى ئىكەن. مۇھەممەت موللا ئەنە شۇ مۇقامچىلاردىن، دادىسىدىن، مېنىڭ دادام تەۋەككۇل ئاخۇنلاردىن مۇقام ئۆگەنگەنىكەن.

— كاۋۇرۇشاڭ ئاخۇنۇم ئىلىغا قىرىق يېشىدا چىقىپ، ئىلىدا قىرىق يىلدىن ئوشۇق تۇرغانىكەن. بىز چوڭلاردىن: كاۋۇرۇشاڭ ئاخۇنۇم يۇرتتىكى ناھەقچىلىكلەرگە چىدىماي، ئىلىغا قېيىداپ يېنىپ چىققانىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق. نېمە ناھەق ئىشلار بولۇۋىدىكىن؟...

— ھەي روزاخۇن، — دەپ روزى تەمبۇرگە مۇراجىئەت قىلدى تۇرداخۇن ئاكا، — نېمە ناھەقچىلىكلەر بولاتتى. بىزگە ئوخشاش ساز چالىدىغان ئادەملەرنى خەلق قوينىغا ئالغان بىلەن سوپى، ئىشانلار ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ. مانا، بەدۆۋلەت (ياقۇپبەگ) زامانىسىدا ئاتاقلىق مۇقامچى بائىز ساتارنى مەھكىمە شەرئى گۇناھ ئارتىپ، ئۆزىنىڭ ساتارىغا باغلاپ زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن... مانا مېنىڭ چوڭ بوۋام ئىبراھىم قالۇن، بوۋام ھاشىم ساتتار، چوڭ دادام قاۋۇل قالۇن، دادام تەۋەككۇل ئاخۇنلار بولۇپ بىرنەچچە ئەۋلاد ئەلنەغمە بىلەن ھەپىلەشكەنلەرمىز. ئۆتمۈشنىڭ ھۆكۈمەت، بەگ ـ غوجاملىرىدىن تارتىپ مەھكىمە شەرئىلىرىگىچە بىزگە قانچىلىك راباۋەت بولغان دەيلا. مۇھەممەت موللامنىڭمۇ زەردىسىنى قايناتقان ئىشلار بولغان بولغىيدى... سىلى ئۇ زات بىلەن قانچە يىل بىللە بولغانتىلە؟

— ئىلىنىڭ ئادەملىرى مۇقامنىڭ داستان قىسمىنىلا ئۆگىنىپ، قالغان ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىشكە ئانچە كۆڭۈل شىمىگەنىكەن. بۇ ئىشقا كاۋۇرۇشاڭ ئاخۇنۇم ناھايىتى

ھەيران بولغانىكەن. مەن مەرھۇم بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ - تۆت يىللا بىللە بولۇپ قالدىم. بۇرۇنراق تونۇشقان بولسام كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدىكەنمەن، — دېدى روزى تەمبۇر.

تۇرداخۇن ئاكا يېنىدىكى ئوغلىغا قاراپ:

— مانا قارا، ماۋۇ ئوغۇل بالىنىڭ جىگىرىنى. سەنزە مېنىڭ قېشىمدا يىگىرمە يىل داپ چالدىڭ، مۇشۇ ئوغۇل بالىچىلىكمۇ بىرنېمە ئۆگەنمىدىڭ، — دېدى.

روزى تەمبۇر تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىشتىكى پىششىقلىقىنى، ئاھاڭ، تېكىستلەرگە بايلىقىنى كۆرۈپلا بۇ كىشىنىڭ كۈچلۈك بىر مۇزىكا ئۇستىسى ئىكەنلىكىگە قول قويغانىدى. تۇرداخۇن ئاكىمۇ روزى تەمبۇرنىڭ تەمبۇر چېلىشتىكى ماھىرلىقى، ئاھاڭلارنى ئورۇنداشتىكى نەپىسلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ تالانتلىق سازەندە ئىكەنلىكىگە باھا بېرىپ بولغانىدى. بۇ ئىككى ساز ئۇستىسىغا بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئارتۇقچە سۆز كەتمەيتتى. روزى تەمبۇر تۇرداخۇن ئاكىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، تۇرداخۇن ئاكا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىگە ئىشلىتىدىغان ئاددىي تىلى بىلەن روزى تەمبۇرنى «ئوغۇل بالا» دەپ ماختايتتى.

تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئاۋازى ساپ، يېقىملىق ئاۋازلاردىن ئىدى، ئۇ مۇقام تېكىستلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق ئالاتتى. بۇ زاتنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بۇنچە ئاھاڭ، تېكىستلەرنى تېنىمەي، شۇنچە راۋان بايان قىلىشى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايتتى. تۇرداخۇن ئاكا مۇقامنى خۇددى نامازدا ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سول قولىدىكى ساتارنىڭ بېشىنى سول يوتىسىغا تىرەپ ناھايىتى ئەستايىدىل ئېيتاتتى. مۇقام باشلىغاندا گويا كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن نەرسىنى ئۇنتۇپ، غايىبانە بىر ئالەمگە كەتكەندەك كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئېيتقىنىچە ئاخىرىنى چۈشۈرۈپ بىراقلا توختايتتى.

بەزى كۈنلىرى، كەچتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ:

— قېنى، ئىلىنىڭ ناخشىلىرىنى بىر ئاڭلىمايلىمۇ! — دەپ قالاتتى.

مۇنداق چاغلاردا روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. جارۇللايوف تۇنجى قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەندە تۇرداخۇن ئاكا:

— ئوغۇل بالا! — دەپ جارۇللايوفنىڭ قولىنى سىقتى، — بۇ ناخشىلار قۇيرۇقنىڭ پۇرىكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان چىڭ ناخشىلار ئىكەن جۇمۇ!... ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ھەرەمگە بارالمىساممۇ ئىلىنى بىر كۆرسەم بولغۇدەك...

ئەپسۇسكى، تۇرداخۇن ئاكىغا ئىلىغا كېلىش نېسىپ بولمىدى. شۇ قېتىم، ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئۇلۇغ زات يەكەندە ئالەمدىن ئۆتتى. روزى تەمبۇر 1957 - يىلى ئەللىك يەتتە يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولدى. شۇم ئەجەل قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىككى مۇزىكا ئالىمىنى ئارىمىزدىن ئەكەتتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا بىز ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقتا بولسىمۇ، ناھايىتى ۋاقتىدا قىلىنغان ئۇلۇغ بىر خىزمەت بولغانلىقىنى چۈشەندۇق... لېكىن، بىزنىڭ بۇ چۈشەنچىمىزنى ھازىرچە يەنە تازا چوڭقۇر دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. تونۇش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئەۋلادلىرىمىز تېخى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەيدۇ ۋە بۇ ھەيكەل يېنىدىكى خاتىرە تاشقا ئەينى ۋاقىتتا ئون ئىككى مۇقامنى خاتىرىگە ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ نامىنى ئويۇپ قالدۇرىدۇ. كەلگۈسىدە يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئون ئىككى مۇقام لېنتىغا ئېلىنغان ھېلىقى ئاددىي قورومۇ خاتىرە ئۆيىگە ئايلىنىشى، ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش باشلانغان كۈن — تۇرداخۇن ئاكىنى خاتىرىلەش بايرام كۈنى قىلىنىشى مۇمكىن...

# ئون ئالتىنچى باب

## جەنۇبقا سەپەر

جەنۇبىي شىنجاڭ — ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يۇرتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ بازىرىدىكى جەنۇبلۇق كاسىپلار، جارۇللايوف ئىشلىگەن تېرە زاۋۇتىدىكى جەنۇبتىن چىققان ئاجايىپ ئۇستاملار، چايخانىلارنى ئاۋات قىلىدىغان مۇساپىرلار، شەھەر بازارلىرىدا راۋاب چېلىپ يۈرگەن ھېلىقى «شاكىچىك»... بۇلارنىڭ ھەممىسى جارۇللايوفنىڭ يۈرىكىدە ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا جەنۇبىي شىنجاڭنى بىر كۆرۈش ئىستىكىنى قوزغىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بەختىگە، ئون ئىككى مۇقامنى ليىنتىغا ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر بۆلۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى «ھال سوراش، ئويۇن قويۇش ئۆمىكى» گە ئۇيۇشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدىكى تېيىپجان ئېلىيوف، خەمىت خۇسەيىن، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، زۇنۇنقىز، سۇلتانمۇرات، ئاينىسا، قۇربان ئىبراھىم، ئوسمانجان قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بار ئىدى. جارۇللايوف بۇ ئۆمەك تەركىبىگە قوشۇلدى. ئۆمەكنى زىيا سەمىدى باشلاپ ماڭدى.

ھال سوراش ئۆمىكى دەسلەپتە كۇچارغا چۈشتى. كۇچاردا جارۇللايوف ھاشىم ھاجىنى ئىزدەپ تاپتى. بۇ كىشى ئىلگىرى غۇلجىدا بىر مەزگىل تۇرغانىدى. ھاشىم ھاجىم ئۆز زامانىسىنىڭ

ئەڭ ئاتاقلىق دارۋازلىرىدىن بولۇپ، دارۋازلىق ھۈنىرى بىلەن ھىندىستان، ئىران، ئىراق، ھەتتا مىسىرلارغىچە بېرىپ نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلىغان ئادەم ئىدى. شىنجاڭدا دارۋازلارنىڭ پىرى سانىلاتتى. ھاشىم ھاجى سازدىمۇ خېلى كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىدى. ھاشىم ھاجى جارۇللايوفقا كوچار بازارلىرىنى كۆرسەتتى، نۇرغۇن تارىخىي ئورۇنلارنى تونۇشتۇردى. ھال سوراش ئۆمىكى كوچاردا تۇرۇپ ئويۇن قويغاندا ھاشىم ھاجىم مۇزىكىچىلار قاتارىدا ساز چالدى.

ئاقسۇدا جارۇللايوف ئاقسۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى داڭقى چىققان ئارتىسلىرىدىن نىساخان، ئىبراھىم ساتتار، ئازادەم ئوخشاش تالانتلىق سەنئەتچىلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۆمەك ئاقسۇ شەھەرلىرى ئىچىدە بىرقانچە نۆۋەت ئويۇن قويغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەرگە كەتتى.

بۇ مەزگىلدە، ئاقسۇ خەلقى ئاغزىدىن شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغىلى بولاتتى. شائىرنى خەلق ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۇنىڭ بازاردىكى ساتىراشخانىلارغا كېلىپ خەلقتىن تۇرمۇش ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ساز چالىدىغانلىقىنى، ئاقسۇدا «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئاجايىپ تەسىر قوزغىغانلىقىنى، قولغا ئېلىنغاندىمۇ بىر ساتىراشخانىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشاتتى. جارۇللايوف شائىرنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىندى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ غۇلجا سانايىنەپىسىگە كېلىدىغان چاغلىرىنى، ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىرىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا شائىر ئەرشىدىن تاتلىق ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ جارۇللايوفنى لۇتپۇللانىڭ قەبرىسىگە باشلاپ چىقتى. ئەينى يىللاردا بۇ قەبرە — ئەتراپتىكى سانسىزلىغان قەبرىلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان ئاددىيلا توپا قەبرە ئىدى.

ئاقسۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى — ئىلگىرىكى غۇلجا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى، سانايىنەپىسىنىڭ ئاتاقلىق تەشكىلاتچىسى مەمتىمىن خەلپەت ھاجى ئىدى. ئۇ ھال سوراش ئۆمىكىدىكى مۇھىم ئارتىسلار ۋە رەھبەرلەرنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بەردى. زىياپەت ئۈستىدە ئۇ:

— لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىل ھېكىمنۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بېكىتىپ، يۇقىرىغا سۇنغانىدۇق. يۇقىرى ھازىر بۇ ھۆكۈمنى تەستىقلاپ چۈشۈردى. ھۆكۈم ئەتە ـ ئۆگۈن ئىجرا قىلىنىدۇ. ھال سوراش ئۆمىكىدىكى يولداشلارنىڭ كۈرەش يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھمانلار چۇۋۇلدىشىپ كەتتى. قاتىل ھېكىمنۇر ھەققىدە ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم تېخى ئۇنى كۆرمىگەنىدى. جارۇللايوف ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كېلىۋىدىم. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قاتىلىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى يەيدىغىنىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. سىلەرگە بىر تەلىپىم: مۇمكىن بولسا، شۇ ھېكىمنۇر دېگەننى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ سۆزلەشسەم. كېيىنكى چاغلاردا لۇتپۇللانىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئەسەر يېزىلسا، ئۇنى سەھنىدە ئويناشقا توغرا كەلسە پايدىلىنىشقا بولامدىكىن!...، — دەپ تەلەپ قىلدى.

ساقچى باشلىقى ھەمدۇللايوف بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ:

— بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بېرىڭ، — دېدى.

ئەتىسى جارۇللايوف تېيىپجان ئېلىيوفنى باشلاپ، تۈرمىگە چىقىپ ھېكىمنۇر بىلەن ئۇچراشتى. يۈزىدە چېچەك ئىزى بار، ئوتتۇرا بوي، قارىراق كەلگەن بۇ جىنايەتچى ئايرىم بىر كامېرغا قامالغانىدى. ئۇنىڭ تېخى ئۆزى ئۈستىدىن چىقىرىلغان

ھۆكۈمدىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك، جارۇللايوف بىلەن تېيىپجان ئېلىيوفنى «يۇقىرىدىن مەسىلەمنى تەكشۈرگىلى كەلگەن كادىر ئوخشايدۇ» دەپ قالدىمۇ، بىر ـ ئىككى سائەت داۋاملاشقان بۇ سۆھبەتتە ئۇ سورالغان سوئاللارغا ناھايىتى ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەردى… ھېكىمنۇر بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن سازايى قىلىنىپ، ئېتىلدى. شۇ كۈنى پۈتۈن ئاقسۇ تەۋرەپ، خەلق كوچا ـ كوچىلارغا پاتماي قالغانىدى. قاتىلنى غەزەپكە كەلگەن بۇ خالايىققا قويۇپ بەرسە، قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلايتتى.

※ ※

ھال سوراش ئۆمىكى ئاقسۇدىن چىقىپ قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگىچە باردى. جەنۇبنىڭ نۇرغۇن ناھىيىلىرىدە بولدى. ئۇ چاغلاردا تېخى يوللار رەتلەنمىگەنىدى. ناھىيىلەر ئارا قاتنايدىغان ماشىنىمۇ يوق ئىدى. سەنئەتچىلەر توپىلىق يوللارنى ئات ـ ئۇلاغ، ئېشەكلەرگە مىنىپ بېسىپ ئۆتەتتى.

جارۇللايوف خوتەندە سۇلايمىنىكام دېگەن بىر قالۇنچى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن بىرقانچە جەنۇب ئاھاڭلىرىنى ئۆگەندى. يەكەندە ئۇ تۇرداخۇن ئاكىنى يوقلىدى. بۇ مەشھۇر مۇقامچى يەكەندىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىدە، ئاددىي بىر ھۇجرىدا تۇراتتى… قەشقەردە ئابدۇۋەلى جارۇللايوف نامىنى ئاڭلىغان، تېخى ئۆزى بىلەن دىدارلاشمىغان داڭلىق سەنئەتچىلەردىن سەمەتاخۇن، ئەمەت ئۆمەر، ئابلىز ھاجى، يولۋاسخان، پاتەم قۇربان، خالىسخانلار بىلەن ئۇچراشتى. دەل شۇ مەزگىلدە قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. جارۇللايوف ئۇچۇن بۇ ئاجايىپ بىر ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى. خوتەن، يەكەن ئارتىسلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرى، ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىدىكى نىساخان، ئازادەملەرنىڭ ناخشىلىرى، قەشقەر

سەنئەتچىلىرىنىڭ سەھنە كىيىملىرى، ئۇلاردىكى قويۇق مىللىي پۇراق جارۇللايوفتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇنى يەنە بىر ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، ئىلىدا: «ناخشا قەشقەردىن چىقىدۇ، ئاقسۇدا بۇزۇلىدۇ، ئىلىخودا تۈزىلىدۇ» دەيدىغان گەپ بولىدىغان، بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، ھېلىقى كونا قاراشنى بىكار قىلىۋەتتى.

بىر كۈنى، قەشقەرنىڭ شۇ يىللاردىكى ۋالىيسى سەيپۇللايوف ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى چاقىرتىپ ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سۆز ئارىسىدا:

— قانداق، جەنۇبنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟ — دېدى.

— جەنۇبىي شىنجاڭ ھەقىقەتەنمۇ سەنئەتنىڭ بۆلىقى ئىكەن. ئۇسسۇللۇق ناخشىلار، سەھنە كىيىملىرى تەرىپىدىن ئۆگىنىدىغان خېلى يەرلىرىمىز بار ئىكەن، — دېدى جارۇللايوف.

— قەشقەردە ئىلى ناخشىلىرىغا قىزىقىدىغان ئادەملەر خېلى بار. بىراق، ئىلى ناخشىلىرىنى ئوبدان ئېيتىدىغان ئارتىسلىرىمىز كەمچىل. سىزنى مۇشۇ ئىش بىلەن چاقىرىۋىدىم، مۇشۇنداق ئارتىسلاردىن بىر - ئىككىنى تەربىيىلىشىمىزگە ئاز - تولا ياردەم قىلىسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشەي.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلى ناخشىلىرىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدىغان ياشلاردىن بىرقانچىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

— ئاراڭلاردا ئىلى ناخشىسىنى كىم ياخشى ئېيتالايدۇ؟ — دەپ سورىدى بىرىنچى كۈنى جارۇللايوف ئولتۇرغانلاردىن.

— ھېكىم ئاخۇن ئوبدان توۋلايدۇ! — دېيىشتى ئۇلار ئاردىن بىرىنى كۆرسىتىپ.

جارۇللايوف ھېكىم ئاخۇننى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇ يىگىتنىڭ ناخشا ئېيتىشى خېلىلا قائىدىلىك بولۇپ، روشەن ئىلى پۇرىقى بار ئىدى.

— سىز بۇ ناخشىلارنى كىمدىن ئۆگەنگەن ئۇكام؟ — دەپ سورىدى جارۇللايوف.

— بۇ يەردە ئىلگىرى ئاق تېيىپ ھاجىم دېگەن بىر كىشى تۇرغانىدى. شۇ كىشىدىن ئاز ـ تولا ئۆگىنىۋىدۇق، — دېدى يىگىت.

مەلۇم بولدىكى: غۇلجىدىكى داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ بىرى بولغان ئاق تېيىپ ھاجىم 1940 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرگە كېلىپ ماشىنىچىلىق قىلغان. ھاجىم بۇ يەرگە كېلىپ بىر مەزگىل ناھايىتى زېرىكىش ھېس قىلغانىكەن. ئۇ چاغلاردا قەشقەردە «ھەزرەت سەيلىسى» ناھايىتى ئەۋج ئالغانىكەن. سەيلە مەزگىلىدە ئاپئاق غوجا مەقبەرىسىنىڭ ئەتراپى ئاپئاق غوجىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرى، چاچ ـ ساقاللىرىنى بېلىگىچە قويۇۋەتكەن ئاشىقلار، ئېغىر كۇنگە قالغانلىقىدىن ئەمەس، ئادەت بولۇپ قالغانلىقىدىن دىۋانىچىلىكنى تاشلىيالماي كېلىۋاتقان كەسپىي قەلەندەرلەر، ئالدامچى، بىكار تەلەپلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. بىر يەردە، «خۇدانىڭ بىرلىكى، ئۆلمەكنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەكنىڭ ھەقلىقى» توغرىسىدا كىتابخانلىق بولسا، بىر يەردە قوچقار سوقۇشتۇرۇش بولىدىكەن؛ بىر يەردە ۋائىزلار ھەزرىتى شاھىمەردانىنىڭ جەڭلەردىكى كارامىتى ئۈستىدە مەدداھلىق قىلسا، يەنە بىر يەردە بىر توپ ئادەم ئىت تالاشتۇرىدىكەن؛ بىر يەردە قىمارۋازلار تۆت ئوشۇقنى توپىغا دومىلىتىپ «دەتتىكام!» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاۋاتقان بولسا، بىر يەردە سوپى ـ ئىشانلار «ھۇۋ!» دېسە «ھۇۋ!» دەپ خۇدىنى بىلمەي زىكرى سوقۇشىدىكەن. بۇ يەرگە كۆپىنچە ئادەملەر پەقەت ئاشۇ قىزىقچىلىقلارنى كۆرۈش ئۈچۈنلا توپلىشىدىكەن… ئاق

تېيىپ ھاجىم ھەزرەت سەيلىسىگە چىقسا ھېچكىمگە ئارىلاشماي، توپ ئىچىنى ئارىلاپ، ھېلىقى زىكرى سوقۇۋاتقان سوپىلارنىڭ يېنىدا بىردەم ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپ، ئېسىگە كېلىپ قالغان قايسىبىر شائىرنىڭ:

قولۇڭدا قارچىغا تۇرۇپ،
قۇۋ - قۇۋنىڭ نېمە ئىشى؟
دىلىڭدا خۇدا تۇرۇپ،
ھۇۋ - ھۇۋنىڭ نېمە ئىشى؟

دېگەن شېئىرىنى ئىچىدە ئوقۇپ، ئاپئاق غوجا مازىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەتراپى بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان «شەربەت كۆلى» نىڭ بويىغا بېرىپ توختايدىكەن. كۆلنىڭ بويىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، سۇغا قاراپ ناخشا ئېيتىدىكەن. ئۇنى تونۇيدىغان كاسىپ باللار:

— ئۇستام، نېمىگە مۇنداق قىلىلا؟ — دەپ سورىسا، ئۇ:

— قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇشنىلا كۆرسەڭلار بولامدۇ؟! بۇ يەردە دەرقەمدە ئولتۇرۇپ ناخشا - سازدىن پەيزى ئالىدىغان ئىش يوق ئوخشايدۇ. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پەيزى قىلىۋاتىمەن. ناخشامنى بېلىقلار بولسىمۇ ئاڭلىسۇن، — دەيدىكەن.

كېيىن، كاسىپ باللاردىن ھېكىم ئاخۇن، تۇرداخۇن، نىزاخۇن ئوخشاش بىرقانچە يىگىتلەر ئۇنىڭدىن ناخشا ئۆگىنىپتىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جارۇللايوفنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاق تېيىپ ھاجىمنىڭ كېيىنكى ھاياتى بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەۋىسى، قىزىقىشلىرىمۇ خىلمۇ

خىل بولىدۇ. ئاق تېيىپ ھاجىم يۇرت كېزىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان سەپەر خۇمار ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئىلىدىكى بايلارغا ئەگىشىپ ئەرەبىستانغىچە بارغان. ئەنجان، نامەنگەن، بۇخارالارنى كېزىپ، ئۆزبېك چايچىلىرىنىڭ قولىدىن چاي ئىچكەن. بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنى ئارىلاپ، مۇزداۋان ئارقىلىق يەنە ئىلىغا قايتقانىدى. ئارالتۆپىگە يېتىپ كەلگەندە ھۆكۈمەت چېرىكلىرى ئۇنى، «جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا يۈرگەن جاسۇس» دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا غۇلجىدا، «ئاق تېيىپ ھاجىم تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ساقچىلىرى ئارالتۆپىگە چىقىپ، «ئاق تېيىپ ھاجىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەن گەپنىڭ ئەتەي تارقىتىلغان ئىغۋا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ئەسلىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش ئالدىدا ئۇنى گومىنداڭچىلار «خەتەرلىك جىنايەتچىلەر» قاتارىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا بۇ داڭلىق ناخشىچى ئەللىك بەش ياشتا ئىدى.

※ ※

جارۇللايوفنىڭ جەنۇبتىن ئۆگەنگەنلىرى ناھايىتى مول بولدى. ئاتۇشنىڭ راۋاب بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئۆزگىچە پەدىلىرى، قەشقەر، دولان سەنەملىرى، ئاقسۇ، خوتەنلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، قەشقەرنىڭ ئەر - ئايال ئىجرا قىلىدىغان قوش كىشىلىك نومۇرلىرىنىڭ نەپىسلىكى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئىلىغا كېلىپلا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىن ئالغان تەسىراتىنى تىياتىردىكى يولداشلارغا يەتكۈزدى ۋە رەھبەرلىككە

جەنۇبنىڭ بەزى نومۇرلىرىنى ئىلىدا ئويناپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن تېزدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە سەھنە كېيىملىرى تىكتۇرۇلدى، مۇزىكىلار قاتارىغا راۋابمۇ كىرگۈزۈلدى. مەلۇم ۋاقىت تەييارلىقتىن كېيىن بۇ ئويۇنلار سەھنىدە ئوينىلىپ، چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان كاسىپلار: «خۇددى ئۆز يۇرتىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇق» دېيىشتى. جارۇللايوف بۇ ئويۇنلاردا دولان مۇقامىنى ئورۇنداپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# پايتەختكە سەپەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ئۆز ئىچىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ سەنئەت گۇرۇپپىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ «ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى» (كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلغانىدى. 1953 - يىلى، بۇ سەنئەت ئۆمىكىنى باش سىياسىي بۇسى بېيجىڭغا كېلىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدى.

ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەربىي رايون رەھبەرلىرى كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنى كەسپىي جەھەتتىن كۈچەيتىش ئۈچۈن يەرلىكتىن ئابلاخان كېپەك، رەخمەت، ئېلانچىك ھەجەربۇۋى قاتارلىق سەنئەتچىلەرنى سورىدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى رېژىسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ھەربىي سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش پىكرىنى قويدى. لېكىن بۇ تەلەپنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى رەت قىلدى.

بۇ كۈنلەردە ئابدۇۋەلى جارۇللايوف لوسگۇڭدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتاتتى. ئىلىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ۋالىيسى ئەنۋەر جاكۇلىن ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. كىچىك ماشىنا ۋالىي مەھكىمە دەرۋازىسىدىن كىرىپ، مەھكىمە بىناسىنىڭ

ئېگىز پەلەمپىيى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، ئەنۋەر جاكۇلىن پەلەمپەي ئۈستىدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بەستلىك، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. جارۇللايوف بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇنى بۆلۈمگە باشلىدى، قىسقا ئەھۋاللىشىشتىن كېيىن ئەنۋەر جاكۇلىن جارۇللايوفنى چاقىرتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى.

— سىز ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ بېيجىڭغا بارسىز. ئۇلارنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلىپ، خىزمىتىڭلار قاچان ئاخىرلاشسا شۇ چاغدا قايتىپ كېلىسىز بولىدۇ. مائاش ۋە باشقا تەمىناتلىرىڭىز ئوخشاشلا بىزدىن بولىدۇ. خىزمىتىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، بېيجىڭغا بارىدىغان ئۆمەك ئوڭشۇشلۇق تەشكىللەندى. خەمىتوف پۈۋەت ئۆمەك باشلىقى، ئۇلاتايوف ئۆمەكنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف رېژىسسورلۇققا بەلگىلەندى. ئەترەت باشلىقى نىزاموف تۇرسۇن، مۇزىكا ئەترەت باشلىقى — دىرىژور ئابلىكىم ئابدۇللا ئىدى. ئەللىك نەچچە كىشىلىك بۇ ئۆمەك تەركىبىدە زۆھرە، پەرۇزەم، ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچى ھوشۇر روزى، قۇربان ئۆمەر، ئابلاجان، ھۆرىيەت، رازىيە غۇلام، مەنسۇروف ئەكرەم، ئاۋاكرى ناسىروف، رەخمەت، ھەجەربۈۋى، نۇربۈۋى، سىراجىدىن ئىسرايىل، ھوشۇروف، سۇلايمان، ئەيسا قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئارتىسلار. ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قازاق، تاتار، رۇس، ئۆزبېك، قىرغىز، خەنزۇ ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بار ئىدى.

ئۆمەك ئۈچ ئاي قاتتىق رېپېتىتسىيە قىلدى. جارۇللايوف يەنە ئۇلارغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆگىنىپ كەلگەن بىر قىسىم نومۇرلارنى ئۆگەتتى. بۇنىڭ بىلەن سەنئەت نومۇرلىرى تېخىمۇ جانلاندى. مېنىڭ ئالدىدا ھەربىي رايونى ئارتىس ۋە خىزمەتچىلەرگە يېڭىدىن ھەربىي فورما تارقىتىپ بەردى. سەنئەت

ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا تەييارلىغان نومۇرلىرىنى رەھبىرىي يولداشلارغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پايتەختتىكى رەھبىرىي يولداشلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن سوۋغاتلارنى تەييارلاپ بېرىپ، سەنئەت ئۆمەكنى ئالاھىدە ئۇزاتتى.

ئۇ كەملەردە ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئوتتۇرىسىدا تېخى پويىز قاتنىمايتتى. سەنئەتچىلەر قارا ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ ناھايىتى جاپالىق يول باستى. قونالغۇلارمۇ ئىنتايىن ناچار ئىدى. چۆلنىڭ ھاۋاسى بەك ئۆزگىرىشچان بولۇپ، بىردەمدە كۈن ئەتراپىنى تونۇردەك قىزىتىپ، ھەممىنى چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمدۈرسە، بىردەمدە بوران چىقىپ ھەممىنى قۇم- توپىغا كۆمەتتى. لېكىن، سەنئەتچىلەرنىڭ روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلۇغ پايتەختنى، مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنى ئازادلىق كۈرىشىگە يېتەكلىگەن رەھبەرلەرنى كۆرۈش خۇشاللىقى ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى ئۇنتۇلدۇراتتى... ئۆمەك لەنجۇ، شىئەن شەھەرلىرىدە بىرنەچچە كۈندىن توختاپ ئويۇن قويۇپ، شۇ يەردىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كەم يەرلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا قاراپ بىراقلا يۈرۈپ كەتتى.

ئارتىسلار بېيجىڭدىكى بىر ھەربىي مېھمانخانىغا چۈشتى. قانچە سۇلالىلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى كۆرگەن، قانچىلىغان قانلىق توقۇنۇشلارغا شاھىت بولغان ئۇلۇغ پايتەخت ئازادلىقتىن كېيىن تىنچ، يېڭى بىر كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. تيەنئەنمېن مەيدانىدا قىزىل بايراق لەپىلدەيتتى. ئاددىي كىيىملەرنى كىيگەن ئوقۇغۇچىلار، قىرقىم چاچ قىزلار بېيجىڭ كوچىلىرىدىن ئالدىراش ئۆتۈشەتتى. تار يان كوچىلاردىن چىقىۋاتقان كونا بېيجىڭلىقلار شىنجاڭدىن كەلگەنلەرگە قىزىقىش بىلەن قارايتتى... ئۆمەك ئۆز ئويۇنىنى بېيجىڭدىكى مەشھۇر خۇەيرېنتاڭ

زالىدا قويدى. شۇ كۈنى جۇڭگونىڭ قەدىمىي بىناكارلىق شەكلىدە سېلىنغان بۇ ھەشەمەتلىك زالغا مەركەزدىكى پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك كەلگەنىدى. ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا ئۆمەك رەھبەرلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە سوۋغات تەقدىم قىلدى. سوۋغاتلارنى مەركەزگە ۋاكالىتەن باش قوماندان جۇ دې چىقىپ قوبۇل قىلدى. قوماندان جۇ دېغا تون كىيدۈرۈلگەندە زال ئىچىدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

كونسېرت ئومۇمىي خور بىلەن باشلاندى. ياش مۇزىكانت ئابلىكىم ئابدۇللا ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىلا ئىجاد قىلغان، «داھىي ماۋ زېدۇڭ»، «ياشا داھىي» دېگەن بۇ خورلارنىڭ مەزمۇنى يېڭى، مۇزىكىسى ناھايىتى جۇشقۇن ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئورۇندالغان بارلىق نومۇرلار رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇ قېتىم جارۇللايوف ھۆسەنجان جامى مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «ئازاد زامان» ناخشىسىنى ئورۇندىغانىدى. ئۇ ناخشا ئېيتمۇېتىپ تۆۋەندىكى تاماشىبىنلار ئارىسىدىن دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئالدىنقى رەتلەردە ئولتۇرغان رەئىس ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى، ليۇ شاۋچى قاتارلىق رەھبەرلەرگە چۈشكەندە ھاياجاندىن ئېيتىۋاتقان ناخشىسىدىن ئېزىپ كەتكىلى تاس قالدى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، باش قوماندان جۇ دې سەنئەت ئۆمەكىنىڭ يېتەكچىلىرىنى خۇەيرېنتاڭ ئىچىدىكى ئايرىم بىر ئۆيدە قوبۇل قىلدى. باش قوماندان ئۇلارغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ رەھمەت ئېيتتى. ئۆمەك باشلىقى پۈۋەت بۇ قېتىمقى ئويۇننى تەييارلاشتا كۈچ چىقارغان يولداشلار قاتارىدا ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى تىلغا ئېلىپ جۇ دېغا تونۇشتۇرغاندا، باش قوماندان جارۇللايوف بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، خاتىرە سۈرەتكە

چۈشتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدىكى بارلىق يولداشلارغا بىر قۇردىن ھەربىي كىيىم تەقدىم قىلدى. ئۆمەك بېيجىڭدا يەنە بىرنەچچە مەيدان ئويۇن قويغاندىن كېيىن، شاڭخەي، نەنجىن، خاڭجۇ، جىنەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ چاغدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تېخى شىنجاڭ توغرىسىدا چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. شىنجاڭدا قانداق ئادەملەر، قانداق مىللەتلەر ياشايدۇ؟ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز، كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قانداق؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى بىر سىر ئىدى. بۇ قېتىم بەشىنچى كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ — ھەربىي سەنئەت ئۆمىكى بولغاچقا قەيەرگە بارمىسۇن ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى ھەربىيلەردىن ھال سوراپ ئويۇن قوياتتى. ئۆمەكنىڭ ئىنتىزامى ھەربىي ئىنتىزام ئىدى. ئارتىسلار ئويۇن مەيدانىغا كىرىش ـ چىقىش، كوچىلاردا يۈرۈش ۋە باشقا كوللېكتىپ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە رەتلىك تىزىلىپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئۆمەك ئۆزىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلدىكى ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى. زۆھرە ئورۇندىغان داپ ئۇسسۇلى، جارۇللايوف ئىجرا قىلغان «ئازاد زامان»، دولان ۋە قەشقەر سەنىمى، مۇقاملىرى، رەخمەت بىلەن ئابلاجان ئورۇندىغان قارا يورغا ئۇسسۇلى، ئابدۇگۈلنىڭ سۇناي بىلەن كەلتۈرگەن ھەر مىللەت ئاھاڭلىرى، مەنسۇرروف ئەكرەم ئېيتقان ناخشا — «ئۆرۈك گۈللىگەن چاغدا»، ئابلىكىم ئابدۇللا ئىجاد قىلغان خورلار، خەنزۇچە نومۇرلار، تاتارلارنىڭ «شامىلە» ئۇسسۇلى، رۇسلارنىڭ «كوپاك» ئۇسسۇللىرى چوڭ شەھەر تاماشىبىنلىرىنى تاڭ قالدۇردى.

شاڭخەيدە بولغان بىر ئىش جارۇللايوفنىڭ ئېسىدىن

چىقمايدۇ. ئۇ مەزگىللەردە شاڭخەي كىشىگە تولىمۇ قالايمىقان كۆرۈنەتتى. ئېگىز بىنالار ۋە شۇ ئېگىز بىنالار ئاستىدىكى تار كوچىلار، ئادەمنىڭ هەددى- هېسابسىز كۆپلۈكى كىشىنى هەيران قالدۇراتتى. جارۇللايوف بىر كۈنى شاڭخەي كوچىلىرىدا يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئېزىپ قالدى، قەيەرگىلا بارمىسۇن هەممە يەر ئوخشاش كوچىدەك كۆرۈنەتتى. هېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتتى. ئاخىر ئۇ بىر رىكشىچىغا ئۆزلىرى چۈشكەن مېهمانخانىنىڭ ئىسمىنى بىرنېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈپ، كىرا قىلىپ، يولداشلىرىنى ئاران تېپىۋالدى. بۇ، ئادەم سۆرەيدىغان رىكشا ئىدى. ئۇنىڭدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ سەنئەتچىلەر چۈشكەن مېهمانخانىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلىسە جارۇللايوف هازىرمۇ كۈلىدۇ.

ئۆمەك دۆلەت بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئۈرۈمچىگە سالامەت قايتىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت بەشىنچى كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن قايتقانلىقى شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر

1954 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك، غۇلجا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قازاق سەنئەتچىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىتتىپاق تىياتىرى «ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى» گە ئۆزگەرتىلدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ كەسپىي خىزمەتلەرنى باشقۇردى. كەسپىي بۆلۈمگە يەنە ئاتاقلىق مۇزىكانت زىكرى ئەلپەتتا يېتەكچىلىك قىلدى.

1956 - يىلى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بىر قىسىم ئارتىسلار بىلەن بىللە موڭغۇلكۈرەدە ئويۇن قويۇۋاتاتتى. شەھەردىن ئۇنى چاقىرتىپ جىددىي تېلېفون چىقىپ قالدى. جارۇللايوف تېكەسكە كەلگەندە تېكەس ناھىيىسى ئۇنى كىچىك ماشىنا بىلەن شەھەرگە يولغا سېلىپ قويدى. شەھەرگە كەلگەندە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدىغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىدى. بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە چىقىدىغانغا ئىلىدىن چاقىرتىلغانلار ئىچىدە يەنە كامال ئىشكىباي، باياخۇن، زىكرى ئەلپەتتا، دانىش دەقىش، مالىك يۇنۇس، سائادەت قاتارلىق ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار تېز تەييارلىق كۆرۈپ ئۈرۈمچىگە مېڭىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىش — ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنىڭ 1950 - يىلى شىنجاڭغا كەلگىنىگە جاۋابەن ئېلىپ بېرىلىدىغان زىيارەت

ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئۆمەكنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىدىن تەشكىللىدى. بۇلارغا «مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى» دەپ نام بېرىلدى. زىيا سەمەدى دېلېگاتسىيە باشلىقى، بۇقارا تىشقانبايوف مۇئاۋىن دېلېگاتسىيە باشلىقى بولدى. ئەينى يىللاردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن بۇ ئۆمەكتە يەنە ئابلەي روزى، زۇنۇن قادىرى، ئىبراھىم بارات، پاشا ئىشان، سەمىتاخۇن، پاتەم قۇربان، ھۇسەنجان جامى، روزىخان ئەخمەت، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، ھۆرىيەت، ئايتۇرغان، ئامىنە يۇسۇپ قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىدىن بولۇپ ئەللىك نەچچە كىشى ئىدى.

ئۆمەك ئەزالىرى ئۇرۇمچىگە يىغىلىپ جىددىي تەييارلىق قىلدى. ھەربىر ئارتىسنىڭ ئورۇندايدىغان نومۇرلىرى بېكىتىلدى. مەخسۇس كىيىم - كېچەكلەر تىككۈزۈلدى. ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. ئۆمەك ئەزالىرى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، غۇلجا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ ئۇچتى.

بۇ جارۇللايوفنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشى ئىدى. ئايروپىلاننىڭ دۇگىلەك دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قارىغاندا ئاق بۇلۇتلار ئايروپىلان قانىتى ئاستىدا كۆكۈچ تۇتۇندەك يېنىك ئۇزەتتى. تاغلار، قارىغايلىقلار، يېشىل ئېدىرلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى... جارۇللايوف خىيالىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆتكۈزدى. قەپەس ئىچىدە چايقىلىپ كېتىپ بارغان ئېلاخۇن كۆككۆز، يامۇلنىڭ ئارقىسىدىكى نودىن ناخشا بىلەن سۇ تارتىۋاتقان مەھبۇس، قولىغا كەپتەرنى قوندۇرۇۋېلىپ بىردە يىغلاپ، بىردە كۈلۈپ تۇرغان ئىمىنجان ئۇستام نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. يەنە ئۇنى: «يېشىم ئەللىككە

قاراپ ماڭدى. چەتكە چىققاندا خەلقىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلىيالارمەنمۇ، يوق؟» دېگەن ئەندىشە هاياجانغا سالاتتى...

※ ※

ئالمۇتا ئايروپورتىدا جۇڭگو ۋەكىللىرىنى قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت ساهەسىدىكى ئەربابلىرى چىقىپ قارشى ئالدى ۋە قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو تەرەپتىن زىيا سەمەدى سۆز قىلدى. جارۇللايوفنىڭ كۆزى شۇ چاغدا قارشى ئېلىشقا چىققانلار ئىچىدە تۇرغان ئابدۇكېرىم رازىيوف، سۇلتانمۇرات قاتارلىق ئىلگىرى شىنجاڭدا بىللە ئىشلىگەن كەسىپداشلارغا چۈشتى. ئۇلار جۇڭگودىن چىققان بۇرادەرلىرىگە پەخىرلىنىش ۋە هۆرمەت تۇيغۇسىدا تىكىلىپ تۇراتتى.

ۋەكىللەر كىچىك ماشىنىلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ شەهەرگە قاراپ ماڭدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف چىققان ماشىنىدا مەنسۇر ئەپەندى ئولتۇراتتى. سالامدىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى:

— ئەجەب روزى تەمبۇر كەلمەپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— روزىكامنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىدى.

— مېنى تونۇمسىلەر؟

ماشىنىدا يەنە هۇسەنجان جامى بىلەن زىكرى ئەلپەتتا بىللە ئىدى. هۇسەنجان:

— ئابدۇۋەلىكام تونۇمىدىڭىز؟ — دەپ جارۇللايوفقا قارىدى.

— هە، ئەسقەرما؟ — دېدى مەنسۇر ئەپەندى.

مەنسۇر ئەپەندى ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە چۆچەكتە خىزمەت قىلغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەينى يىللاردا ئىلىغا بارغان ۋە غۇلجىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ هازىرقى سۆزى جارۇللايوفنىڭ

«ئارشىن ـ مال ئالان» دا ئەسقەر رولىدا ئوينىشىنىڭ ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

— سىز مەنسۇر ئەپەندى ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بەردى جارۇللايوف.

ئالمۇتا — ئەتراپىدا قارىغايلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، يېشىللىققا چۆمگەن شەھەر ئىدى. رېشاتكىلىق باغلار، كوچىلارغا قويۇۋېتىلگەن ئورۇندۇقلار، دوقمۇشلاردىكى گۈللۈكلەردە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر كىشىگە ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى...

بىرىنچى بولۇپ چېلەك رايونىدا تۇرىدىغان ئۇيغۇر سەنئەت گۇرۇپپىسى ئالمۇتىغا كېلىپ، جۇڭگو مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى. چېلەك رايونىنىڭ ئەينى يىللاردىكى بۇ كونسېرت نومۇرلىرىنى بەك سەۋىيىلىك دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بۇ ھال تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىققان «تەييارلىغان نومۇرلىرىمىز قانداق بولار؟» دەپ ئەندىشىدە تۇرغان سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. ئەمما، چېلەك ئۇيغۇر رايونىنىڭ سەنئەتچىلىرى «ئانارخان» دىرامىسىنى ناھايىتى كېلىشتۇرۈپ ئوينىدى.

مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئالمۇتىدا ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. ئويۇن «ئاباي تىياتىرى» دا ئوينالدى. ھەربىر مەيدان ئويۇندا بىرمۇ بوش ئورۇن بولمايتتى. كۇلۇبنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى بېلەت تاپالماي يۈرگەن بىر توپ ئادەم ئۇزاققىچە توپلىشىپ تۇرۇشاتتى... كونسېرت شۇ چاغدا ئومۇملاشقان قائىدە بويىچە ئومۇمىي خور بىلەن باشلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا نومۇرلار ئورۇندىلاتتى. دولان سەنىمى، قەشقەر سەنىمى، ھۇسەنجان جامى تەمبۇر بىلەن ئىجرا قىلغان مۇزىكىلار، پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، ئابدۇرېھىم ئەخمىدىلەرنىڭ ناخشىلىرى، خەنزۇ ئارتىسلارنىڭ گارمون بىلەن ئورۇندىغان نومۇرلىرى، سائادەت،

ئامىنە يۇسۇپلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى، قازاقچە ناخشىلار تاماشىبىنلارنىڭ ئىنتايىن زوقىنى قوزغىدى. ھەربىر نومۇردىن كېيىن زالدا كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ساداسى ئۇزۇنغىچە بېسىلمايتتى. شەھەر ئەتراپىدىن كەلگەن كولخوزچىلار سەھنىگە گۈللەرنى ئاتاتتى... ئابدۇۋەلى جارۇللايوفقا «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»، «جۇنۇن»، «شەرۋانىخان» ئوخشاش ناخشىلارنى ئېيتىش بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن ئۇ بىرىنچى كۈنى تەلەپ بىلەن يەتتىگە يېقىن ناخشا ئېيتتى. زالدا بۇرۇتلۇق بىر كولخوزچى «ئاپىرىن، سىلەرمۇ بار ئىكەنسىلەرغۇ!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. كىملەردۇر كۆز يېشى قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە ئىككى سائەتكە مۆلچەرلەنگەن ئويۇن ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، «ھەربىر كىشى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن نومۇرلارنى ئورۇنداش، تەلەپ بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتكەندە، پەقەت بىرلا قوشۇمچە نومۇر ئويناپ بېرىش» بەلگىلىنىپ، ۋاقىت كونترول قىلىندى.

ئۆمەكنىڭ پائالىيەت ۋاقتى جەدۋەللىك ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئارتىسلار كېچىسى ئويۇن قويسا، كۈندۈزى ئويۇن تەييارلايتتى ياكى ئېكسكۇرسىيىگە قاتنىشاتتى. كونسېرت ئەھۋالى ئالمۇتا رادىئوسى ئارقىلىق خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستاندىكى تاماشىبىنلار ئويۇننىڭ نەق ئەھۋالىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئارقا- ئارقىدىن تېلېگراممىلار ئەۋەتىشكە باشلىدى. مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى ئالمۇتىدا ئون كۈنگە يېقىن ئويۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، فرونزىغا يۈرۈپ كەتتى.

قىرغىزىستاننىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلىرى جۇڭگو دېلېگاتسىيىسىنى قىرىق - ئەللىك كىلومېتىر يىراقلىقتا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. فرونزى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار بۇ يەردە غۇلجىنىڭكىگە ئوخشاش مېۋىلىك باغلارنى قىلغانىدى.

فرونزىدا مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشى ئۈچۈن تەييارلانغان كۇلۇب — ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر تىياتىرلارنىڭ بىرى ئىدى. قىرغىزىستاننىڭ تىياتىر ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانىكەن. ئۇلار بىرىنچى بولۇپ «چويۇن قۇلاق» دېگەن ئويۇننى كۆرسەتتى.

شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ فرونزىدا كۆرسەتكەن نومۇرلىرىمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشتى. يىراق - يېقىندىكى كولخوزچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ فرونزى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ۋەتەنداشلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلەتتى. كۇلۇبنىڭ ئالدىدا بىر بېلەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى چوڭ تەلەي ئىدى. رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ماشىنىلارغا بېسىپ كەلگەن قاراقوللۇقلار سەھنىگە ئۈزۈلدۈرمەي گۈل ئاتاتتى... ئۆمەك بۇ يەردىمۇ ئون كۈنگە يېقىن ئويۇن قويدى.

پويىز كەڭ داللارنى، پاختا ئېتىزلىرى، ئۈزۈمزارلىق مەيدانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ تاشكەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ شەكلى، ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن مىللىي ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۆزبېكىستان شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئەرلەرگە بادامدوپپا، بەقەسەم تون كىيدۈرۈپ، شايى رومالللارنى ئورىدى؛ ئايالالرغا ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى سوۋغات قىلدى. كاتتا زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. «نەۋائى تىياتىرى» رېمونت قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئويۇن «مۇقىمى تىياتىرى» دا ئوينالدى. ھۇسەنجان جامىنىڭ تەمبۇر بىلەن «ئەجەم»، «نىمپەدە» لەرنى ئورۇنداش ماھارىتى چوڭ بىر مۆجىزە بولۇپ تەسىرات قالدۇردى. ئۆزبېكىستان گېزىت - ژۇرناللىرى مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى رەسىملىرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف تاشكەنت سەھنىلىرىدە ئورۇندىغان ئاجايىپ ناخشىلىرى بىلەن گېزىت -

ژۇرناللاردا «خەلق ھاپىزى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۆمەك بۇ يەردىمۇ بىر ھەپتىدىن ئوشۇق ئويۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئەنجانغا قاراپ ماڭدى.

ئەنجان جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلار كۆپ بىر رايون ئىدى. ئەنجانلىقلار ئەزىز مېھمانلارنىڭ يولىغا پاياندار سېلىپ، ناغرا - سۇنايلار چېلىپ، ناھايىتى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. ئەنجاندا «ستالىن» ناملىق بىر كولخوز بار ئىكەن. بۇ كولخوز ناھايىتى باي بولۇپ، بۇ يەردە نەچچە مىڭ ئۇيغۇر بار ئىكەن. «ستالىن» كولخوزى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى ۋەكىللىرىنى ئاخىر ئۆز كولخوزىغا ئاچىقىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۆگزىلەردە ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ تۇراتتى، يوللارغا پاياندار سېلىنىۋېتىلگەنىدى. ساھىبخانىلار مېھمانلار ئۈچۈن ئازادە بىر شىپاڭغا ئورۇن راسلىغانىدى. گىلەم بىلەن تولدۇرۇلغان شىپاڭغا ئايلاندۇرۇپ يېكەندازلار، مامۇق تەكىيىلەر تاشلانغانىدى. تاماق جوزىسى ئۇيغۇر تائاملىرى — ئاشمانتا، چۆچۈرە، دەستە - دەستە ساڭزىلار بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەنىدى.

بۇ يەردە چوڭراق كۇلۇب بولمىغاچقا ئوچۇق مەيدانغا يازلىق سەھنە ھازىرلانغانىدى. مەيدان يېنىغا كولخوز بازىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بازار ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، ئاشپەزلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەر مەيدانغا سىغىشماي، ئەتراپقا توختىتىپ قويغان تراكتور، ماشىنىلارنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى. ھەربىر نومۇر ئاياغلاشقاندا مەيدان تەۋرەپ ئالقىش ياڭرىتاتتى. كىشىلەر «بارىكاللا!» «يۇرتىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇق!» «ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردۇڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى. «قەشقەر سەنىمى» باشلىنىش بىلەن مەيداندىكى تاماشىبىنلارنى باشقۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. كىشىلەر تەۋرەپ سەھنىگە چىقىپ

كەتتى. ياشتا چوڭ ئايالـلار ئارتىسلارنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ «ياشاڭلار بالىلىرىم!» دەپ يىغلىۋېتىشتى. ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپ قويۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى...

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئاكىسى غازى ئاقساقال ئەنجاندا ئىدى. شۇ يىللاردا قاسىمجان قەمبىرى قەشقەردە ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆمەكتىكى رەھبەرلەردىن بىرقانچەيلەن غازى ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە پەتىگە باردى. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ناھايىتى ئېتىبار بىلەن ئۆزىتىلگەنلىكىنى، تەزىيە پائالىيىتىگە ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق رەھبەرلەرنىڭ كېلىپ قاتناشقانلىقىنى ئېيتىپ، غازى ئاقساقالغا تەسەللى بەردى.

غازى ئاقساقال غۇلجىدا تۇرغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ جارۇللايوفنى تونۇيتتى. ئايال مېھمانلارغا قاراپ:

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

مېھمانلار ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. لېكىن، ساھىبخانىلار رەنجىش ئىزھار قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، تاماق يەيدىغان ئىشىمىز بولسا لەغمەن يەيلى، — دېيىشتى ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا. چۈنكى، ئۇلار چېتقاندىن بېرى نۇرغۇن كاتتا زىياپەتلەردە بولغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق ئۆي تامىقى لەغمەننى ناھايىتى سېغىنىشقانىدى.

— نېمە دەيدىغانسىلەر، مېھمانغىمۇ لەغمەن قىلامدىمۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى غازى ئاقساقالنىڭ ئايالى.

— سىركە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جارۇللايوف.

— بۇ يەردە ئورۇس سىركىسى ئىشلىتىمىز. راستىنلا لەغمەن يېگۈڭلەر بولسا، كېپەكتىن سىركە چىقىرىدىغان تۇڭگانلارمۇ بار، مەن بېرىپ تېپىپ كېلەي، — دېدى غازى ئاقساقال.

لەگەن پىشقاندا مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن ھەرقايسىسى ئىككى تەخسىدىن يېيىشتى...

ئۆمەك ئەنجاندىن چىقىپ سەمەرقەنت، بۇخارالاردا بولدى. بۇخارادىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆتۈپ شۇ ئەتراپتا ئورۇنلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار كۆپ ئىكەن. ئۇلار مانتا، سامسا، پەرمۇدىلەرنى چىقىرىپ، ئاشخانا ئىچىش بىلەن چوڭ ئابرۇي قازانغانىكەن. بۇخارادىكى مازار، مەسچىت، كونا ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ بىناكارلىق شەكلى قەشقەردىكى قۇرۇلۇشلارنى ئەسكە ئالاتتى. ئۆمەك بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئارتىسلار كوچىلاردىن ئۆتكەندە ھېلىقى ئاشخانا ئىگىلىرى يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئۇلارنى ئاشخانىلىرىغا تەكلىپ قىلىشاتتى... مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى بۇخارادا بۇخارا ئەمىرىنىڭ قەدىمىي يازلىق، قىشلىق ئوردىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئۆمەك ئۆزبېكىستاندىن ئايرىلىش ئالدىدا تاشكەنت رادىئو ئىستانسىسى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېھمانلارنى كۇتۇۋالدى. رادىئو ئىستانسىسىنىڭ شۇ يىللاردىكى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئېلاخۇن خۇدابەردىيوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىلىغا بارغان ئادەم ئىدى. ئۇ مېھمانلارغا ئىستانسىسى نامىدىن سوۋغاتلار تەقدىم قىلدى. زىياپەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. سەنئەتچىلەر بۇ ئايرىم سورۇندا ئاساسىي پروگراممىلاردا بولمىغان نومۇرلارنى ئورۇنداپ زىياپەت قاتناشقۇچىلىرىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەتىسى رادىئو ئىستانسىسى بەزى نومۇرلارنى لېنتىغا ئالدى. سوۋېت رادىئو ئىستانسىلىرى كېيىن ئۇزۇن يىللارغىچە ئاڭلاتقان ۋە بەزىلىرىنى پلاستىنكا قىلىپ ئىشلەپ تارقاتقان ھۇسەنجاننىڭ تەمبۇر بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىلىرى، زىكرى ئەلپەتتا دۇتار بىلەن ئىجرا قىلغان «بارسىلا بىللە بارايلى» ئاھاڭى، جارۇللايوف ئورۇندىغان «جۇنۇن»،

«شەرۋانىخان» ، «قارا دەيدۇ» ، «ئاغىچا ئانا» ، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىلار ئەنە شۇ چاغدا لېنتىغا ئېلىنغانىدى.
مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى تاجىكىستان، تۈركمەنىستانلارغا بارغاندىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق شۆھرەت قازىنىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.
تۈركمەنىستاننىڭ ئاياللىرىدا كەشمىر ياغلىقتىن بىرنى بېشىغا ئارتىپ، يەنە بىرنى مۈرىسىگە تاشلىۋالىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئەرلەر بېشىغا پاپاخ كىيىپ يۈرىدىكەن. سەنئەتچىلەر بۇ يەردە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن داڭدار ئاتلارنى كۆردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاتلارنىڭ بەزىلىرى نېمىسلارنى تاكى گېرمانىيىگىچە قوغلاپ بارغانىكەن. ھەربىر ئاتنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بەلگىلەنگەن ئۇنۋانى بولۇپ، ئاتلارنىڭ تەمىناتىمۇ شۇ دەرىجە بويىچە پەرقلىق بولىدىكەن. تۈركمەنىستان چەۋەندازلىرى بۇ ئاتلارغا مىنىپ ماھارەت كۆرسىتىشتى... ئۇمەك يەنە تۈركمەنىستان سەنئەتچىلىرى ئوينىغان «غېرىب – سەنەم»نى كۆردى. ئەسەر ۋەقەلىكى شىنجاڭدا ئويناۋاتقان «غېرىب – سەنەم»گە ئوخشىشىمۇ، ناخشا – ساز، دېكوراتسىيە سەنئىتىدە نۇرغۇن ئوخشاشماسلىقلار بار ئىدى. تۈركمەنىستان ئوينىغان «غېرىب – سەنەم» مۇزىكىلىق ئوپېرا ئىدى.
تۈركمەنىستاندا بولغان بىر زىياپەتتە «غېرىب – سەنەم» دە غېرىب رولىنى ئالغان يىگىت ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كېلىپ، بىر قەدەھ ھاراق سۇنۇپ:
— ئۇستا، سىزدىن ئۆگىنىمەن. ئاڭلىسام، سىز شىنجاڭدا غېرىب رولىنى يىگىرمە يىل ئوينىغانىكەنسىز، مەن بەش يىل موسكۋادا ئوقۇپ يېقىندا كەلدىم. بۇ رولغا چىقىشىم تېخى ئۈچىنچى قېتىم. ياخشى رول ئېلىشىم ئۈچۈن كۆپرەك پىكىر بېرەرسىز، — دېدى.

جارۇللايوف ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئويۇنۇڭلار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بىز ئوينىغان «غېرىب - سەنەم» بىلەن كۆپ ئوخشاشمىسلىقلىرى بار ئىكەن. ئارتۇقچىلىقلىرىڭلاردىن ئۆگىنىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

※ ※

مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى ئولتۇرغان پويىز سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئاشۇ بىرقانچە جۇمھۇرىيەتلەر جايلاشقان كەڭ داللارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ يەنە ئالمۇتىغا قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۆمەك ۋەتەنگە ئۇچۇش تەييارلىقىنى قىلىش كېرەك ئىدى، لېكىن، بۇ يەردە ئۇلارنى چېلەكنىڭ ۋەكىللىرى كۈتۈپ تۇراتتى. چېلەك ئاممىسى شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ چېلەككە كەلمەي كېتىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلغانىدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قارارى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئويۇننى چېلەكتە ئويناش بەلگىلەندى.

چېلەك ئىلىدىن چىققانلار كۆپرەك جايلاشقان ئۇيغۇر رايونى ئىدى. بۇ يەردىكى ئالمىلىق باغلار كىشىگە ئىلىنىڭ پۈرىقىنى بېرەتتى، ئوخشاشمايدىغان بىر يېرى — بۇ باغلاردا ئاپورت ئالما كۆپرەك بولىدىكەن. ماشىنىدا كېتىپ بارغاندا، بەزى ئائىلىلىكلەر ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا كاۋا توغراپ مانتىغا تۈتۈش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى غىل - پال كۆزگە چېلىقاتتى...

چېلەك ئاممىسى سەنئەتچىلەرنى خېلى ئۇزۇن يولغا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. چېلەك رايونى نامىدىن كاتتا زىياپەت بېرىلدى. بۇ بىر كۈنلۈك ئويۇن كۈندۈزى ئوچۇق مەيدانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەيدانغا يىغىلغان ئادەمنىڭ سانى يوق ئىدى. دەرەخلەر ئۈستىدە باللار قاغىدەك قونۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

تاماشىبىنلار ئىچىدە غۇلجىدىن چىقىپ كەتكەن تونۇش كىشىلەر كۆزگە چېلىقاتتى. ئارتىسلار بۇ ئاخىرقى بىر مەيدان ئويۇننى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئوينىدى. ھەربىر نومۇردىن كېيىن مەيداندىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ساداسى ئۇزۇنغىچە بېسىلمايتتى...

ئۆمەك چېلەكتىن كېلىپ، ئالمۇتىدا بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا قايتتى. ئايروپىلاننىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىغا يۆلەنگەن ھەربىر سەنئەتچىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار ۋەتەننى سېغىنغانىدى. بۇ قېتىم ئۇلار شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى يېڭى سەۋىيىسىنى چەت ئەللەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك نامايان قىلىپ، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

# ئالتىنچى قىسىم

# ئاخىرقى سۆزلەر

## ئون توققۇزىنچى باب

# رول ئالغۇچىلار ۋە ياراتقۇچىلار

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى: ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بىلەن زامانداش سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسى — ھەم رول ئالغۇچىلار، ھەم ياراتقۇچىلاردۇر. ئۇلار سەھنە ھاياتىنى باشلىغان دەۋردە تېخى بىزدە سەھنە ئەسەرلىرىنى قانداق ئويناش، سەھنىدە قانداق رول ئېلىش توغرىسىدا ھېچقانداق تەييار ئۆلگە يوق ئىدى. تەييار سەھنە كىتابلىرىمۇ ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەنىدى، كىتاب دېگەن سەھنە ئويۇنىنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇنى باشقىلار سەھنىگە قانداق ئاچىققان؟ رېژىسسورلار بۇ كىتابقا قانچىلىك ئەمگەك سىڭدۇرگەن؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ دەۋرلەردە ئوينالغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى زاماننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يازغۇچىلىرىمىز ئۆزى يېزىپ چىقتى. بۇ ئاپتورلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى يەنە سەھنىدە رول ئالغۇچىلار ئىدى.

ئەنۋەر ناسىرى، نۇر بوساقوف، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زىيا سەمەدى، زۇنۇن قادىرى، كېۋىر نىياز ئوخشاش شائىر، يازغۇچىلار ئەينى يىللاردا سانايىنەپىسە خىزمەتلىرىگە قول سالغان، نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ بىناسىغا دەسلەپكى خىشلارنى قويغان، شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئۆزلىرى روللارغا چىققان.

سەھنە كىتابى ياخشى يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئەگەر ئۇ

تەجرىبىسىز رېژىسسور بىلەن پىشمىغان ئارتىسنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ھاياتىي كۈچ تاپالمايدۇ؛ ئەكسىچە، تەجرىبىگە مول رېژىسسور بىلەن تالانتلىق ئارتىس بەزىدە ئادەتتىكى سەھنە ئەسەرلىرىگىمۇ جان كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ. ھازىرقى زامان درامىچىلىقىمىزنىڭ تۈنجى تەشكىللاتچىلىرىدىن بولغان جالالىدىن يەھيارى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇنداق رېژىسسورلاردىن ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى روللارغا چىقاتتى، ئىجاد قىلاتتى. جالالىدىن يەھيارى «ئارشىن ـ مال ئالان»دا قىزىقچى ۋەلىنىڭ رولىنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ ئويناپ ئۈلگە كۆرسەتكەنىدى. قاسىمجان قەمبىرى «غېرىب ـ سەنەم»دە غېرىب، «قانلىق داغ»دا روشەننىڭ دادىسىنىڭ روللىرىنى ئالغان، ھەتتا ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوينالغان «پەرھاد ـ شېرىن» ئەسىرىدە جادۇگەر ئايال ياسمەننىڭ رولىغىمۇ چىققانىدى. قاسىمجان قەمبىرى «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن يەنە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ ئىنقىلابنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ خىزمەت كۆرسەتتى.

ئۇ يىللاردىكى سانايىنەپىسە ئادەتتىكى بىر سەنئەت تەشكىلاتى بولماستىن، جەمئىيەتتىكى ئىلغار زىيالىيلار، سەنئەت خۇمار ھەۋەسكارلار، جامائەت ئەربابلىرى ئىشتىراك ئېتىدىغان بىر پائالىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن بولغان رەخىمجان سابىر ھاجىيوفمۇ سانايىنەپىسنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىپ، ئۆزى روللارغا چىققانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەھبەرلىرىدىن بولغان ئەمەتخان مۇقاملارنى ئېيتاتتى، سانايىنەپىسنىڭ مۇزىكا ئەترىتىگە قاتنىشىپ داپ ـ دۇمباقلارنى چالاتتى. سانايىنەپىسىدە باشتىن ـ ئاياغ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن غوپۇرجان ناسىرىمۇ زۆرۈر بولغاندا سەھنىگە چىقىپ، «ئارشىن ـ مال ئالان»دىكى ۋەلى قاتارلىقلارنىڭ رولىنى

ئالغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئىتى، سانايىنەپەسنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان قاسىم مۇسايوفمۇ روللارغا چىققان، «غېرىب – سەنەم» نى سەھنىلەشتۇرۇشتە مەلۇم ھەسسە قوشقانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان قېيۇمبەگمۇ «غېرىب – سەنەم» دە ۋەزىر روللىرىنى ئوينىغانىدى.

سانايىنەپەسنىڭ مۇزىكچىلىرى تەييار نوتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ساز چالىدىغان چالغۇچىلارغا ئوخشاشمايتتى، بارلىق ئاھاڭلار ئۇلارنىڭ روھىغا قاچىلانغانىدى. ھېچقانداق نوتىسىز خاتا كەتكۈزمەي ئورۇندايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىجادچى ۋە رولچى ئىدى. سانايىنەپەسنىڭ مۇزىكا يېتەكچىسى روزى تەمبۇر «قانلىق داغ»، «نۇزۇگۇم»، «غۇنچەم»، «گۇلنىسا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى خەلق ئاھاڭلىرىنى ئىجادىي ھالدا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىققان، شۇنداقلا ئۇ «غېرىب – سەنەم» دە جۇنەيدىن باغدادى قاتارلىق روللارغا چىققان. «قۇرغۇيۇم» دېگەن ناخشىنى مەتتاھىر ھەسەن ئىشلىگەنىدى. «شۈكرى كىم» دېگەن ناخشىنى ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللام بىلەن ئابۇنەبى ماناپوف ئىجاد قىلغانىدى. ئابدۇنەبى ماناپوف ئىشلىگەن يەنە بىر ئاھاڭ «پەرھاد – شېرىن» دىكى بىرىنچى ناخشا — «دېھقان ناخشىسى» غا ھۇسيىن تەمبۇر بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن.

ھۇسيىن تەمبۇر تەمبۇرگە ناخۇن ئورۇپ چېلىشتا ئۆزگە خاس ماھارەتكە ئىگە چالغۇچى ئىدى. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنىڭ بىرى زوردۇن نۇسرەت: «مېنىڭ سازەندە بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەب بولغان نەرسە — ھۇسەيىننىڭ تەمبۇرگە ناخۇن چېكىشى. ئۇنىڭ ‹ئۆسەك›، ئاھاڭىغا يەككە چالغان بىر قېتىملىق سازى يۈرىكىمگە تەمبۇر ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى سالغانىدى» دەيدۇ. ھۇسيىن تەمبۇر چاقچاقچى ئادەم ئىدى. تەمبۇر چېلىشتا

ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتقانىدى. ئۇ «ئىككىنچى جۇنۇن»، «پەرھاد ـ شىرىن» دىكى «كىردىم يولۇڭغا» دېگەن ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى ئىشلىگەن. ئەپسۇسكى، شۇم ئەجەل بۇ تالانت ئىگىسىنى ئوتتۇز نەچچە يېشىدىلا ئاردىن ئەكەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە روزى تەمبۇر بىلىگە ئاق باغلاپ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ھەسرەت بىلەن يىغلاپ ماڭغانىدى...

خەلق ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ، سەھنىگە لايىقلاشتۇرۇشتا ھاسان تەمبۇرنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇ «پەرھاد ـ شىرىن»غا كىرگۈزگەن «دەرىخا ئايرىلىپ قالدىم»، «مېنى ھەر زامان» دېگەن ناخشىلار ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن ئاھاڭلار ئىدى. ھاسان تەمبۇرنىڭ «غېرىب ـ سەنەم»گە ئىشلەپ بەرگەن «تەسەددۇقىڭىز مەن بولاي» دېگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ ئۆزىگە خاس پۇراقتا ئىگە... ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سانايىنەپىسە ئارتىسلىرى كوچىلارغا چىقىپ كوچا تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغانىدى. ھاسان تەمبۇر بۇ تەشۋىقات ئۈچۈن نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن ۋە ئۆزى دۇتار چېلىپ چىقىپ ئورۇندىغان. جارۇللايوف بۇ تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلەنگەن يالغۇز كىشىلىك ناخشىلارنى ئېيتقانىدى. بۇ ناخشىلار:

ئېچىلغان گۈل قىزىلگۈل ھەرگىز سولمايدۇ،
گۈزەللىككە قەست قىلغان ھايات كۆرمەيدۇ.
خۇشال بۇلبۇل سايرايدۇ ئاشۇ گۈلزاردا،
ھەممە جاننىڭ كۆڭلى خۇش گۈللۈك باھاردا.

بۇ باھاردا ئۆسكەن بىز، دائىم ئۆرلەيمىز،
دەككە بېرىپ دۈشمەننىڭ بىرىنى قويمايمىز.
خۇشال بولۇپ سايرايمىز ئۆملۈك جاھاندا،
ھەممە جاننىڭ كۆڭلى خۇش گۈللۈك باھاردا...

دېگەن تېكىستلەردا ياكى بولمىسا:

توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
يەڭدۈق بىز قارا تۈننى.
بۇ ۋەتەندىن قوغلايمىز،
ۋەھشىي، قانخور ياپوننى...

دېگەندەك مەزمۇنلاردا ئېيتىلاتتى.

داڭلىق چالغۇچى زىكرى ئەلپەتتانىڭ شۇ يىللاردا «غېرىب ـ سەنەم» دە شاھى ئابباس رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. يەنە ئۇ «رۇخسار» مۇقامىغا ئىشلىگەن ئاھاڭلار «غېرىب ـ سەنەم» گە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئويۇندا سەنئەت جەھەتتىن يەنە بىر بالداق روشەن يۈكسىلىش بولغانىدى. كومېدىيىلىك روللارنىڭ ئۇستىسى مەرۇپ ناسىرىمۇ «غېرىب ـ سەنەم» دە جۇنەيدىن باغدادى، شاھى ئابباس روللىرىدا بولغان. چالغۇچى زوردۇن نۇسرەت «ئانارخان» مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان ۋە روللارغا چىققان. چالغۇچى ۋە ئارتىس بىلاخان كېپەكمۇ مۇھىم روللارنى ئىجرا قىلغان. قاسىم ئاخۇن ماروژنىچى بىلەن خالىق ئاخۇن دېگەن كىشىلەر «قارا يورغا» ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرى ئويناپ چىققان، ئۇلار يەنە «خوراز سوقۇشتۇرۇش» قاتارلىق كۆلكىلىك كومېدىيىلەرنى ئىشلىگەن. تۇرسۇن سەمەتوف قاتارلىق كىشىلەر شۇ دەۋردە سوپىلۇرلۇق خىزمىتىنى باشلاپ ئىشلىگەن تۇنجى سوپىلۇرلار ئىدى.

سەھنىنى لايىھىلەش، دېكوراتسىيە ئىشلەش ئىشلىرىدىمۇ ھېچقانداق تەييار ئۈلگە يوق ئىدى. ھەممىگە باش قاتۇرۇشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلەتتى. ئارتىسلارنىڭ سەھنىگە ھەقىقىي ئاتلارنى مىنىپ، گىرىمسىزلا چىققان ئىشلىرىنى

سۆزلىسە ھازىر ناھايىتى كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ... ئۇ زامانىنىڭ دېكوراتسىيە ياساش ئۇسۇللىرىمۇ تېخى ناھايىتى ساددا ئىدى. ياغاچ كېپىكىنى يېشىل بوياپ سەھنىگە چېچىپ «چىمەنزارلىقلار» ھاسىل قىلىناتتى. بىر توپ ئالمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان ئالما شېخىنى سەھنىگە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا قەغەزدىن يوپۇرماقلارنى قىيىپ بېكىتىپ، ھەقىقىي ئالمىلارنى ئېسىپ قويۇشاتتى. يېپىقلىق پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈنگۈدەك بىر تۆشۈك قالدۇرۇلاتتى. ئېلانچى پەردىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ «پالانى رولدا پوكۇنچى» دەپ ئېلان قىلغاندا شۇ رولنى ئالغۇچى ئارتىس پەردىنىڭ كەينىدىن ھېلىقى تۆشۈككە كېلىپ، تاماشىبىنلارغا چىرايىنى كۆرسىتىپ قوياتتى... بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىشلىنىشى شۇنچىلىك ئاددىي بولسىمۇ، كىشىلەرگە بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسى ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان سەھنە كۆرۈنۈشلىرىدىن تۆۋەن تۇرمايتتى، شۇ چاغدىكى سەھنە قۇراشتۇرۇش ئىشلىرىدا رەسسام ئابلىزخان مەسۇم، ئىسلام ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، ئىسمايىللار كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇلار دەسلەپكى سەھنە خىزمەتچىلىرىدۇر. ساتىراش ھېزىم يۇسۇپنى سانايىنەپىسىنىڭ تۇنجى گىرىمچىسى دېيىشكە بولىدۇ. غۇلجا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇپ يۇرگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىپ رەسىم سىزىپ، دېكوراتسىيە ئىشلىرىغا ياردەملەشكىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە...

زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ سانايىنەپىسىدە دېكوراتسىيە ئىشلەشكە قانداق ياردەملەشكىنىنى ئەسلەپ: «...كېيىن، دېكوراتسىيە ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىشقا باشلىدىم. سۇنئىي دەرەخ ياساش، قار ياغدۇرۇش، ئاي ـ يۇلتۇزلارنى پەيدا قىلىش، توخۇنىڭ چىللىشى، ئىتنىڭ ھاۋشىشى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلالايدىغان بولدۇم... سىۋېت تەڭشەش ئۈچۈن تورۇسلارغا يامشىپ چىراغلارنى

ئورنىتاتتىم... شۇنداق قىلىپ، سەھنە ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قاتتىق چارچاپ كەتكىنىمنىمۇ بىلمەي قالاتتىم. لېكىن دېكوراتسىيە كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنگەن كۈنلىرى ئۆيگە قايتقاندا ئۆزۈمنى ئىنتايىن يېنىك ھېس قىلاتتىم. جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار، گۈزەل ئايدىڭ كېچە، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرى... كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئويۇننىڭ شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغانلىقىدىن كىشىلەر تازا رازى بولغاندۇ ـ ھە؟! دېگەن خىياللار ئىچىدە كېچىچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەن كۈنلىرىممۇ بولغانىدى» دەپ يازىدۇ.

سەھنە جاھازلىرى ئىلغار بولمىغانلىقتىن سەھنە قۇراشتۇرۇشتا كۆپ قىيىنچىلىقلار بولۇپ تۇراتتى. ئويۇننىڭ پەردە ئارىلىقلىرىدا دېكوراتسىيەلەرنى يۆتكەپ باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. مۇنداق چاغدا ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق ئاتاقلىق سازەندىلەر ۋە ئاق تېيىپ ھاجى، ئابدۇل چۇكچۇك قاتارلىق ناخشىچىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مۇزىكا گۇرۇپپىسى بىر يۈرۈش خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى مەلىكە قىلىپ تۇراتتى. جارۇللايوف ناخشىلارنى يۈرۈشتۈرۈپ ئېيتىشنىڭ كۆپ ئۈلگىلىرىنى ئەنە شۇلاردىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەنىدى.

ئويۇن قويۇش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئارتىسلار ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى. بىر قېتىم: ناخشىچى مۇزىكىغا ئەگىشىشى كېرەكمۇ؟ مۇزىكا ناخشىچىغا ئەگىشىشى كېرەكمۇ؟ دېگەن تالاش ـ تارتىش بولۇپ قالدى. ئۇ چاغدىكى ناخشىچىلار بىلەن چالغۇچىلار نوتىدىن پايدىلانمىغاچقا، بەزىدە ناخشا بىلەن ساز ماسلىشالمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ جارۇللايوفنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولغاچقا، بەزىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناخشا سوزۇلۇپ كېتىپ قالاتتى.

هاسان تەمبۇر بۇ مەسىلىنى: «ئەسلىدە مۇزىكا باشلاپ ماڭىدۇ، ناخشىچى مۇزىكىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. لېكىن، سەھنە — ئولتۇرۇش ئەمەس، سەھنىدە رول ئالغۇچى سەھنە ۋەقەلىكىگە ماسلىشىپ ھېسسىياتلىنىپ، ناخشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ياكى مۇڭلۇق ئېيتىشۋاتقان بولسا، رول ئالغۇچىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن مۇزىكا ناخشىچىغا ئەگىشىشىمۇ بولىدۇ» دەپ خۇلاسىلىگەنىدى.

شۇنداقلا، يەنە ھەربىر يېڭى يېزىلغان ئەسەر سەھنىدە قويۇلۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ، رېژىسسور ۋە ئارتىسلار تەرىپىدىن ئىجادىي ھالدا يېڭى ھەرىكەتلەر قوشۇلۇپ مۇكەممەللىشىپ باراتتى. «غۇنچەم» درامىسىدا غۇنچەم نۇرۇمنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. جارۇللايوف بىر قېتىم بۇ ئويۇندا نۇرۇم رولىنى ئويناۋېتىپ، سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقان غۇنچەمنىڭ يۈزىگە ئوچۇمدىكى سۇدىن ئازراق چېچىۋېتىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئەسلىدە كىتابتا يوق ئىدى. نۇرۇمنىڭ غۇنچەمگە بولغان ئامراقلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ تەبىئىي ھەرىكەتنى تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇ چاغدا كىتابنىڭ ئاپتورى بولغان زۇنۇن قادىرى تۆۋەندە كىشىلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ ھاياجاندىن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، كۇلۇبىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر بولاق نەشپۈت سېتىۋېلىپ، سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ:

— ۋاي، ۋاي... غۇنچەمنى يېزىپ بۈگۈن بىر ھاردۇقۇم چىقتى-دە، رەھمەت ساڭا، — دەپ ھېلىقى نەشپۈتنى جارۇللايوفقا سۇنغانىدى.

جارۇللايوف قانچە ئويۇنلارغا مۇشۇنداق ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى قوشقانلىقىنى ھازىر ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ.

# يىگىرمىنچى باب

## سەنئەتكە ئىشتىياق

يىراقتىكىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ ئالدىنقى بىر ئەۋلاد پېشقەدەملەرنىلا تىلغا ئالساق: زىكرى ئەلپەتتا، قەمبەرخانىم، ئەمەت ئۆمەر، پاتەم قۇربان، يولۋاسخان، پاشا ئىشان، ھۇسەنجان جامى، مۇساجان روزى، ئابلىزخان مامۇت، غىياسىدىن بارات قاتارلىق بۇ كىشىلەر زادى قايسى سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان؟ ئۇستازى كىم؟… بۇ سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بەلگىلىك بىر سەنئەت مەكتىپىدە سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقسىڭىز، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇقىم بىر ئۆگەتكۇچىسىمۇ يوق. ئۇلار سەنئەتكە بولغان تۇغما ئىنتىلىش، ۋۇجۇدىدىكى قايناپ تۇرغان ھەۋەس بىلەن رەڭگارەڭ تۇرمۇش ئىچىدىن سەنئەت شىرنىسىنى سۈمۈرگەن. ئۇلارغا ئۆز ھاياتىدا بىر ئەمەس، نۇرغۇن ساز ئۇستىلىرى ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ مەكتىپى — تۇرمۇش، ئۇستازى — خەلق بولغان.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭمۇ ئاتاقلىق ناخشىچى بولۇپ يېتىلىشىدە مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى نەغمىچىلەر، موزدۇزلار ئارىسىدىكى ناخشىچىلار، ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ھۈسىيىن تەمبۇر، ساۋۇتكام بېدىك، ئاق تېيىپ ھاجى… تۇرمۇشتىكى مانا شۇنداق يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەسسىسى بار.

جارۇللايوفتىن: «زادى سىزنىڭ ئۇستازىڭىز كىم؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ئەنە شۇنداق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ، بەزىدە ھېچكىمنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمۇ قالىدۇ. تالانت ئىگىلىرىگە ھەممە نېمىنى بىرەر كىشىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتىپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىنى ئۆزى ئىزدەپ تاپالايدۇ. ئاخىرىدا شۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى زادى نەدىن، كىمدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدۇ...

جارۇللايوف ئۆزىنى، «خېلى يېتىلگەن ناخشىچىمەن» دەپ يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ ئاددىي ئادەملەر ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ بەزى يەرلىرىگە ئىزاھ بېرىپ قوياتتى.

بىر كۈنى ئابدۇۋەلى يېزا يولىدا «سېپىل ناخشىسى»نى تولۇلاپ كېتىپ باراتتى. ناخشا:

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سېپىل سوققانلار نەلىك؟
بىز بەگكە نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك...

دەپ ئاخىرلاشقاندا، جارۇللايوفنىڭ ئارقىسىدىن ناخشىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر دېھقان:

— ياشا ئوغلۇم! ئەجەبمۇ چىرايلىق ئېيتتىڭا. سەندىن بىر گەپ سوراي، ھازىر «بىكار ياتىدۇ شەلىك» دەپ ئېيتتىڭ. ئاشۇ «شەلىك» دېگەنلىرى كىملەر، بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— شەلىك دېگىنى شۇ شەھەردىكى ئادەملەردۇر، — دېدى جارۇللايوف.

— مانا، مانا! — دېدى دېھقان كۈلۈپ، — ناخشىنىغۇ ياخشى ئېيتىدىكەنسەن، شۇ ناخشىلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نېمە

دەۋاتقىنىنى ئانچە چۈشەنمەيدىكەنسەن ـ دە!
— ئەمىسە، شەلىك دېگەنلەرى كىملەر؟
— شەلىك دېگىنى شەھەردىكى تۆمۈرچى، موزدۇز، ئېلىپساتارلار ئەمەس، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئىچىدىكى دوتەي، دارىن، بەگ ـ غوجاملارغا دارتىملىغان گەپ. شۇ زامانلاردا ئۇلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالالماي «شەلىك» دەپ قويغان.
دېھقان شۇنداق دەپلا ئۆتۈپ كەتتى. جارۇللايوف ئويلىنىپ قالدى. ئۇ سېپىل ناخشىسىنى قانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، ناخشىنىڭ سۆزلىرىدىكى مۇنداق چوڭقۇر مەزمۇننى تېخى ئويلاپ يەتمىگەنىدى.
ناخشىلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتا ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇزاققىچە شۇ بويىچە ئېيتىپ يۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى.
بىر قېتىم جارۇللايوف دولانيۈزىدىكى بىر سورۇندا:

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئىسلاميۈزىدە پاختەك...

دەپ ناخشا ئېيتىۋىدى، شۇ يەرلىك ئاقساقال خېلىل ئىمام:
— ئىسلاميۈزىدە «پاختەك» ئەمەس، بەختەك. بۇرۇن ئابلاشلىق بىر يىگىت بولغانىكەن. ئۇ ئىسلاميۈزىدىكى بەختىخان دېگەن بىر ئايالغا ئاشىق ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئابلاشتىن چىقىپ ئىسلاميۈزىدىن ئۆتكەندە بۇ ناخشىنى ئېيتىدىكەن، — دەپ تۈزەتكەنىدى.
خەلق ئەنە شۇنداق ئاددىي ۋە سەمىمىي ئۇستاز ئىدى.

※ ※

ئەينى يىللاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئارتىسلارغا مۇقىم ئىش ھەقلىقى بېرەلمەيتتى. سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىۋاتقانلاردىمۇ «مۇشۇ ئىش بىلەن جېنىمنى باقىمەن» دېگەن

خىيال يوق ئىدى. سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق، كۈچلۈك بىر ھەۋەس ئىلكىدە ئۇلار سەنئەت تەشكىلى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرۈشەتتى.

زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە، سانايىنەپىسىدە سەھنىدە رول ئېلىشقا قانچىلىك قىزىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «... ئوق تەگكەن ئادەمنىڭ يىقىلىشىنى ئوخشىتىش ئۈچۈن ئاخشىمى ئۆيۈمدە ھەر خىل قىياپەتتە يىقىلىپ مەشىق قىلاتتىم. تام ئەينەككە قاراپ چىرايىمنى تەكشۈرەيتتىم. تۇۋرۈككە ياستۇق تېڭىپ قويۇپ ئۇنىڭغا مۇشت ئاتاتتىم. جېدەل چىقارغانلارنى دوراپ ۋارقىرايتتىم ... ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ‹زۇنۇن ئاشىق› دەپ لەقەم قويغانىدى...» جارۇللايوفمۇ سانايىنەپىسگە قاتناشقان چاغلاردا سەھنىگە چىقىشنى دائىم ئارزۇ قىلاتتى، رولنى ياخشى ئالالمىسام رېژىسسور ئورنۇمغا باشقا بىر ئادەمنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسۇن، دەپ يوتقاندا يېتىپمۇ رولدىكى سۆزلەرنى يادلايتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ھەلىمىخان قانچە قېتىم «بالام، نېمە بولۇۋاتىسەن؟ خۇدايىمغا ئامانەت!» دەپ ئۇنى ئېلىشىپ قالمىغىيدى، دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدى.

ھېچكىم مائاش ئالمىسىمۇ سانايىنەپىسگە قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئىدى، ئىنتىزامىمۇ ناھايىتى چىڭ ئىدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھەرقانداق ئىش - ئوقىتىنى تاشلاپ ھەممە جەم بولاتتى... سانايىنەپىسە يېڭى قۇرۇلغاندا، ھاسان تەمبۇرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شەھەر بازارلىرىنى راۋاب چېلىپ ئارىلاپ يۈرىدىغان ھېلىقى شاكىچىكمۇ ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغانىدى ۋە ئۇ بىرقانچە قېتىم سەھنىگە چىقىپ ئۆز نومۇرلىرى بىلەن ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. لېكىن ئۇ سانايىنەپىسنىڭ مۇنداق قاتتىق تۈزۈمىگە ئادەتلىنەلمىدى. بىر كۈنى ئۇ رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ: «مەن راۋابىمنى چېلىپ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ

قاپتىكەنمەن، بىر يەردە ئۇزاق تۇرۇپ كەتسەم ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن، ماڭا رۇخسەت قىلىشسىلا» دەپ كېتىپ قالغانىدى.

سانايىنەپىسە ئارتىسلارنىڭ خىزمىتىنى دائىم باھالاپ تۇراتتى. رولنى ياخشى ئالغانلار تەقدىرلىنەتتى. ياخشى مەشىق قىلمىغانلار، ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلار تەنقىدلىنەتتى.

1938 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، غۇلجىدا قۇربانجان دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ سوۋېتكە مال ئۆتكۈزىدىغان سودىگەرلەردىن ئىدى. بىر قېتىم ئۇ سوۋېتتىن يېڭى سېتىۋالغان شەخسىي ماشىنىسىدا جارۇللايوفنى ئويۇنتىپ كەلمەكچى بولۇپ ئاچىقىپ كەتتى. ماشىنا كەڭسايىنىڭ ئىچىگە بارغاندا بۇزۇلۇپ قېلىپ ئۇلار ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىدى. شۇ كۈنى كەچتە جارۇللايوف ئاساسىي رول ئالىدىغان بىر ئويۇن ئاخىرقى رېپېتىتسىيە قىلىنماقچىدى. جارۇللايوف شۇنچە تېپىرلىغان بولسىمۇ، يولدا چۇشۇۋالىدىغان بىرەر ماشىنا ئۇچرىتالمىدى... شۇ كەچتە رېپېتىتسىيە مەيدانىغا رېپېتىتسىيە ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ سانايىنەپىسىنىڭ ئادەتتىكى ئارتىسلىرىغىچە ھەممەيلەن يىغىلغانىدى. جارۇللايوفنى كۈتە ـ كۈتە، ئاخىر ئويۇن ئوينالماي تارقىلىپ كېتىشتى. رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى ئاچچىقىدا ئارتىسلارغا: «ئەمدى ئابدۇۋەلى كەلسە، ھېچقايسىڭلار چىراي ئاچقۇچى بولماڭلار!» دەپ ئۇقتۇردى.

ئەتىسى جارۇللايوف رېپېتىتسىيە مەيدانىغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ كىرىپ كەلگەندە پۈتۈن ئارتىس، چالغۇچىلاردىن بىرمۇ كىشى ئۇنىڭغا باش كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خىجالەت بولۇپ تۇرغان ئابدۇۋەلى ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى. ئارتىسلار قايتقاندا جالالىدىن يەھيارى جارۇللايوفنى ئېلىپ قېلىپ:

— سەن قارىغۇجا ئوينىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوينىغان، — دېدى ئابدۇۋەلى.

— قارىغۇجا قايسى ۋاقىتتا ھەممە قۇشلارنى دوراپ سايرىيالايدىغان بولىدۇ، بىلەمسەن؟

ئابدۇۋەلى جاۋاب بېرەلمىدى.

— قارىغۇجا ئىككى جاۋغىيىدىكى سېرىق تۈكلەر يىتكەندە ئاندىن ھەممە قۇشلارنى دورىيالايدىغان بولىدۇ. سەن قۇرغۇي ئوينىغانمۇ؟ قۇرغۇينى قانچە قارت①بولغاندا ئاڭغا سالغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى جالالىدىن يەھيارى.

ئابدۇۋەلى يەنە جاۋاب بېرەلمىدى.

— قۇرغۇي، — دېدى جالالىدىن يەھيارى، — تۆت قارت بولغاندا ئاندىن ئاڭنى ئالالايدۇ. سەن تېخى ئىككى قارتمۇ بولمىدىڭ. جاۋغىيىڭدىكى سېرىق تۈكلەرمۇ تېخى يېتىلمىدى. بىر ئاددىي موزدۇز ئىدىڭ، ئۇستازلار تەربىيىلەپ ئاساسلىق ئارتىس قىلدى. ئەمدىلا تېخى خەلقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ، «ۋاي ئابدۇۋەلى!» بولۇپ قېلىۋىدىڭ، كۆپچىلىكنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تەشكىلسىزلىك قىلساڭ بولامدۇ؟... ئەگەر رەسمىي ئويۇن قويۇلىدىغان كۈن بولۇپ، نەچچە يۈز ئادەمگە بېلەت سېتىۋەتكەن بولساق قانداق بولاتتى!؟...

جالالىدىن يەھيارىنىڭ شۇ كۈنكى تەنقىدى جارۇللايوف ئۈچۈن ئۆز ئۆمرىدىكى ئۇنتۇلماس بىر تەربىيە بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ رېپېتىتسىيە مەيدانىغا دائىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىدىغان بولغانىدى.

※ ※

خەلقنىڭ سەنئەت ئىشىغا بولغان ئىنتىلىش شۇ يىللاردىكى سەنئەتچىلەردە ھەرقانداق توسالغۇلارنى يېمىرىپ تاشلايدىغان بىر

---

① قارت — قۇرغۇينىڭ قۇيرۇقى تەرىپىدىكى قارا سىزىقچە.

پىداكارانە روھنى پەيدا قىلغانىدى.

كىشىلىك تۇرمۇش ئاياللار دۇنياسىدىن ئايرىلالمايدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەھنىدىمۇ ئاياللار كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن، 30 ـ يىللاردىكى دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋە فېئودالىزمنىڭ قارشىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان شارائىتتا، ئاياللارنىڭ سەھنىدە رول ئېلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نۇرغۇن كۈچلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇ يىللاردا شەھەردە ئەلاخان دۇتارچى، ئاق بالىخان، پاتەم سەتەڭ قاتارلىق ئايال نەغمىچىلەر بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت خېنىملارنىڭ چايلىرىنىلا ئاۋات قىلاتتى… دەسلەپتە سەھنىدە ئاياللار رولىنى ئەرلەر ئوينىدى. ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللام تولىراق مومايلارنىڭ رولىنى ئالاتتى. ئەلاخان دۇتارچىنىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت قىزلارنىڭ رولىغا چىقاتتى.

كېيىن ئىلغار زىيالىيلار ۋە سەنئەتچىلەر ئالدى بىلەن ئۆز ئاياللىرىنى سەھنىگە چىقىشقا دەۋەت قىلدى. ئارتىسلاردىن بىرىنچى بولۇپ ئەينىدىن ئۆز ئايالى بىلەن رول ئېلىپ چىقىپ ئۈلگە كۆرسەتتى. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۆز زامانىسىنىڭ تالانتلىق ئارتىسلىرىدىن ئىدى. قاسىمجان قەمبىرىمۇ ئايالى رازىيە خانىم بىلەن سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى … كېيىن ‹ئىچكۈلۈك نەتىجىسى›، دېگەن ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان درامىدا رەخىمجان سابىرى ئايالى بىلەن رولغا چىقتى»[1]. شۇنىڭدىن كېيىن تۇراخان خانىم، گۈلسۇم، پەرۇزە، مەدىنە، پەرىدەم، شاكۇرە، سەلىمە زەيناۋۇدۇن، مىنەۋەر، ھەجەر، خەدىچە باگى، ئالتۇنخان، داناخان، سۇلتانقىز، ئامىنە قادىر ئوخشاش ئارتىسلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ سەھنىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئابدۇۋەلى

① زۇنۇن قادىرى «غۇلجا تىياتىرچىلىق ھەرىكىتى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە».

جارۇللايوف بىلەن گۈلسۈمگە، «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى… بۇ دادىل ئاياللارغا جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەۋەسى كېلەتتى، يەنە بەزىلەر بۇ ئاياللارنىڭ كوچىلاردا ئەركىن مېڭىپ، سەھنىلەردە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ رولىغا چىقىپ يۈرگىنىگە ھەيران بولۇپ، «يائاللا، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!» دەپ ياقىسىنى تۇتاتتى، ئايرىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر خىل ئىغۋالارنى تېرەتتى. دەسلەپتە رول ئالغان بۇ ئايال ئارتىسلارنىڭ سەھنىدىكى شۆھرىتى ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا قىلىنغان نۇرغۇن تۆھمەتلەر بەدىلىگە كېلەتتى. تۇنجى قەدەمنى قورقماي باسقان ئاشۇ ئاجايىپ ئارتىسلارنىڭ نامى سەنئەت تارىخىمىزغا جەزمەن يېزىلىشقا تېگىشلىك.

※ ※

سەھنىدىكى مۇھاپىزەت ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، سەھنە بىلىملىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە بەزى كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارتىسلار بەزىدە ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا تاسلا قالاتتى. 1938 ـ يىللاردا بولسا كېرەك، جارۇللايوف ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەزمۇندىكى «ئۆز مۇھەببەت» دېگەن ئەسەردە پارتىزانلار باشلىقىنىڭ رولىنى ئالغاندى. ئويۇندا پارتىزانلار باشلىقىنى دۈشمەن تۇتۇۋېلىپ قىيناپ سوراق قىلىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. يېرىم يالىڭاچ قىلىنغان پارتىزانلار باشلىقى ھوشىدىن كەتكەندە، دۈشمەن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سوغۇق سۇنى چاچاتتى. بىر قېتىم، كۈلۈبنىڭ ئىچىدىكى تېمپېراتۇرا ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، جارۇللايوفنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ، جىددىي داۋالاشتىن كېيىن ئاران ئۆرە بولالىغاندى.

بىر يىلى يازدا سەنئەتچىلەر كۆلدىلەڭسۇ دېگەن يايلاققا چىقىپ ئويۇن قويدى. يايلاقتىكىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە يەنە «غېرىب ـ سەنەم» دىن بىر پەردە ئوينالماقچى بولدى. سەنئەتچىلەر تەبىئىي بىر غار بار يەرنى تاللاپ سەھنە قىلىپ، غېرىبنىڭ قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالىدىغان كۆرۈنۈشىنى ئوينايدۇ. قاراقچىلار غېرىبنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالغاندا، يايلاقتىنلا تۇتۇپ مىنگەن ھېلىقى ئات ئۈركۈپ كېتىپ، غېرىب بىلەن قاراقچىنى ئېگىزلىككە قاراپ ئېلىپ قاچىدۇ. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ بېشىغا يۆگىگەن سەللە چۇۋۇلۇپ چۈشۈپ، ئاتنىڭ پۇتىغا يۆگىشىپ، ئات ئادەم بىلەن بىللە موللاق ئېتىپ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرگەندى…

«قانلىق داغ» دا ئەيسانى دارغا ئېسىپ قويىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئەيسا رولىنى ئالىدىغان ئارتىس ئادەتتە كىيىمىنىڭ ئىچىدىن بېلىگە سىم باغلىۋالاتتى. دارغا ئاسقاندا گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقى ھېلىقى سىمغا چۈشۈپ بوغۇلۇپ قالمايتتى. بىر قېتىم، جارۇللايوف ئەيسا رولىدا ئويناۋاتقاندا ئۇنى دارغا ئاسىدۇ. روشەننىڭ دادىسى كېلىپ ئەيساغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ. قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەنلىكتىن جارۇللايوفنىڭ بېلىگە باغلانغان سىم بوشىشىپ كېتىپ ئۇ بوغۇلۇپ قالىدۇ. ھوشيار رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى بۇنى سېزىپ قېلىپ، دەرھال پەردىنى ياپقۇزۇپ، جارۇللايوفنى يېشىپ چۈشۈرۈۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئەگەر يەنە بىر مىنۇتلا كېچىكىش بولغان بولسا، «ئەيسا» راستىنلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، بۈگۈنكى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ھاياتى شۇ يەردىلا ئاخىرلاشقان بولاتتى.

لېكىن، مۇنداق قىيىنچىلىق، مۇنداق خەۋپلەر ئەينى يىللاردىكى ئارتىسلارنى سەھنىدىن چېكىندۈرەلمىگەندى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئۇنىڭ تۆھپىسى

ئىلىدا قولىغا دۇتارنى ئالسا بىرەر پەدىگە يامىدىمايدىغان، قولىقىنى تۇتۇپ بىرەر ناخشىغا توۋلىمايدىغان ئادەم كەم تېپىلىدۇ. جارۇللايوفنىڭ ئاۋازى شۇنچە ياخشى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ھاياتى سەھنە بىلەن بىرلەشمىگەن بولسا، ئىلىدىكى يۈزلىگەن خەلق ناخشىچىلىرى قاتارىدا بۇ ئادەممۇ كۆزگە ئانچە تاشلانمايۋاتقان بولاتتى. سەھنە ئۇنىڭغا ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلىشقا، ئاۋازىدىن تولۇق پايدىلىنىپ شۆھرىتىنى يېيىشقا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. 1936 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە ئىلى تىياتىر ساھەسىدە ئوينالغان قىرىق - ئەللىكتىن ئوشۇق دراما، كومېدىيە، ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرالارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇ روللارغا چىقتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «باي ۋە مالاي» دا غوپۇر، «ئارشىن - مال ئالان» دا ئەسقەر، «غېرىب - سەنەم» دە غېرىب، «پەرھاد - شېرىن» دا پەرھاد، «لەيلى - مەجنۇن» دا مەجنۇن، «نۇزۇگۇم» دا باقەم، «غۇنچەم» دە نۇرۇم بولۇپ ئوينىغان روللىرى شۇ يىللاردىكى تاماشىبىنلاردا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

جارۇللايوفنىڭ تىياتىر ئارتىسلىقى ئۈستىدە گەپ ئاچقاندا، ئۇنىڭ چوڭ تېپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «غېرىب - سەنەم» دە رول ئېلىش ئەھۋالىنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك. 30 - يىللاردا بۇ ئوپېرا توققۇز پەردە ئون

كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ، ئەسەر ۋەقەسى غېرىب - سەنەمنىڭ بالىلىق ھاياتىدىن باشلىنىپ ئىككى كېچە ئوينىلاتتى. داڭلىق سەنئەتچى ھاسان تەمبۇر ناخشىنى قانداق باشلاش، ناخشىنى سازغا چۈشۈرۈش، ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى كەيپىياتنى سەھنە ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىغا قانداق ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەردە جارۇللايوفقا كۆپ تەلىم بەرگەنىدى. ئۇنىڭغا سەھنىدە رول ئېلىشنى ئۆگەتكۈچى ئاساسلىق ئۇستازلار يەنە قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەھيارىلار ئىدى. ئابدۇۋەلى ئاۋازىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ، ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىكى ناخشىلاردا مۇھەببەت زوقىغا چۆمۈپ غەمسىز ياشاۋاتقان غېرىبنىڭ شادلىقىنى، ئويۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ناخشىلاردا ياردىن جۇدا بولۇپ پالانغان غېرىبنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، ئاخىرقى پەردىلەردىكى ناخشىلاردا بولسا غېرىبنىڭ ئۆز مەشۇقىغا ئېرىشىش يولىدىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ، تاماشىبىنلارنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرەلىدى. جارۇللايوف «غېرىب - سەنەم» دە يىگىرمە نەچچە يىل باش رول ئالدى. ئەينى يىللاردا سوفىلۇرلۇق ناھايىتى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. سوفىلۇرلۇق دېگىنىمىز، سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تاماشىبىنلارغا كۆرۈنمەيدىغان بىر خالىي تۆشۈكچە بولۇپ، بىر كىشى شۇ يەردە سەھنە كىتابىنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. سەھنىگە چىققان ئارتىس سەھنە سۆزلىرىنى تاپالماي تېنەپ قالغۇدەك بولسا، شۇ يەردە تۇرۇپ لوقما سالاتتى. ئاتاقلىق رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ناھايىتى پىششىق تەربىيىلىگەنىدى. «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوينالغاندا ئۇنىڭغا سوفىلۇر ھاجەت ئەمەس ئىدى. ئۇ سەھنىدە قايسى تەرەپكە قانچە قەدەم ماڭغاندا قايسى ھەرىكەت، قايسى سۆزلەرنى قىلىش لازىملىقىنى يادقا بىلەتتى. بۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە سەنەم رولىنى ئوينايدىغان ئارتىسلاردىن رازىيە خانىم،

ھەجەر، گۇلسۇم، پەرىدە، ئاۋۇتەت، خەلىپەم قاتارلىق توققۇز - ئون «سەنەم» ئالماشتى (بۇنىڭ ئىچىدە گۇلسۇم سەنەم رولىدا خېلى ئۇزاق يىل ئوينىغان ۋە بۇ رولدا شۆھرەت قازانغانىدى). شۇڭا جارۇللايوف بەزىدە: «مەن يىگىرمە يىل غېرىب رولىنى ئاپتىمەن، توققۇز - ئون سەنەمنى قېرىپتىمەن» دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى. قىرىق - ئەللىك سەھنە ئەسىرىدە رول ئالماق، بىر رولنى يىگىرمە يىل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقماق ۋە شۇ جەرياندا ئۇنىغا يېقىن ئايال ئاساسىي قەھرىمانلار بىلەن ئۇچراشماق بىزنىڭ يېقىنقى زامان تىياتىر تارىخىمىزدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسا كېرەك. چەت ئەللەردە كىمنىڭ تاماكىنى كۆپ چېكەلەيدىغانلىقى، كىمنىڭ يۈزگە ھەسەل ھەرىسىنى كۆپرەك قوندۇرالايدىغانلىقى ئوخشاش ناھايىتى ئەرزىمەس ئىشلارنىڭمۇ رېكورتى ھېسابلىنىپ داۋراڭ سېلىنىدۇ. بىزدە بولسا خېلى چوڭ ئىشلارمۇ خاتىرىگە ئېلىنمايدۇ... جارۇللايوفنىڭ ئۆز ئۆمرىدە ئوينىغان روللىرى ئۇچۇن يادلىغان سۆزلىرىمۇ قېلىن بىرنەچچە كىتاب بولۇشى مۇمكىن...

ئۇ چاغدا سەھنىدە تېخى ئاۋاز كۈچەيتىدىغان ئەسۋاب، مىكروفون دېگەن نېمىلەر يوق ئىدى. سەھنە كىتابىدىكى سۆز ۋە ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى تاكى ئاخىرقى رەتتە ئولتۇرغان تاماشىبىن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، ئېنىق ۋارقىراشقا توغرا كېلەتتى. جارۇللايوفنىڭ قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى «زىما تاڭگازا!» دەپ ۋارقىرىغىنى، موزدۇزخانىلاردا، توي - تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن تەبىئىي ئاۋاز تەربىيىلەش جەريانى بولغانىدى... جارۇللايوف قاتارلىق پېشقەدەملەر دراممىلاردا رول ئېلىشقا باشلىغان 30 - يىللاردا تېخى بىزدە دراممىچىلىق توغرىسىدا مۇكەممەل بىلىم، تەجرىبىلەر يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىنى يېڭىدىن باشلىغان، ھەممىنى ئىجادىي ياراتقان. يول يوق يەردە يول ئاچماق ھامان مۇشكۈل بولىدۇ،

ئەمما دەسلەپكى يولۇچى بىسىپ ئۆتكەن ئاشۇ ئەگرى ـ توقاي سوقماق يول بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى داغدام يوللارمۇ بولمىغان بولاتتى...

1962 ـ يىلى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى «ئارشىن ـ مال ئالان»نى قايتا ئوينىماقچى بولدى. لېكىن، ئاساسىي قەھرىمان ئەسقەرنىڭ رولىغا مۇۋاپىق ئارتىس بولمىغانلىقتىن ئويۇن ۋاقتىدا سەھنىگە چىقالمىدى. بۇ چاغدا جارۇللايوف ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. يولداشلار ئۇنى ئەسقەر رولىغا چىقىپ بىرنەچچە مەيدان ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ: «يېشىم ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدى بۇ رولنى ياشلار ئوينىسۇن» دەپ ئۇنىمىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئوبلاست باشلىقى جاڭ شىگۇڭ جارۇللايوفنى چاقىرتىپ:

— سىز بىلەمسىز، بىزنىڭ مېي لەنفاڭ دېگەن بىر ئارتىسىمىز بار؟ — دېدى.

— بىلىمەن.

— ھازىر ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، ياشىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ھازىرغىچە رولغا چىقىپ، چەت ئەللەردە ئويۇن قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا سىز تېخى ياش. يەنە بىرنەچچە مەيدان ئويناپ بېرىڭ. ياشلارغا ئۈلگە بولۇپ قالسۇن.

جارۇللايوف ئۆز ئۆمرىدە ئەسقەر رولىنى تالاي قېتىم ئوينىغانىدى. قەھرىمانىنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ياد ئىدى. ئۇ رېپېتىتسىيە زالىغا كېلىپ ئەسقەر رولىنى رېپېتىتسىيە قىلىپ باققاندا ئەتراپتىكى ياش ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئەسقەر رولىغا تەربىيىلىنىۋاتقان يىگىت:

— يائاللا! مۇنداق ھەقىقىي ئەسقەر تۇرغان يەردە مەن سەھنىگە چىقىۋالسام قانداق قاملىشىدۇ، — دەپ بۇ رولنى

ئېلىشتىن بىراقلا باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رولغا جارۇللايوف ئۆزى چىقىشقا مەجبۇر بولدى.
بۇ قېتىمقى «ئارشىن - مال ئالان» 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە يىگىرمە نەچچە مەيدان ئوينالدى. ئېھتىمال شۇ قېتىم بۇ ئويۇننى كۆرمىگەن ئادەم قالمىدى. بۇ جارۇللايوفنىڭ ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى... 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى — جارۇللايوفنىڭ سەھنە كىتابلىرىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رول ئالغان كېچىلىكى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتىمۇ تەكشىسىز يىللار بولدى...
ئادەمنىڭ ئۆمرى ئېقىن سۇغا ئوخشىشىدۇ. بەزىدە ئۇ كەڭ تۈزلەڭدە يېيىلىپ جىمجىت ئاقىدۇ. بەزىدە تار قىستاڭلاردىن ئۆتكۈچە تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ رەھىمسىز دولقۇنلار ئارىسىدا قالىدۇ...
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا جارۇللايوف نۇرغۇن قېتىم «ئۆگىنىش كۇرسى» غا قاتنىشىپ ئۆزىنى تەكشۈردى. چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويغانلىقى ئۈچۈن «شىۇجېڭجۇيىچى» ، «ئىككى يۈرەك» ، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» ئاتالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ساقچىدا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن «ئىشپىيون» دېگەن گۇمان ئاستىدا قالدى. «سېرىق ناخشىچىلارنىڭ پىرى» دەپ سوراقىقا تارتىلدى ۋە ئۇرۇلدى. «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن ھەر خىل جىسمانىي ئەمگەكلەرگە قاتناشتى. ئۇ ساقلىغان نۇرغۇن قىممەتلىك رەسىملەر، تىياتىرنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى مۇشۇ يىللاردا يىتتى.
ئىجاد قىلغۇچىلار، سەنئەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋر تولىمۇ قىممەتلىك. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئاشۇنداق يىگىرمە يىلدىن زادى قانچىسى بولىدۇ! ... ئارتىسنىڭ

هاياتتىن تاپىدىغان خۇشاللىقى، شۆھرىتى سەھنىگە باغلىق. ئارتىس ياش قۇرامىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، ئاۋازىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكى قاتارلىق تەبىئىي سەۋەبلەر، ياكى بولمىسا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي سەۋەب تۈپەيلىدىن سەھنىدىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەھنىدىن ئايرىلغاندا ئارتىس قانداقلا بولمىسۇن تەقدىرگە تەن بېرىدۇ؛ ئەمما سەھنىگە چىقىش قۇدرىتى تولۇق مەلۇم ئىجتىمائىي توسالغۇلار سەۋەبىدىن سەھنىدىن چۈشۈپ قېلىش ئارتىسقا ناھايىتى قاتتىق روھىي ئازاب ئەكېلىدۇ. جارۇللايوف جاڭ شۈجى مەسىلىسى ئالغان ھېلىقى مەشھۇر ئارتىس مېھى لەنفاڭدەك يەنە قانچە يىللارغىچە سەھنىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۈچۈش ئىقتىدارى تولۇق ئۇچالمىغان، قانات - قۇيرۇقى باغلاقلىق قۇشقا ئوخشىشىپ قالدى. بۇ ئېگىز - پەس يىللار تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ئاخىر ئۆتۈپ كەتكەندە، جارۇللايوف سەھنىگە چىقىش ياش قۇرامىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەنىدى...

※ ※

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف پېشقان دراما ئارتىسى، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىدا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ... جارۇللايوف تىياتىر ساھەسىدە ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ھاياتىدا سەھنىلەردە خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلدى، كىتابلاردا رول ئالدى، ئۆمەكنىڭ ھەر خىل رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە بولدى، رېژىسسورلۇق قىلدى؛ ھەتتا 1959 - يىلى ئىشلىگەن، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى مەدھىيىلەيدىغان «مەڭگۈ دوستلۇق» كىنو فىلىمىدا رول ئالدى

ۋە يەنە مۇشۇ دەۋردە بىزنىڭ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بارلىق ئىسسىق ـ سوغۇق، شادلىق ۋە ئەلەملەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى...

تالاي يىللار ئىلگىرىلا جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىغا داڭلىق ئۇستاز ھاسان تەمبۇر: «ئابدۇۋەلىنىڭ ناخشىلىرىدىن جېلىلىيۇزى، تۇرپانيۇزىلەردىن ھارۋا ھەيدەپ كىرىدىغان دېھقانلار ناخشىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ» دەپ باھا بەرگەنىدى. جارۇللايوف ئېيتقان ناخشىلاردا ھەقىقەتەنمۇ دېھقانلارنىڭ، تېرە زاۋۇتتا ئىش تىكىۋاتقان موزدۇزلارنىڭ، مويكىدا يۇڭ چايقاۋاتقان ھېلىقى ئىشلەمچىلەرنىڭ، رامىزان ئېيتىپ ماڭغان پانۇسچىلارنىڭ، ئالتۇنلۇق تەرەپتىن كېلىدىغان ھېلىقى ئۈچ قەلەندەرنىڭ، يامۇل ئارقىسىدىكى نودىن سۇ تارتىۋاتقان ئىسراپىلنىڭ... تۇرمۇشتىكى شۇنداق تالاي ـ تالاي ئادەملەر ناخشىسىنىڭ پۇرىقى بار.

سەھنە كىتابىدىكى پېرسوناژلار، ئۇ تېخى ئۆلۈك نەرسە، ئارتىس ئۇنىڭغا ئۆز ھېسسىياتىنى، يۈرەك قېنىنى بەرگەندىلا ئاندىن ئۇ تىرىلىپ، تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. جارۇللايوف ئۆز تۇرمۇشىدا مۇكچەيگەن كاسىپلارنى، كوچىلاردىكى قەلەندەرلەر، مەدداھلار، بازارلاردا تىرىكچىلىك كويىدا تەمتىرەپ يۈرگەن خىلمۇخىل ئادەملەرنى كۆرمىگەن بولسا ئۇنىڭدا ھاياتقا بولغان قايناق ھېسسىياتمۇ بولمىغان بولاتتى. سەھنىدىكى ئوبرازلارنىمۇ جايىدا يارىتالمىغان بولاتتى.

※ ※

بىر سەنئەتچىنىڭ ئارمىنى نېمە؟ مەنسەپمۇ، بايلىقمۇ، شۆھرەتمۇ؟... مىڭلىغان تاماشىبىنلار كۆز تىكىپ تۇرغان كەڭ مەيدان، ئۈزۈلمەي ياڭراۋاتقان گۈلدۈراس ئالقىشلار... ھەرقانداق ئارتىس ئەنە شۇنداق ھالەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى خالايدۇ.

لېكىن، تەقدىر ناھايىتى رەھىمسىز. ھەرقانداق ئادەم قېرىيدۇ، ھۈنەرمۇ قېرىيدۇ، بەزىدە تەقدىرنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن دولقۇنى ئۆمۈر ئېقىنىنى شۇ كىشى ئۆزى خالىمىغان تەرەپكە بۇراپمۇۋېتىدۇ...

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفتىن مەن:

— ھاياتتا نېمە ئارمىنىڭىز بار؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

— شۇنچە كۆپ ناخشىلارنى ئېيتىپتۇق، شۇنچە كۆپ روللارغا چىقىپتۇق. لېكىن، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا يا ئۈنئالغۇ، يا سىنئالغۇ دېگەن نېمىلەر يوق ئىدى. ئېيتقانلىرىمىز، ئوينىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى. ھېچبىر ئىزناسى قالمىدى. بىزگە قارىغاندا بۈگۈنكى ياشلار ئامەتلىك كەلدى! — دېدى.

ياشانغان كىشىلەر ئاغزىدىن بىز دائىم تېخى يېقىنقى زامانلاردىلا ئىلىدا ئۆتكەن كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم، غازى كور، ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، ھۈسىيىن تەمبۇر، جامى ئاكا، روزى تەمبۇر، رۇشىدىن ئاكا، ساۋۇتكام بېدىك، ئاق تېيىپ ھاجى، جانى يولداشوف ۋە يەنە شۇنداق داڭلىق چالغۇچى، ناخشىچىلار ھەققىدە ئاڭلايمىز. لېكىن زادى ئۇلار قانداق چالغان، ناخشىلارنى ئېيتىش، ناخشا سۆزلىرىنى ئېلىش ئۇسلۇبى قانداق ئىدى؟ ئۇلارنىڭ تۇتقان تەمبۇرلىرى، ناخشا سۆزلىرىنى خاتىرىلىگەن دەپتەرلىرى بارمىدى؟ بار بولسا قەيەردە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قاراڭغۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم تۇتقان ساتار كېيىنكى يىللاردا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئوردىسىدا ساقلانغانىكەن. كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم ۋاپات بولۇش ئالدىدا دۇئا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇقام سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتىرىنى ھاسان تەمبۇرگە قالدۇرغانىكەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ بار- يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، يىغىپ تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار تېخى ھازىرغىچە

ئــوتــتــۇرىــغا چىقمىدى… پەن نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىــللارنىــڭ ئــالــدىدا بــوشــلۇققا ئۇچۇپ كەتكەن ئاۋازلارنى يىــغىــۋالالايدىغان بىر ئەسۋاب ياساشنى ئىزدىنىۋېتىپتۇدەك، راســتــتىنلا مۇشۇنداق بىر ئەسۋاب ئىجاد بولسا كارامەت ئىش بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا بىز نامى بىزگە مەلۇم بولغان ياكى بــولمىغان نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاپ، ھەقىقىي باھا بېرىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان بولاتتۇق.

پــېــشقــەدەمــلــەرنــىــڭ بــۈگــۈنكى كۈندە لېنتىغا ئېلىنغان ناخشىلىرى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شۆھرەت قازانغان چاغلىرىدىكى ھــەقىقىي تالانتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ؛ ئۇ ئۇلارنىڭ تــولغان، تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتلىرىنىڭ خاتىرىسى ئەمەس، بــەلــكــى چــېكىنگەن، ئاجىزلىغان ۋاقىتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. بۇنداق لېنتىلار بەزىدە ئاڭلىغۇچىدا «تايىنلىقكەنغۇ؟!» دېگەن ئەكسى چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ…

مــەشــھــۇر مــۇقام ئۇستىسى تۇرداخۇن ئاكىمۇ مۇشۇنداق تــەقــدىــرگە دۇچ كەلگەندى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلغاندا ياش قۇرامى ئاللىبۇرۇن بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ ئۇلۇغ ساز ئۇستىسىنىڭ شۇ يېشىدا ئېيتقان ناخشىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تازا قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىدىكى مۇزىكا قۇدرىتىنىڭ تەخدىشىىز ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئــاتــاقــلــىق چالغۇچىمىز مۇساجان روزىنىڭ قولىدا مەن ئۇنىڭ مــۇقــامــلارنــى تــۇرداخــۇن ئــاكــا ئــېــيــتــقــان تــەرتىپ بويىچە جــەدۋەلــلــەشــتۇرگەن بىر گرافىكنى كۆرگەنىدىم (بۇ جەدۋەل خىمىيە ئالىمى مېندېلېيېۋنىڭ ئاتوم دەۋر جەدۋىلىگە ئوخشىشىپ كــېــتــىــدىــكــەن). بــۇ ماتېرىيالدىن تۇرداخۇن ئاكىنىڭ بەزى مــۇقاملارنى بىرقەدەر تولۇق ئېيتقانلىقىنى، بەزى مۇقاملارنىڭ بەزى تارماقلىرىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بــولــىــدۇ. ئــەگــەر بۇ لــېــنــتــىغا ئېلىش يىگىرمە يىل ياكى

ھېچبولمىغاندا ئون يىل ئالدىدىراق ئىشلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى چوقۇم يەنە باشقىچىرەك بولاتتى.

ئەينى يىللاردا، ئون ئىككى مۇقام لېنتىغا ئېلىنىش ئۈچۈن تاللانغان جاي — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك قەدىمىي قارىياغاچلار ھەر تەرەپكە شاخ يېيىپ كەتكەن ناھايىتى ھاۋالىق جاي ئىكەن. جارۇللايوفنىڭ ئەسلىشىچە: ئون ئىككى مۇقام لېنتىغا ئېلىنىۋاتقان چاغدا، بەزى دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا تۇرداخۇن ئاكا بىلەن روزى تەمبۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەنە شۇ قارىياغاچلىقتا ئاستا مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشاتتىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى ساز ئۇستىسىنىڭ شۇ چاغدىكى سۆھبەت تېمىسى نېمە بولغان؟ ئۇلار نېمىلەر ئۈستىدە شۇنچە قىزغىن پاراڭلاشقان؟ بۇ ئىشقىمۇ ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، ھېچكىممۇ خاتىرە قالدۇرمىغان.

※ ※

شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. سېپىلنى ياقىلاپ لەگلەك ئۇچۇرغان بالىلىق دەۋرلەر، موزدۇز ئارىسىدا ئۆتكەن تۇرمۇش بىر ئويلىسا تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك، بىر ئويلىسا ناھايىتى يىراقتىكى چۈشتەك بىلىنىدۇ. ئۇ چاغدىكى تۇرمۇش ئېغىرمىدى، يېنىكمىدى؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس؛ جارۇللايوف ئۇ چاغلاردا ياش ئىدى، ياشلىق بولسا ئۈمىد بىلەن تولغان دەۋر، كەلگۈسىدە ئۆزىنى نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ ياشايدىغان دەۋر، مۇنداق چاغدا بەزىدە تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىمۇ بىلىنمەي قالىدۇ… قىزغىن سەھنە ھاياتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دەۋردە ئېيتقان ئوتلۇق ناخشىلار، سەھنىدە سۆزلەنگەن يالقۇنلۇق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ، ھېچنېمىدىن ئىزنا قالمىدى… لېكىن، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف

بىزگە يەنە كۆپ نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ كەلدى.

ناخشا ۋە ئاھاڭلارنى نوتا بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشنى تېخى ئادەت قىلمىغان بىر مىللەت بۇ سەنئەت بايلىقلىرىنى كېيىنكىلەرگە قانداق يەتكۈزىدۇ؟ شەھەرمۇ شەھەر ئېقىپ يۈرگەن مۇساپىر - غېرىبلار، چۆل - دەشتلەرنى كېزىپ، ھۆكمەت ئوقۇپ يۈرگەن ئاشىقلار، ئورما ئورۇۋاتقان دېھقان، دوپپا تىكىۋاتقان ئاياللار... بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ناخشىسىدا ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى بار. ئەنە شۇ ئاددىي خەلق سەنئەتنىڭ ئۆتمۈشىنى كەلگۈسىگە ئۇلىغۇچىلاردۇر... ھەقىقىي خەلق سەنئەتچىسى — يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا — شۇ مىللەتنىڭ سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگۈچى. جارۇللايوف ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەنئەت تارىخىدا نۇرغۇن ئاھاڭ ۋە ناخشا بېيىتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلدى.

1959 - يىلىلا مەركەزدىن شىنجاڭغا كەلگەن مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جيەن چىخۋا جەنۇبىي شىنجاڭدىن خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاپ ئايلىنىپ غۇلجىغا كەلگەندە ئابدۇۋەلى جارۇللايوفقا دىققەت قىلغانىدى. جيەن چىخۋا شۇ قېتىمدا جارۇللايوفنىڭ يۈزدىن ئوشۇق ناخشىسىنى لېنتىغا ئالغان. بۇ قېتىمقى ئاۋازغا ئېلىش ئاددىي بىر ئېغىزلىق ئۆيدە، كىچىك بىر ئۇنئالغۇ ئارقىلىق ئىشلەنگەن. ئۇ چاغدا بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ماتېرىيال قىلىپ ساقلاش ئۈچۈن لېنتىغا ئېلىنغانلىقتىن جارۇللايوف كۆپىنچە ناخشىلارنى پەقەت بىر كۇپلېتتىنلا بېيىت سېلىپ ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن. ناخشىغا ئەمەتخان بارات، زوردۇن نۇسرەت، ئابلاخان، ھۇسەنجان ھەسەنلەر ساز چېلىپ بەرگەن. مانا ھازىر بۇ ھۆرمەتلىك سازەندىلەرنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. جيەن چىخۋا جارۇللايوف ئېيتقان ناخشىلارنىڭ لېنتىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ

بوران ـ چاپقۇنىدىن سالامەت ئۆتكۈزۈپ، كېيىن بۇ ناخشىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى.

جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىدا قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ، يېزا دېھقانلىرىنىڭ ناخشىسىنىڭ پۇرىقى ساقلىنىپ قالغاچقا، مۇناسىۋەتلىك يولداشلار: «جارۇللايوفنىڭ ئاۋازى، ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە» دەپ قارايدىكەن. 1976 ـ يىلى ۋە 1981 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئابلىز شاكىر، تۇرغان شاۋۇدۇن، يۇسۇپجان قاتارلىق يولداشلار كېلىپ جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك لېنتىغا ئالدى.

1981 ـ يىل 2 ـ سان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا جارۇللايوف «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە سۆز» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى ئەسلەپ ئۆتتى ۋە بۇ ماقالە بىلەن بىللە بىرنەچچە پارچە مۇھىم تارىخىي رەسىملەرنى بەردى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 4 ـ ساندا جارۇللايوفنىڭ يەنە ئىلىدا ئۆتكەن پېشقەدەم سازچىلارنى ئەسلىگەن «ئۇستازلارنى ئەسلەيمەن» دېگەن ماقالىسىنى باستى. بۇ ژۇرنالنىڭ 1983 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا جارۇللايوف يولداش جالالىدىن پەخىردىن بىلەن بىرلىشىپ رەتلىگەن «ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى» ئېلان قىلىندى. جارۇللايوفنىڭ 1986 ـ يىل «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا مۇزىكانت زىكرى ئەلپەتتانىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان ئەسلىمىسى بىر سەنئەتكارنىڭ ئۆز سەپدىشىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر ئېچىنىشى، ئۇنىڭ ھاياتىغا بولغان ھالال باھاسى، سەمىمىي سۆزلىرى بىلەن تولغانىدى.

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» يېقىندا ئۇنىڭ ئابلىكىم

ئابدۇللا، تۇرغان شاۋۇدۇن قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»ناملىق كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

جارۇللايوفنىڭ ياش قۇرامى سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇ ھازىرمۇ ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ قالغىنى يوق. بۇلتۇر (1986 - يىلى) خۇدىيارىيۇزىدە بولغان چوڭ مەشرەپ تېخى ھەممىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. بۇ مەشرەپكە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىدا ئېچىلغان «ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى»غا چاقىرتىلغان شائىر - يازغۇچىلار، ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ دېھقانلىرىدىن بولۇپ بەش مىڭغا يېقىن ئادەم توپلانغانىدى. مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مىكروفون ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتقاندا، توپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان پېشقەدەم دېھقانلار ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى... خىلمۇخىل ناخشا ئېيتىش پاسونلىرى بازار تېپىۋاتقان ھازىرقى زاماندا ياشلارغا بەلكىم ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشىسىنىڭ ھېچقانچە قىزىقى يوقتۇر، ئەمما كۆزىگە ياش ئالغان ھېلىقى دېھقانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئاۋازى تولىمۇ تونۇش، تولىمۇ يېقىملىق؛ بۇ ناخشا ئۇلارنى تەسىرلەندۇرەلەيدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى، ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىدۇ...

1986 - يىل 11 - ئاي — 1987 - يىل 6 - ئاي، غۇلجا

# خاتىمە

بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى نەشردىن چىقىپ، ئارىدىن ئون يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئالەمدىن ئۆتتى؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلانغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى ئارىمىزدىن كەتتى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىشىتكەن چېغىمدا ئۇرۇمچىنىڭ تۇتەك ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇرغان ئېگىز بىنالىرى، قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇتلار قاپلىغان كۆز ئاسمىنى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىلىنىپ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى... شۇ كېچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدىن ئۈچەدەرۋازىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرى، شىرغىپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلار، كوچا دوقمۇشلىرىغا يايمىلىرىنى يېيىپ قىزغىن سودا قىلىشىۋاتقان باققاللار كەتمەيتتى. رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئەتكەن ئابدۇۋەلى ئاكا يېشى توقسانغا قاراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ يەنە قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئاشۇ تېرەكلىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ تۇراتتى. جارۇللايوفنىڭ ئۆيى تەرەپتىكى ساي مەسچىتىنىڭ ھۆرمەتلىك ئىمامى ئوبۇلقاسىم خەلپىتىم ئابدۇۋەلى ئاكىغا باھا بېرىپ: «بۇ كىشى يېشىنىپ قالغان بولسىمۇ قېرىلىق بىلەن تەڭ كېلىدىغان ئۈچ نەرسىدىن خالىي ئۆتتى. بىرىنچىدىن، قەددى پۈكۈلمىدى، ئىككىنچىدىن، قولىغا ھاسا تاياق تۇتمىدى، ئۈچىنچىدىن، بىرمۇ چىشى چۈشۈپ كەتمىدى. بۇمۇ بىر مۆجىزە» دەپ باھا بەرگەندى. راست

دېگەندەك ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ گۈرۈچتەك ئۈششاق چىشلىرى رەتلىك، پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ئورۇق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي بىر سەنئەتكارغا خاس چېچەنلىك، پاكىزلىق، غۇرۇر ۋە سالاپەت مۇجەسسەم ئىدى. ھەر دائىم شۇ كوچىلاردا ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا، ئۇنىڭ ئايغىنىنىڭ يېڭىلا بازاردىن ئېلىپ كىيىۋالغاندەك پارقىراپ، غاچىلداپ تۇرىدىغىنىغا ھەيران بولاتتىم. ئەنە شۇنداق بىرقانچە مويسىپىتلار بىزنىڭ ئۇ ئۇچەدەرۋازىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بەزى كۈنلىرى ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ھېلىقى باققاللارنىڭ سودىسى قىزىپ تۇرىدىغان چوڭ كوچىغا چىقىپ، كىملەردۇر قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا ئادەملەر تىقىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ كوچىلارنىڭ ئۆتمۇشى، ئۇچەدەرۋازا، توغرىكۆۋرۈك ۋە بەلكىم پۈتۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇشۇ بىر ئەسىرلىك تارىخى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۆتمۇش توغرىسىدىكى ئۇ ئېيتقان ۋە تېخى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇن خاتىرىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتتى... شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئېسىمگە مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ داۋۇتجان ناسىر ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مۇنۇ بىر كۇپلېت مەرسىيىسى كېلىپ قالدى:

> غۇلجىنىڭ پەركايى ئۇچقاندەك سېزىلدى ئاشۇ كۈن،
> چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى كەم بۇلبۇل ئۇچۇپ.
> ئا. جارۇللايوف تۆكۈپ ياش، كۆلكىدىن قاپتۇ ھېسام،
> يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ...

ماڭا غۇلجىنىڭ پەركايى يەنە بىر قېتىم ئۇچۇپ كەتكەندەك بىلىندى...

※ ※

كۆز ئالدىمغا يەنە غۇلجىدىكى بىر ئېغىز ھۇجرام كەلدى. بۇ بىر ئۇستەل، بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان ئاددىيلا بىر ئۆي. ئابدۇۋەلى ئاكا ئىككىمىز «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە سۆز» دېگەن ئۇزۇن ماقالىنى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرلىكتە يازغان؛ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە پۈتۈپ چىققان؛ يەنە مەن قولىڭىزدىكى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ھاياتىغا بېغىشلانغان بۇ كىتابىمنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن بۇ ئۆيدە تالاي كۈنلەر پاراڭلاشقان.

ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە يېتىپ كېلەتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ «ئەھە!» دەپ يۆتىلىپ قوياتتى. مەن ئالدىغا چىقاتتىم. بىز سائەت تۆتكىچىلا ئىشلەيتتۇق. ئۇنىڭ زېھنى ئوچۇق، خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئۇزۇن يىللار ئالدىدىكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەسكە ئالاتتى... پاراڭلىشىۋاتقان چېغىمىزدا ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئاياپ تاماكىنى ئىلاجى بار چەكمەيتتىم. ئابدۇۋەلىكام بەزىدە كۈلۈپ:

— ھە، تاماكاڭغا قاراپ، قاراپ قويىسەنغۇ؟ چېكىۋەر، چېكىۋەر. دېرىزىنى يوغانراق ئېچىۋېتىپ چېكىۋەر! — دەيتتى. سائەت دەل تۆت بولغاندا ئۇ، — سائىتىڭگە قارىغىنە، تۆت بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە پاراڭلاشساق بولار، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلەتتى.

بەزىدە تاماق تەييار بولۇپ قالغان بولسا ئايالىم ئۇنى تاماق يەپ كېتىشكە زورلايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاۋۋال:

— نېمە تاماق ئېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سورايتتى.

— لەغمەن، — دېسە،

— ھە، لەشمەن بولسا ئازراق يەپ قويای، لازىنى جىق سالمىغانسىز؟… ماڭا قاراڭ تۇرسۇنئاي، ماڭا بىر پىلتا، ياپىلاق قىلىپ بىرلا پىلتا سېلىڭ ـ ھە، جىق يېيەلمەيمەن، — دەيتتى.

راستىنلا ئۇ ئوشۇق تاماق يېمەيتتى، تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى بار ئىدى.

بەزىدە ئابدۇۋەلى ئاكىنى ئىزدەپ ئۆيىگە باراتتىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغلىق بىر قورو پەيدا بولىدۇ. ئېرىق بويىدىكى ئۆرۈك، ئالۇچىلار، ئۆيىنىڭ ئالدىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى، شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي بولۇپ كەتكەن دۆشەش، تەبىئىي ئۆنۈپ قالغان بىر تۈپ چىغىرتماق… ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تازا ۋە جاي ـ جايىدا. قاچانلا بارماي ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئامىنە ھەدىنىڭ ھويلا ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر يۆتكەپ، رەتلەپ، قەيەرلەرنىدۇر كىتىرلىتىپ سۈپۈرۈپ، تازىلاپ يۈرگىنىنى كۆرەتتىم. سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن ئابدۇۋەلى ئاكا ئازغىنە بىر كىشىلىك مائاشىنى تېجەپ ئىشلىتىپ، مانا مۇشۇ قورودا بالىلىرىنى قاتارغا قاتقان؛ داغدۇغىسىز، ھەشەمەتتىن خالىي، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆتكەن.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ۋاپاتىنىڭ ئالدىدا غۇلجىغا يەنە بىر قېتىم بارغىنىمدا، ئابدۇۋەلى ئاكىنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئابدۇۋەلى ئاكا ئۆيىدە ياتقانىكەن، ئامىنە ھەدىمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچ ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى. تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىغان بۇ ئىككى ھەمراھسىز ماڭا بۇ ھويلىدىكى گۈللەر سولىشىپ، ھويلا ئىچى چۆلدەرەپ قالغاندەك بىلىندى. نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى…

ئابدۇۋەلى ئاكا يەنە ھوشيار ياتاتتى.

— قارا، بىر يىقىلغان باھانە بىلەن ئورنۇمدىن تازا تۇرۇپ

كېتەلمەيۋاتىمەن، بولمىسا باشقا يېرىمدا چاتاق يوق. ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟ ھۇسەنجان، غىياسىدىنلا ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟... ماۋۇ كىشىنى تونۇيدىغانسەن؟ — دەيتتى ئۇ ئۇزۇن يىللار بىرى ساقلاپ كېلىۋاتقان تارىخىي رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئابدۇنەبى ماناپوف بولىدۇ، ماۋۇ مەرۇپكام. بۇلار توغرىسىدا تېخى ھېچكىم بىر نەرسە يازغۇدەك بولمىدى. مانا بۇ تۇرداخۇن ئاكا...

مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپلا خىيال كەپتىرىم يىراقلارغا ئۇچتى.

جارۇللايوف ساقلىغان سەنئەتكارلارنىڭ بارلىق فوتو سۈرەتلىرىنى يىل تەرتىپى بويىچە تىزسىمۇ ئالدىنقى بىر ئەسىردە ئىلى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكەن داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ تۇرداخۇن ئاكىغا يۈكسەك ھۆرمىتى بار ئىدى. ئۇ ساقلىغان فوتو سۈرەتلەر ئىچىدە تۇرداخۇن ئاكىنىڭ سۈرىتى يەنە ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى.

ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ 1951 - يىلى داڭلىق سازەندە روزى تەمبۇر بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى لېنتىغا بېرىشتە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىكى يەنە بىر ئۆچمەس سەھىپە. بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن 1992 - يىلى، جۇڭگو مۇقام پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا، «ئون ئىككى مۇقام سەنئەتكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

※ ※

بۇ قېتىم، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ھاياتىغا بېغىشلانغان، «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق بۇ كىتابنى قايتا نەشرگە تەييارلاشتا مەزمۇن جەھەتتىن بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم.

كىتابنى قايتا تولۇقلاپ يېزىشتا توختاخۇن ناسىر، ھاكىم تۇرسۇن، ئوبۇلقاسىم خەلپىتىم، ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ چوڭ قىزى مايمۇنەم ھەدىلەرنىڭ يېقىندىن قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يۈرىكىمنىڭ چىن تېگىدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ يول ئاچقۇچىسى، ئىجادچىسى، ئىجراچىسى، تەشكىلاتچىسى، ئۇزۇن يىللىق رەھبىرى ۋە ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ئىدى. ھايات ۋاقتىدا ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ بىرقانچە نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى؛ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا، «مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ئارتىس» ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف 1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 11:30 دە، سەكسەن توققۇز يېشىدا، غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ قايغۇلۇق دەملەردە سەنئىتىمىز ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بىر تۆھپىكارى بىلەن ۋىدالاشقان بولدى؛ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇڭداشقاق، يېقىن بىر قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدۇم...

2004 ـ يىل 3 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODg0MTQuemlw",
  "filename_decoded": "40188414.zip",
  "filesize": 14906253,
  "md5": "ddc7755bd68560ac1f8a08d8cefa32ad",
  "header_md5": "ecfcd7dedc5a6817d1836ec63dfe6635",
  "sha1": "5cf2b614a648a082f65232988338cfcaf8d0c9c6",
  "sha256": "68f27f7d9baabc3e0db03dbb5cb91307acdbeff822d69a62c1841ffef78633bd",
  "crc32": 2194280189,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 15404903,
  "pdg_dir_name": "\u2566\u03a9\u2558\u252c\u2569\u255f\u2500\u255f\u2564\u2219\u2563\u00b2\u255a\u00d1\u2561\u2500\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40188414",
  "pdg_main_pages_found": 266,
  "pdg_main_pages_max": 266,
  "total_pages": 279,
  "total_pixels": 1044061184,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}